www.uyghurkitap.com

فارابى

# پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ھۆرمەتجان فىكرەت
جاپپار ئەمەت



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

ئۇلۇغ ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبنى ئۇزلۇق ئىبنى تارخان ئەل فارابى مىلادىيە 870 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب ـ ئوترار ـ جەۋھەر شەھىرىنىڭ «ۋاسىج» ھەربىي قەلئەسىدە، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان توققۇز ئوغۇز ـ توققۇز ئۇيغۇر چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 950 ـ يىلى سۇرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىر يۈز ئاتمىش پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، ئىنسانىيەت مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىلەرنى قوشقان. گەرچە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى بىلەن خوشلاشقىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانىيەت پەلسەپە ئىدىيىسىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ھېلىھەم تىللاردا داستان بولماقتا. ئەمما ئالىم فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارغا تولۇق تونۇشتۇرۇلۇپ كەڭرى تارقىتىلمىغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەردىن روھىي ئوزۇق ئېلىشتىن خېلىلا يىراقتا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز خەلقىمىزنى فارابى ئەسەرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە ھۆرمەتجان فىكرەت تەرجىمە قىلغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، جاپپار ئەمەت

تەرجىمە قىلغان «ئەرەستۇ پەلسەپىسى»، «ئەپلاتون قانۇنلىرى-نىڭ ماھىيىتى»، مەھمۇت زەيدى تەييارلىغان «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى»، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن نەشرگە تەييارلىغان «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى بىرلەشتۇرۇپ بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇق. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاب بىزدە فارابىنىڭ تۇنجى نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر توپلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىممەتكە ئىگە.

# مۇندەرىجە


تەرجىمە قىلغۇچىدىن .................................. 1

فارابى كىم؟ .................................. 6

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى .................................. 16

1. دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق ھەققىدە .................................. 16

2. تەڭدىشى (شېرىكى) يوقلۇقى توغرىسىدا .................................. 18

3. زىتى (قارشى) يوقلۇقى توغرىسىدا .................................. 19

4. مۇقەددەس بارلىقنى تەرىپلەپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا .................................. 22

5. بىرلىكى، زاتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلۇغ ۋە تەڭرىنىڭ ئالىم، ھاكىم، ھەق، تىرىك ۋە ھاياتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .................................. 23

6. بۈيۈك تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا .................................. 29

7. پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا .................................. 32

8. مەۋجۇداتلارنىڭ مەرتىۋىلىرى (دەرىجىلىرى) توغرىسىدا .................................. 34

9. ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ بولغان دەسلەپكى بارلىقنى ئاتايدىغانناملار توغرىسىدا .................................. 35

10. سەۋانى (ئىككىنچى مەۋجۇتلۇقلار) ۋە كۆپلۈكنىڭ بولۇشى توغرىسىدا .................................. 37

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

11. ئارىمىزدىكى جىسىم ۋە بارلىقلار توغرىسىدا...... 39
12. ماددا ۋە شەكىل توغرىسىدا .................... 39
13. جىسمى بارلىقلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ماددىي جىسىملارنىڭ بۆلەكلىرى توغرىسىدا ................ 41
14. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرى توغرىسىدا ........................................ 44
15. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قەيەردە ئايلىنىدىغانلىقى، قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا...... 46
16. دەۋرىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئورتاق تەبىئەتلىرىدىكى ھاللار توغرىسىدا.................................. 48
17. دەسلەپكى شەكىلنى ۋە دەسلەپكى ماددىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەبلەر توغرىسىدا.............. 50
18. بار بولغان ماددىي جىسىملارنىڭ دەرىجىلىرى توغرىسىدا.............................................. 51
19. ماددىدىكى شەكىللەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ...... 54
20. روھنىڭ قىسىملىرى ۋە قۇۋۋەتلىرى توغرىسىدا ...... 60
21. بۇ قۇۋۋەتلەر ۋە بۆلەكلەرنىڭ قانداقسىگە يەككە بىر روھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا .......................... 64
22. نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ قانداق ۋە قەيەردىن چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................................ 73
23. ئىرادە بىلەن ئىختىيار ئارىسىدىكى پەرق ۋە بەخت توغرىسىدا ........................................... 76
24. چۈشلەرنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ................ 79
25. ۋەھىي ۋە مالائىكىلەرنى (پەرىشتىلەرنى) كۆرۈش توغرىسىدا ........................................ 84
26. ئىنسانىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىشكە بولغان ئېھتىياجى توغرىسىدا ........................ 87

27. هاكىم ئەزا توغرىسىدا ........................ 90
28. پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ (رەئىسىنىڭ)
سۈپەتلىرى توغرىسىدا ........................ 96
29. پەزىلەتلىك شەھەرگە قارىمۇ قارشى بولغان
شەھەرلەر توغرىسىدا ........................ 100
30. روھلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بىرلىشىشى
توغرىسىدا ........................ 105
31. سەنئەتلەر ۋە بەختلەر توغرىسىدا ........................ 106
32. بۇ [جاھىل] شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا........ 108
33. پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىگە ئورتاق بولغان نەرسىلەر
توغرىسىدا ........................ 111
34. جاھىل ۋە نادان شەھەر ئاھالىسىنىڭ پىكىرلىرى
توغرىسىدا ........................ 115
[35. جاھىل شەھەر چۈشەنچىسىدىكى] ئادالەت ... 121
[36. جاھىل شەھەر ئاھالىسىنىڭ قارىشىدىكى]
ئىتائەتمەنلىك........................ 124
37. جاھىل شەھەرلەر توغرىسىدا ........................ 129
ئەرەستۇ پەلسەپىسى ........................ 137
بىرىنچى بۆلۈم ........................ 137
ئىككىنچى بۆلۈم ........................ 169
ئۈچىنچى بۆلۈم ........................ 171
تۆتىنچى بۆلۈم ........................ 177
بەشىنچى بۆلۈم ........................ 186
ئالتىنچى بۆلۈم ........................ 187
يەتتىنچى بۆلۈم ........................ 190
سەككىزىنچى بۆلۈم ........................ 192
توققۇزىنچى بۆلۈم ........................ 198

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئونىنچى بۆلۈم ........................ 204
ئون بىرىنچى بۆلۈم ........................ 205
ئون ئىككىنچى بۆلۈم ........................ 213
ئون ئۈچىنچى بۆلۈم ........................ 213
ئون تۆتىنچى بۆلۈم ........................ 215
ئون بەشىنچى بۆلۈم ........................ 216
ئون ئالتىنچى بۆلۈم ........................ 218
ئون يەتتىنچى بۆلۈم ........................ 219
ئون سەككىزىنچى بۆلۈم ........................ 219
ئون توققۇزىنچى بۆلۈم ........................ 220
ئەفلاتۇن قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى ........................ 225
بىرىنچى بۆلۈم ........................ 228
ئىككىنچى بۆلۈم ........................ 237
ئۈچىنچى بۆلۈم ........................ 244
تۆتىنچى بۆلۈم ........................ 251
بەشىنچى بۆلۈم ........................ 256
ئالتىنچى بۆلۈم ........................ 261
يەتتىنچى بۆلۈم ........................ 267
سەككىزىنچى بۆلۈم ........................ 270
توققۇزىنچى بۆلۈم ........................ 275
شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە ........................ 279
ئا. ئىرساۋنىڭ مۇقەددىمىسى ........................ 279
شېئىر كىتابى ........................ 299
فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ........................ 310
ئەبۇ ناسىر فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى ........................ 316

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇناسىر فارابىنىڭ نامى شەرقتىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. فارابىنىڭ ئارستوتىلدىن كېيىنكى بۈيۈك دانىشمەن سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپ «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ تەرىپلەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە، جۈملىدىن پەلسەپە ساھەسىدە ئېرىشكەن شۆھرىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭمۇ ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىدىن بىرى ئىدى. فارابى ئىلمىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە (پەلسەپە، لوگىكا، تىل، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىلاھىيەتشۇناسلىق. . . ) دېگەندەك كىرگەن ھەم بۇ ساھەلەردە ئۆز زامانداشلىرىنى تاڭ قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە مەخسۇس رىسالىلەر، كىتابلار يېزىپ قالدۇرغان. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان فارابى ئەسەرلىرى كاتولوگىدىن قارىغاندىمۇ فارابىنىڭ ئەسەرلىرى 200 پارچىدىن ئاشىدۇ.

فارابىنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىلا ئىبراي، لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، بەزى ئەسەرلىرى قايتا ـ قايتا بېسىلغان. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە غەرب ئالىملىرىنىڭ فارابىغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ، كۆپلىگەن شەرقشۇناسلار، ئىسلامشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىققىتىنى فارابى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن فارابى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار تېخىمۇ كېڭىيىپ شەرقشۇناسلىقنىڭ ئايرىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە فارابىشۇناسلىق تەتقىقات شەكىللەندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسەرلەر ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. فارابىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلەر، ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تۇردى. فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر قايسى تىللاردىكى (ئىنگلىز، نېمىس، رۇس، لاتىن، ياپون، تۈرك تىللىرىدا) يېڭى تەرجىمىلىرى يورۇققا چىقتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەردىن ئۆزبېكىستان بىلەن قازاقىستاندا فارابى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، فارابىنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ نەشر قىلىش جەھەتتە كۆپلىگەن ئىلمىي ئىشلارنى ئېلىپ باردى.

ئەپسۇسكى، فارابىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان بىزدە بولسا، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» نىڭ مەرھۇم ئىبراھىم ئۆمەر ئەپەندى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان قىسمەن بابلارنىڭ تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا (1982 - يىللىق 2 -، 3 -، 4 - سانلاردا) ئېلان قىلىنغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تا ھازىرغىچە فارابىنى ئەسەرلىرى توپلىمىدىن بىرەرسىمۇ نەشر قىلىنغىنى يوق.

بۇ ئورۇندا ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە بولغان نۇرغۇن ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ قىسمەن تىزىملىكى بىلەنلا تونۇشقاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ جىسمى - ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى

بىلەن تونۇشالمايۋاتىمىز. مەنىۋى جەھەتتىن قاغجىرىغان، بارغان-سېرى گادايلىشىپ، روھىي كرىزىسقا دۇچ كېلىپ قېلىشىمىز-نىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسىمۇ ئېھتىمال مۇشۇ نۇقتىدا بول-سا كېرەك. چۈنكى بىز روھىيىتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى بۇلاقلىرىدا سۇغۇرۇپ، ئاندىن ئۆزگە مەنبەلەردىن ئوزۇقلانساق روھىيىتىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك، قەدەملىرىمىز تېخىمۇ مۇستەھ-كەمرەك بولاتتى. ھازىرقىدەك روھىي داۋالغۇش، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تېڭىرقاپ كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقان مەنىۋى-يىتىمىزنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ «مەنىۋى گۈلزارلىق» ىمىزنى قايتىدىن تىكلەش، ياش-نىتىش ئۈچۈن تەپەككۇر بۇلىقىدىن ئۇرغۇغان ئەقىل دۇردانىلى-رى بىلەن تەپەككۇرىمىزنى قۇۋۋەتلەندۇرۇش ناھايىتىمۇ مۇھىم-دۇر. ئەقىل دۇردانىلىرىدىن ئوزۇقلانغان تەپەككۇر روھلانماي، كۈچلۈنمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ پەرۋازىمۇ بارغانسېرى يۇكسەكلە-شىپ بارىدۇ. تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى — تاللاشنىڭ توغرا ھەم ئۇتۇقلۇق بولۇشىنىڭ كاپالىتى. پىكىر قۇۋۋىتىنىڭ ئېشىشى بولسا ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆسۈشىدۇر.

فارابى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل - پاراستى بىلەن ئاجايىپ مول مىراسلارنى قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك يۈكسەك دەرىجىدىكى روھنىڭ نەمۇنىسىنىمۇ قالدۇ-رۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىلىمدە پەقەت ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىش، ھەقىقەتنى ئۆلچەشتە بولسا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەكلى-كىنى، شەخسىي ھېسسىياتقا تايانماسلىق، نوپۇزغا چوقۇنماسلىق لازىملىقىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن. ئۇ بۇ ھەقتە «ئارستوتېلنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. ئەمما ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىغۇچىلار مۇھەببەتلىرى تۈپەيلىدىن ھەقىقەتنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتمەسلى-كى، ئۇنىڭغا نەپرەت قىلغۇچىلار نەپرەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئىنكار قىلماسلىقى لازىم» دەيدۇ. ئىلىم ئەھلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويۇلىدىغان تەلەپ ئۈستىدە توختالغاندا «كىم ئىلىم تەتقىقاتىغا كىرىشنى خالىسا، ئۇ ئۆز تەبىئىتى بىلەن نەزەرىيىۋى بىلىمگە قىزىقىدىغان بولۇشى لازىم. . . ئۇ كىشى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇ ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئىمكانىقەدەر تەمكىن ۋە ئۆزىنى تۇتقان بولۇشى، ئۆز تەبىئىيىتى بويىچە ھەقىقەتنى سۆيۈشى ۋە ئۇنىڭغا زېھىن قويغان بولۇشى لازىم. . . » دەيدۇ.

بۇ ئىلىم ساھەسىگە قەدەم قويۇۋاتقان ياشلارنىڭ ئۆزىدە ھازىرلىشى كېرەك بولغان شەرتلەر بولۇپ، فارابىنىڭ ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن قويغان ئۆلچەملىرىنىڭ ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

فارابىنىڭ پائالىيەتلىرى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان ۋاقىتتا خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇش، ئۆزىمىزنى ھەقىقىي يوسۇندىكى پەزىلەتلىك، مەردەپەتلىك شەھەر ئاھالىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى ۋە باشقا مىراسلىرى بىلەن تونۇشۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇڭا، مەن فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ پىكىرلىرى» ناملىق بۇ ئەسىرىنى 1990 ـ يىلى ئىستانبۇلدا 3 ـ قېتىم بېسىلغان تۈركچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كەڭ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشنى ئۆزۈمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە قولغا ئېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تاماملىدىم. ئاخىرقى بىرنەچچە بابىنىڭ تەرجىمە-

سىنى ئىشلەشتە ئىبراھىم ئۆمەر ئەپەندى رۇسچىدىن قىلغان تەرجىمە بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىسام، بۇ تەرجىمە بىلەن تۈركچە نۇسخىدا بەزى ئوخشىماسلىقلار بايقالدى. شۇنىڭ بىلە رۇسچە نۇسخىسىنىمۇ تېپىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق مەزمۇن جەھەتتە قىسمەن پەرقلەر بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا بۇ بىرقانچە بابنىمۇ يەنىلا تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلدىم. تەرجىمە جەريانىدا ئېھتىمال دىققەتسىزلىكتىن بەزى خاتالىقلارغا يول قويۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كىتاب-خانلارنىڭ تەنقىد، تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەش جەريانىدا بىر قىسىم ئەرەبچە سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي قىزغىن ياردەم قىلغان مۆھتەرەم ئۇستاز شۇكۇر يالقىن ئاكىغا چىن دىلىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# فارابى كىم؟

نافىز دانىشمەن (تۈركچە نەشرىنىڭ سۆز بېشى)

ئۆزلۇق ئوغلى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەبۇل ناسىر فارابى ئىسلامىي ئىلىملەر ۋە پەزىلەتنى پىششىق ئىگىلىگەن، غەربنىڭ نۇرغۇن ئىلىملىرىدىن ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىدە پايدىلانغان بۈيۈك بىر تۈركىي پەيلاسوپتۇر. بۇرۇنقى ئىسلام مۇئەللىپلىرى ئۇنى ئوخشاش ئىسىمدىكى باشقا ئىسلام ئالىملىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسىم ۋە فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغا يەنە «تۈرك» سۆزىنىمۇ ئىلاۋە قىلغان بولۇپ، ئۇنى «مۇھەممەد ئەبۇل ناسىر ئەل فارابى ۋە تۈركىي» دەپ ئاتاشقان.

فارابى توغرىسىدا توختالغان ئىسلام مۇئەللىپلىرى ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە باشقا ئىلىملەردىكى بىلىمىنىڭ مەتانەت ۋە پاساھىتى ھەققىدە بىردەك پىكىردىدۇر. ئومۇمىي جەھەتتە ئۇنىڭ پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىنىڭ كەڭرىلىكى، قاراش ۋە سېزىشلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكى ھەممە مۇئەللىپلەرنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋاقىت بىزگە بارغانچە چوڭقۇر تونۇتۇۋاتىدۇ. بۇلار بىلەن بىرلىكتە فارابىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى پاكلىقى، دىندارلىقى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرى ئۇنى كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈرگەنىدى.

فارابى مەشغۇل بولغان ئىلىملەرنىڭ ھەر بىرى ناھايىتىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئىختىساس ئىگىسىگە خاس بولغان قابىلىيىتىنى

نامايان قىلغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇنى ئالىم دېگەندىن كۆرە، ئاكادېمىك دېيىش تېخىمۇ توغرىراق بولىدۇ. ئۇ ناھايىتىمۇ كەمتەرلىك بىلەن «ناۋادا مەن ئارستوتىل دەۋرىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولسام ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شاگىرتلىرىدىن بىرسى بولاتتىم» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارستوتىلنىڭ ئەڭ ياخشى ئىز باسارى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. مۇبادا فارابى ئون سەككىزىنچى ئەسىردە تۇغۇلۇپ قالغان بولسىدى، شۈبھىسىز ھالدا ئېنسىكلوپېدىستلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئاقىللىرىدىن بىرسى بولاتتى. ئەگەر بۈگۈن ئارىمىزدا بولسىدى، ئىلىم ئاسمىنىمىزدىكى نۇرلۇق چولپان بولۇپ، ھەممىمىزگە نۇر چاچاتتى. ئىدىيە تارىخىدا بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ھەر ۋاقىت چىقىۋەرمەيدۇ.

پەرىزىمچە، فارابىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىزتىرابى يالغۇزلۇق بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يالغۇزلۇقى ئۆزىنىڭ روھىي ۋە زېھنىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

فارابىنىڭ بۇ يالغۇزلۇقىنى ئۆزى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەتراپىدىكىلەرمۇ تولۇق ھېس قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۆز زامانداشلىرى، ھەتتا بىر مەملىكەت، بىر شەھەردە بىللە ياشاۋاتقان زامانداشلىرى گويا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەرسىزدەك ھەرىكەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ قارشىسىدا سۆزلىگۈدەك بىرنەرسە تاپالمىغاچقا، پەقەت ئۈن چىقارمىغان رەۋىشتە سۆزلىشەتتى. ئەبۇل ناسىر فارابىنىڭ ئۆلچەملىرى ئەڭ بىلىملىك ھېسابلانغان زامانداشلىرىنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرغۇدەك دەرىجىدە كەڭ ئىدى. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلەنگەن رىۋايەتلەردىن بىرىنى نەقىل كەلتۈرىمەن:

ئەبۇل ناسىر فارابى ئىراقتىن سۈرىيىگە كەلگەندە، بۇ مەملىكەتنىڭ دانىشمەن ئالىملىرى يىغىلىپ ئۇنى مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلغان. مۇنازىرە باشلانغاندا، ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىد ۋە ئېتىراز ئاۋازلىرى فارابىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتماي قويغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق جاۋابلىرى ئالدىدا بۇ ئاۋازلار ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، ئاخىر يوقالغان. پەقەت فارابىلا سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرغان، باشقا ئالىم - ئۆلىمالار قوللىرىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ فارابى بولمىسا - بولمىسا مۇشۇنداق يالغۇزلۇقتىن شىكايەت قىلاتتى. يېقىن - يىراقلاردىن ئۆزى بىلەن پىكىرداش بولغۇدەك ھەمسۆھبەت ئادەم تاپالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چۆكۈپ، ئۇرغۇۋاتقان روھىي ۋە ئەقلىي كامالىتىنىڭ چەكسىز ئۇپۇقلىرىدىن ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدەيتتى. بۇ ھالىنى تۆۋەندىكى شېئىرلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ شۇنداق دېگەن:

«زامانىنىڭ تەتۈرلۈكى، دوستلۇقنىڭ پايدىسىزلىقى، ھەر باشلىقنىڭ كىشىنى بىزار قىلىشلىرى ۋە ھەر كاللىسىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى كۆرگىچە، ئۆيۈمگە مۆكۈنۈپ شەرىپىمنى (نامىمنى) ساقلاشنى زۆرۈر بىلدىم. يېنىمدا بىللە تۇرغان ۋە ئالىقانلىرىمدا پارلاپ نۇر چاچىدىغان ھېكمەت شارابىدىن ئىچىمەن. ھەمداستىخانلىرىم مۇرەككەپ شېشىلەردۇر. سازىم ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. بۇ ۋاقىتتا دۇنيانى ئۇنتۇغان ھېكمەت ئەربابىنىڭ سۆھبىتى بىلەن شادلىنىمەن». ۋەھالەنكى، فارابىنىڭ بۇ كاتتا يالغۇزلۇق ھاياتىنى بېزەپ، ھۆسن قوشۇپ تۇرغان باشقا گۈزەللەرمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئاجايىپ باي روھىيىتىنىڭ ساماسىدا جىمىلدىشىپ تىترەۋاتقان يۇلتۇزلارنى بىر خىل سىرلىق (مىستىك) ببقىشلار بىلەن تاماشا قىلىپ، كائىناتنىڭ ئىلاھىي ئاھاڭىنى - ئۆز ئىجادىيىتى بولغان ساز ۋە قالۇن تارلىرى بىلەن مۇڭداشتۇرۇپ، كۆكلەم پەيزىدە گۈل - گىياھلارنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن بارلىققا كەلتۈرگەن ھېكمەتلىرىنىڭ

سىرلىرى ئىچىدە مەستخۇش بولاتتى.

ھاياتىنىڭ پەقەت ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ بۈيۈك ئىنسان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇغان ۋە يازغان. ئۇ ئۆز زامانداشلىرىدىن كۆرە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن يازغانىدى. ئىبن سىناغا ئوخشاش ئالىممۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن مۇشكۇللەرنى پەقەت فارابىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىقلا ھەل قىلغانىدى. ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئانىڭ قەيت قىلىشىچە، فارابى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كىتاب ۋە رىسالە يازغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇنىڭ ئۆز قەلىمىدىن چىققانىدى. مىسال ئۈچۈن ئۆزى يازغانلىقى ئېنىق بولغان بىر قانچە كىتاب ۋە رىسالىنىڭ ئىسمىنى كۆرستىپ ئۆتىمەن:

1. پەلسەپە، مەنتىق (لوگىكا)، ئەخلاق ۋە روھىيەت ئىلمى ھەققىدە: (1) «پەلسەپە سۆزىنىڭ مەنىسى»؛ (2) «ئەپلاتون ۋە ئارستوتىلنىڭ پەلسەپىلىرى»؛ (3) «ئەقىل ھەققىدە كىتاب»؛ (4) «قىياس ئۇسۇللىرى»؛ (5) «ئىسپات كىتابى»؛ (6) «ئەخلاق كىتابى»؛ (7) «روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە رىسالە».

2. مېتود ھەققىدە: (1) «بىر ۋە بىرلىك كىتابى»؛ (2) «بىرلىكنىڭ قىسىملىرى ھەققىدە رىسالە».

3. تۈرلەرگە بۆلۈش ھەققىدە: (1) ئىلىملەرنىڭ دەرىجىلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى («كىتابۇ مەراتىبۇل ئۇلۇم»)؛ (2) ئىلىملەرنىڭ تۈرلىرى («كىتابۇ ئىھسائۇل ئۇلۇم»).

4. فىزىكا ۋە خىمىيە ھەققىدە: (1) «سۈرئەت ۋە مىقدار ھەققىدە»؛ (2) «ئاتوم كىتابى»؛ (4) «كىميا سەنئىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5. پەلەك ۋە ھەندەسە (گېئومېترىيە) ھەققىدە: (1) پەلەك ھەرىكىتىنىڭ دائىملىقى ھەققىدە؛ (2) «قىياسىي گېئومېترىيىگە كىرىش».
6. تەبىئەت ھەققىدە: (1) مەۋجۇداتنىڭ باشلىنىشى؛ (2) ئىنساننىڭ باشلىنىشى؛ (3) ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرى (ئورگانلىرى) ھەققىدە.
7. سىياسەت، ئىجتىمائىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار ھەققىدە: (1) پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى؛ (2) سىياسەت كىتابى؛ (3) ئوردىلارنى باشقۇرۇش رىسالىسى.
8. دىن، تەسەۋۋۇپ ۋە كالام ھەققىدە: (1) پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە چۈشەنچە؛ (2) بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر ئوخشاش بولامدۇ؟ (3) راۋاندىگە رەددىيە؛ (4) رازىغا رەددىيە؛ (5) تەبىئىي ساما ئىلمى؛ (6) تەسەۋۋۇپ ھەققىدە رىسالە.
9. كاتىپلىق، شېئىر ۋە خىتابەت (نۇتۇق سەنئىتى) ھەققىدە: (1) كاتىپلىق سەنئىتى؛ (2) شېئىر سەنئىتىنىڭ قانۇنلىرى؛ (3) كىنايە كىتابى؛ (4) خىتابەت كىتابىغا مۇقەددىمە.
10. تىلشۇناسلىق ۋە فىلولوگىيە ھەققىدە: (1) سۆزلەر ۋە ھەپلەر كىتابى؛ (2) تىللار ھەققىدە كىتاب.
11. مۇزىكا ھەققىدە: (1) مۇزىكا كىتابى؛ (2) مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئېلېمېنتلىرى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، فارابى توختالغان بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئۇنىڭ ئۆز زامانداشلىرى ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدىن تۆت ـ بەش ئەسىر كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلام ئالىملىرى توختىلالمىغاندى. «چەكسىز قۇۋۋەت كىتابى»، «ئىنساننىڭ باشلىنىش كىتابى»، «تىللار كىتابى»، «مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئېلېمېنتلىرى كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئونىنچى ئەسىردىن كۆپرەك يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئەۋلادلارنىڭ مەش-

غۇل بولۇۋاتقان تېمىلىرىغا دائىر ئەسەرلەردۇر. ئەسلىي مۇھىم بولغان نەرسە تېما ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماستىن، ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى مۇئەييەن بىر مەپكۇرە ئاساسىدا پىلانلىق رەۋىشتە مەشغۇلىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

فارابى ئالەمنى ئىسلامدىكى تەۋھىد (بىرلىك يېگانىلىق) نۇرى ئاستىدا كۆرگەن ۋە ھەربىر شەيئىنى تەۋھىد ئاساسلىرىغا ئاساسەن چۈشەنگەن ۋە تونۇغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن مەۋجۇدات ۋاھىدنىڭ ۋەھدەتى (يېگانىلىقنىڭ بىرلىكى) ئىچىگە يوشۇرۇنغان كائىناتتىكى بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن پۈتۈن مەخلۇقات، جانلىق ۋە جانسىز بارلىق شەيئىلەر ئاللانىڭ يېگانە بىرلىكىدىن نۇرغا ئوخشاش پارلاپ پەيدا بولغان. فارابىنىڭ تەسەۋۋۇپقا مايىللىقلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەقىدىسىنىڭ قوشۇمچىسى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

گەرچە ئىسلامنىڭ باشقا ئالىم ۋە پەيلاسوپلىرىمۇ بىرلىك (تەۋھىد) تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەۋھىدنى بىر تەپەككۇر ۋە تەھلىل سىستېمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. فارابى بولسا تەۋھىدنى ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي سۈپىتىدە تونۇپ، ئىلمىي مەشغۇلىيەتلىرىنىڭ دەستۇرى قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ تەتقىق قىلغان ھەربىر تېمىنى ۋاھىدنىڭ (بىرلىكنىڭ) خۇسۇسىيىتى ۋە ئىپادىسى ھېسابلىغان ۋە ھەربىر مەسىلىدە بىرلىكنىڭ بۆلەكلىرىگە يانداشقانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىگە ھەم ناھايىتى چوڭ، ساغلام بىر تەپەككۇر سىستېمىسى قۇرغان، ھەم ناھايىتىمۇ مۇھىم ۋە باي بىر تەتقىقات مېتودىنى تاپقانىدى. ئۇ تەتقىقات مېتودىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يېرى شۇبھىسىز تەھلىل ئىدى. «ۋاھىدنى (بىرلىكنى) تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنى ئايرىم قىسىملارغا ۋە ھەربىر ئايرىم قىسىمنى تېخىمۇ ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تەھلىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىش — مانا بۇ فارابىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەتقىقات ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش مېتودى ئىدى. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ پىكىر ھاياتىدا شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك بىر مەۋقە كەسىپ ئەتكەنكى، بۇ نۇقتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، فارابىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ تىزىملىكى تەتقىق قىلىنسا، ئۇنىڭ ھەتتا بۇ تېمىدا ئايرىم ئىككى پارچە ئەسەر يازغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە، «كىتابول ۋاھىد ۋەل ۋەھد» (بىر ۋە بىرلىك كىتابى) نامى بېرىلگەن. ئىككىنچىسىگە، «رىسالە تۇن فى تەقسىمىل ۋاھىد ۋەل ۋەھدە» (بىر ۋە بىرلىكنى بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش رىسالىسى) نامى بېرىلگەن. ماددىي ياكى زېھنىي بىرلىكنى بۆلەكلەرگە ئايرىش ۋە بۆلەكلەرنى تېخىمۇ ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئىنچىكە تەتقىق قىلىش خۇسۇسىيىتىنى فارابىغا ئۇنىنچى ئەسىردە كارتېزىيان ( Cdartesien ) مۇشۇنداق بىر مېتود بىلەن ئىلىم ئىگىلەش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن. ھەتتا ئۇنى مۇشۇ مېتودنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇنسۇرى بولغان تەھلىل ھەققىدە «تەھلىل كىتابى» نامى بىلەن بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشقىمۇ دەۋەت قىلغانىدى.

فارابى ھەققىدە بىر نەرسە يازغان مۇسۇلمان ۋە غەيرىي مۇسۇلمان ئاپتورلار پەيلاسوپنىڭ تەركىبلەرگە بۆلۈش ۋە بىرلەشتۈرۈش (ماسلاشتۇرۇش) ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا كۆپ توختالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان تەھلىل قىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالمىغانىدى. ھالبۇكى، فارابىدىكى ناھايىتىمۇ قۇۋۋەتلىك بۇ تەھلىل ئىقتىدارى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ تەركىبلەرگە (گۇرۇپپىلارغا) بۆلۈش ۋە بىرلەشتۈرۈش قابىلىيىتى نەتىجىسىز قالغان بولاتتى. ئايرىم مەۋقە ۋە مەسىلەكتىكى ئاپتورلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىدىكى يېقىنلىقنى كۆرۈپ بىرلەشتۈرمەك ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تەھلىل

ئاستىغا قويۇپ ئۆزۈن ھەم ئىنچىكە تەھلىل قىلىش لازىم بولىدۇ. فارابىنىڭ سېنتىز (بىرىكمە) ۋە ئېكلېكتزمى (كېلىشتۇرمىچىلىك) چوڭقۇر ئانالىز قابىلىيىتىگە تايانغان. ئۇنىڭ بۇ تەھلىل قابىلىيىتى پۈتۈن كىتابلىرىدا كۆزگە چېلىققىنىغا ئوخشاش، مەن تەرجىمە قىلغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان بۇ كىتابىدىمۇ ناھايىتىمۇ روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

فارابى بۇ كىتابىدا ھەممىدىن ئاۋۋال، بارلىقنىڭ مەنبەسى بولغان دەسلەپكى ۋە يېگانە بارلىقنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پەيدا بولغانلىقلىرى ۋە بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ دەرىجە ۋە قىسىملىرىنى ئىزاھلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى دەرىجىدىكى مەۋجۇداتلار بولغان ماددىي بارلىقلارنىڭ قايسى تەرىزدە پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئىنسانغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ماددىي ۋە روھىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرىدە توختىلىدۇ. فارابى بۇ يەردە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سەھنىسى بولغان شەھەرلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىپ، ئالدى بىلەن پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، بۇ شەھەرنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە شەرتلىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئاندىن پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ قارشى تەرىپى بولغان جاھىل شەھەرنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ناملار بىلەن تىلغا ئېلىپ، ھەربىرىنىڭ خۇسۇسىي خاراكتېرى ۋە قانائەتچانلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كىتابنى تاماملايدۇ.

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى» نىڭ بېشىدىن ئاخىرىغا قەدەر، فارابى يۇقىرىدا مەن بىر ئاز توختىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتكەن مېتودنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولغان ھەم بۇ مېتودنىڭ تەھلىل ۋە تەركىب ئىمكانىيىتىدىن ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىدە پايدىلانغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ھەربىر بېتىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە فارابىنىڭ دادىل تەھلىل ۋە تەكشۇ-رۇشلىرىدىن چەتتە قالغان نەرسىلەرمۇ يوق ئەمەستۇر. جۇملىدىن ھەرامىسە دېيىلىدىغان ھەرران سەبىئاسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغىنى ئۈچۈن بىرىنچى مەۋجۇتلۇقتىن (دەسلەپكى بارلىق) پەيدا بولغان سەۋانىيلەر (يەنى ئىككىنچى مەۋجۇداتلار) نى ۋە بۇلارنىڭ قاتارىدا تىلغا ئالغان زوھەل، مۇشتەرى، مېرىخ، قۇ-ياش، زۆھرە، ئۇتارىد ۋە قەمەر (ئاي) نى ئەقىل ۋە ئىدراكقا ئىگە دەپ ھېسابلىغان. فارابىنىڭ قارىشىچە، بۇ بارلىقلارنىڭ ھەربىرى ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆزىگە ھاياتلىق بەرگەن بارلىقنى تونۇغىنى ئۈچۈن، ئۇمۇ يەنە ئۈچىنچى بىر بارلىققا ھاياتلىق بېرەلەيدۇ. پەقەت قەمەر (ئاي) دىن پەيدا بولغان يەر شارى ئەقىل - ئىدراكسىزدۇر.

فارابىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن چەتتە قالغان يۇقىرىقىغا ئوخشاش سىرتقى تەسىرلەردىن قەتئىينەزەر، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالى-سى» ئەسىرى ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تولغان. بولۇپمۇ بۇ كىتابتا جەمئىيەتشۇناسلىققا (سوتسىئولوگىيە) دائىر ئىنچىكە مۇلاھىزىلەرگە توختالغانلىقى بىلەن فارابى جەمئىيەتشۇ-ناسلىق ئىلمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى باشلامچىلىرىدىن بىرى ھېساب-لىنىدۇ.

فارابىنىڭ ئۇسلۇبى ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ پى-كىرلىرىگە خىلاپ ھالدا ئوچۇق، قولاي ۋە ئاددىيدۇر. بۇنىڭغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاسانلىقچە ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، تېما ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ بەك ئابستراكت ئىكەنلىكىدىدۇر. فارابى ئۆزىمۇ ئابستراكت گەپلەرنى

كونكرېت تەبىرلەر بىلەن ئىپادىلەشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلانغانلىقىنى مەزكۇر كىتابنىڭ بىرقانچە يېرىدە ئىشارە قىلغان. ئۇ زۆرۈر بولمىغان ئەھۋالدا، كونكرېت مىساللارنى كەلتۈرمىگەن. ھاياتنىڭ ھېچبىر باسقۇچىدا ماددىي نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرمىغان. بېغىشلاش روھىنى تولۇق نامايان قىلغان، زۆرۈرىي ئېھتىياجلىرىدىن ئاشقان مائاشنى ئېلىشنى رەت قىلغان، شادلىقتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، جامائەت ئىچىدە ياشاش ۋە نەپسىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىشچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن، مەغرۇرلۇق قىلغۇچىلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ئۇلارغا قاراشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇلاردىن يىراقلاشقان بۇ ئۇلۇغ ئىنسان ھىجرىيە 339 ـ يىلى (مىلادىيە 950 ـ يىلى) شامدا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنى سۈرىيە ۋە جەزىرە شاھى ھەمدان ئوغلى سەيفەددەۋلە ئوقۇغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى

## 1. دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق ھەققىدە

دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق باشقا بارلىقلارنىڭ سەۋەبىدۇر، ئۇ پۈتۈن نۇقسانلاردىن خالىيدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق نۇقسانى تېپىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق نۇقسانى يوقتۇر. ئۇنىڭ بارلىقى بارلىقلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ۋە تۈنجىسىدۇر. ئۇنىڭ بارلىقىدىن ئۈستۈن ۋە ئىلگىرى بولغان بىر بارلىقنىڭ تېپىلىشىغا ئىمكان يوقتۇر. ئۇ مەۋجۇدات پەزىلىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدە ۋە بارلىق مۇكەممەللىكنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىسىدىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بارلىقىدا ۋە جەۋھىرىدە يوقلۇق (ئەدەم) نىڭ ئەسلا ئورنى يوقتۇر. يوقلۇق ۋە زىتلىق پەقەت قەمەر پەلەكىنىڭ ئاستىدىلا (يەنى ماددىي دۇنيادا) تېپىلىدۇ. ئەدەم (يوقلۇق) بار بولۇشى لازىم بولغان شەيئىنىڭ يوقلىشىدۇر. دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق (بارلىق) نە بىرەر كۈچ تەسىرى بىلەن، نە باشقا بىر تەرىزدە پەيدا بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن مەۋجۇت بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەزەلدۇر. جەۋھەر ۋە زاتى[1] بىلەن دائىم بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەزەلى بولۇ-

---

[1] جەۋھەر ۋە زاتى بۇ يەردىكى جەۋھەر ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، غەرب پەلسەپىسىدىكى سۇبستانىيە دېگەنگە ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان ئوخشاش فارابىمۇ «جەۋھەر»نى بىرقانچە مەنىدە قوللانغان.

مەسىلەن: بەزىدە شەيئىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى سۈپىتىدە قوللانسا، يەنە بەزىدە شۇ مەنبەدىن پەيدا بولغان يېڭى بىر شەيئىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئاتالغۇنى كونكرېت ئىشلىتىلگەن ئورۇندىكى مەنىسىگە قاراپ چۈشىنىش كېرەك.

«زاتى» ـ بۇ شەيئىلەرنىڭ بارلىقىنىڭ ئەسلى، يەنە ئەسلى زاتى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام پەلسەپىسىدە كۆپرەك ئاللاغا قارىتىلىدۇ. يەنى بارلىقنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللا دەپ قارىلىدۇ.

شى ئۇچۇن ياردەمدە بولىدىغان ھېچقانداق بىر شەيئىگە موھتاج ئەمەستۇر. ئۇنىڭ جەۋھىرى ئەبەدىيلىكى بىلەن بارلىقىنىڭ داۋا-مى ئۇچۇن يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ بارلىقىغا (ۋۇجۇدىغا) ئوخشاش باشقا بىر بارلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بارلىق (مەۋ-جۇتلۇق) مەرتىۋىسىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ياكى ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان باشقا بىر بارلىقنىڭ تېپىلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇ شۇنداق بىر بارلىقكى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇچۇن نە «ئۇنىڭ بىلەن بولدى»، نە «ئۇنىڭدىن پەيدا بولدى»، نە «ئۇنىڭ ئۇچۇن پەيدا بولدى...» دېيىدىغانغا ھېچ-قانداق سەۋەب تېپىلمايدۇ. ئۇ ماددىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ماددا ۋە ماكان بىلەن تىك تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بارلىقى ھەر قانداق ماددا ۋە ھەر قانداق ماكانىنىڭ سىرتىدىدۇر. ئۇنىڭ شەكلىمۇ يوقتۇر، چۈنكى ماددىسىز شەكىل بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شەكلى بولغان بولسا، زاتىنىڭ ماددا ۋە شەكىلدىن تەش-كىل تېپىشى كېرەك بولغان بولاتتى. شۇنداق بولسا ئۆزىنى تەشكىل قىلغان بۇ ئىككى قىسىم بىلەن بىللە بولۇشى لازىم ئىدى ۋە مەۋجۇت بولۇشى ئۇچۇن بىرەر سەۋەبكە تايانغان بولاتتى. چۈنكى بۇ قىسىملارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ھالەتتە بولۇشقا سەۋەب بولغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، بىز ئۇنىڭ بىرىنچى سەە-ۋەب ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇچۇن ھېچبىر غايە ۋە مەقسەت يوقتۇركى، ئۇ غايە ۋە مەقسەت ئۇچۇن مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بىر نەرسە بولسا ئىدى، بۇلار ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇچۇن بىرەر سەۋەبنى تەشكىل قىلغان بولار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بىرىنچى سەۋەب بولماس ئىدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇقى ئۇچۇن ئۆزىدىن قەدىمىي بىر شەيئىگە موھتاج بولمىغىنىغا ئوخشاش ئۆزىدىن تۆۋەن بىرەر شەيئىگىمۇ موھتاج ئەمەستۇر.

## 2. تەڭدىشى (شېرىكى) يوقلۇقى توغرىسىدا

ئۇ جەۋھەر بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق شەيئىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى (ۋۇجۇدى) باشقا بارلىقلارنىڭ نەق ئۆزى بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۆزى بىلەن شۇ بارلىقتىكى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئايرىمىلىق (پەرق) قالمىغان بولاتتى ۋە ئۇ يەردە ئىككى ئەمەس، پەقەت يېگانە بىر زات بولغان بولاتتى. ئەگەر ئارىلىرىدا ئايرىمىلىق (پەرق) بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا ئەنە شۇ ئايرىمىلىقتا ئىگە شەيئى ئورتاق شەيئىدىن باشقا بىر شەيئى بولۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇ سۈرەتتە ئايرىلغانلىقى تۈپەيلى ھەربىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ئايرىم بىرەر قىسىم بولاتتى. ئورتاق بولغانلىقى سەۋەبلىك ھەر بىرسىنىڭ ئايرىم بىر جۇزئى (قىسىم، بۆلەك) ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ھەربىر سۆزدە ئىككىگە بۆلۈنگەن ۋە ھەر بىرسىنىڭ ھەر ئىككى جۇزئى زاتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان بولاتتى. بۇ ھالدا يەككە ـ يېگانە بىر دەسلەپكى بارلىقنىڭ بولۇشىغا مۇمكىنچىلىكمۇ قالماس ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردە ئۇنىڭ بارلىقىغا (مەۋجۇتلۇقىغا) سەۋەب بولغان تېخىمۇ قەدىمىي بىر بارلىق (مەۋجۇتلۇق) بولغان بولاتتىكى، ئەمەلىيەتتە بۇ مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئەگەر ئۇلاردىن بىرسى، ئۆزىنى باشقىسىدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر ئايرىمىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ۋە بىرسى باشقىسىدىكى ئايرىمىلىق (پەرق) سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسا، ئىككىسىنىڭ ئومۇمىي بارلىقلىرى يېنىدا، ھەربىرى ئۆزىنى باشقىسىدىن ئايرىپ تۇرغان خۇسۇسىي بىر بارلىققا مەزھەر (ئېرىشكەن) بولاتتى. بۇنداق بولغاندا بۇلاردىن بىرسىنىڭ بارلىقى ئىككى نەرسىدىن، يەنى خۇسۇسىي (ئايرىم) ۋە ئورتاق بىرەر شەيئىدىن تەشكىل تاپقان بولار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىنىڭ

بارلىقى يەنە بىرسىنىڭ بارلىقى ئەمەستۇر. بىرىنىڭ بارلىقى ئاددىي ھەم بۆلۈنمەستۇر. باشقىسىنىڭ زاتى بۆلۈنىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىككى قىسىم بىلەن بىللە بولىدۇ. بۇ ھالدا بارلىقىنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ ھەم ھەربىرىنىڭ بارلىقى باشقىسىنىڭ بارلىقىدىن كەمتۈك ياكى يۇقىرى دەرىجىدە ئەمەستۇر.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بىرىنىڭ بارلىقى يەنە بىرىنىڭ بارلىقىدىغا ئوخشاش بولۇشى بىلەن بىرگە، بىرىنىڭ ھەر قانداق بىر خۇسۇسىيىتى يەنە بىرىنىڭ سىرتىدا قالسا، ئۇنىڭ بارلىقى (مەۋجۇتلۇقى) تولۇق بولالمايدۇ. چۈنكى تولۇق (مۇكەممەل) بولغان بىر شەيئىنىڭ سىرتىدا ئۆز تۈرىدىن (خىلىدىن) باشقا بىر بارلىق تېپىلمايدۇ. ھەر قانداق شەيئى مۇشۇنداقتۇر. بۇيۇكلۇكتە تولۇق دېمەك، ئۇنىڭ سىرتىدا باشقا بىر بۇيۇكلۇكنىڭ تېپىلماسلىقى دېمەكتۇر. گۈزەللىكتە تولۇق دېمەك، شۇ خىلدىكى گۈزەللىكنى تولۇق دېمەك، شۇ خىلدىكى گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدىن سىرتتا قالماسلىقى دېمەكتۇر. جەۋھەردە تولۇقلۇق (مۇكەممەللىك) بولسا، جەۋھەرنىڭ تۈرىدە (خىلىدا) بولغان بىر شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقى دېمەكتۇر. پۈتۈن جىسىملارنىكى تولۇقلۇق (پۈتۈنلۈك) مانا شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئۆز تۈرلىرىدىن بولغان بىر شەيئىنىڭ ئۆزىدىن سىرتتا قالماسلىقىدۇر. قۇياش، ئاي ۋە باشقا پۈتۈن يۇلتۇزلارمۇ شۇنداقتۇر. ئەگەر دەسلەپكى بارلىق (مەۋجۇتلۇق) تېخىمۇ تولۇق بىر بارلىق ئىگىسى بولسا، ئۇ بارلىققا باشقىسىنىڭ ھېچبىر ئۈلۈشى تېپىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بارلىق مۇستەقىلدۇر، يېگانىدۇر ۋە بۇ نۇقتىدىن ئۇ بىردۇر.

## 3. زىتى (قارشى) يوقلۇقى توغرىسىدا

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ زىتىمۇ (قارشىسىمۇ) بولمايدۇ. بۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوبۇل قىلىش ئۈچۈن زىتلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاش كۇپايىدۇر. بىر شەيئىنىڭ زىتى ئۇنىڭ تەتۈرىسى (قارشىسى) دېمەكتۇر. زىت تەرەپ ھېچقاچان شەيئىنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەربىر تەتۈر (خىلاپ) شەيئى زىت (قارشى تەرەپ) بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئەسلىدىكىنىڭ نەق ئۆزى بولمىغان شەيئىمۇ زىت ئەمەستۇر. پەقەت بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسى بولغان ۋە بىر يەرگە كەلگەن ھامان بىر ـ بىرلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئىنكار قىلىدىغان ھەم بىرسى بار يەردە يەنە بىرسى بولالمايدىغان نەرسىلەر زىت بولىدۇ ياكى بىرىنىڭ يوق بولۇشى، يەنە بىرىنىڭمۇ خۇددى شۇ شەرتلەر ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن يوق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان شەيئى زىت بولىدۇ. بۇ ھال زىت تەرىپى بار بولغان ھەر قانداق شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىر شەيئى باشقا بىر شەيئىگە پەقەت ھەرىكەتلىرىدىلا زىت بولۇپ، باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدە زىت بولمىسا، بۇ ئىككى شەيئى بىر ـ بىرلىرىگە پەقەت ھەرىكەتلىرىدە زىت بولىدۇ. ئەگەر خۇسۇسىيەتلىرىدە ياكى جەۋھەرلىرىدە زىت بولسا، بۇلار پەقەت خۇسۇسىيەت ۋە جەۋھەرلىرىدە زىت بولغان بولىدۇ.

بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىگە زىت بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك: بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتالىشى، باشقا شەيئىنى يوق قىلالىشى ۋە جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن باشقىسىغا زىت بولۇشى لازىمدۇر. بۇزۇلۇشقا (يوقىلىشقا) دۇچار بولغان شەيئى بولسا ئۆز جەۋھىرى بىلەن تىنچ تۇرالمايدۇ ۋە باقىي بولالمايدۇ. ئۇنىڭ جەۋھىرى ئۆزلۈكىدىن دائىملىق ياكى پەيدا بولۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەستۇر. ئۇ، پەقەت باشقىسى ۋاستىسى بىلەن بۇنداق قابىلىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بارلىق (مەۋجۇتلۇق) ۋە ئەبەدىيلىككە (باقىيسىغا) جەۋھىرى يەتمىگەن شەيئىنىڭ بارلىقى (مەۋجۇتلۇقى) ۋە ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن باشقا سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى

لازىمدۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق شەيئى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر شەيئىنىڭ بار بولۇشى زىتنىڭ بولۇشىدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق دېمەك كېرەك بولىدۇكى، ئۇنىڭ بارلىقىغا سەۋەب زىتنىڭ يوق بولغانلىقىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا (ھەر ئىككى زىتلىقنىڭ) بىر يەردە باراۋەر بولۇشى لازىمدۇركى، ئۇ يەردە بولۇش بىلەن بۇلار بىر ـ بىرلىرىنى يوق قىلىسۇن. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ سىرتىدا قالغان بىر مەسىلە، بىر تۇر ياكى باشقا بىر شەيئى بولىدۇ. بۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا مۇقىم (تۇرغۇن) بولۇش كېرەكتۇركى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر ئىككى زىتلىق بىرلەشسۇن، شۇ سەۋەبلىك، بۇ يەرنىڭ بارلىق ئېتىبارى بىلەن ھەر ئىككىسىدىنمۇ قەدىمىي بولۇشى لازىمدۇر.

ھەرقانداق بىر كىشى بۇ سۆپەتلەرگە ئىگە بولمىغان بىر شەيئىنى باشقا بىر شەيئىگە زىت قويۇپ چۈشەندۇرسە، ئۇ چۈشەندۇرگەن بۇ شەيئى باشقا شەيئىنىڭ زىتى ئەمەس، بەلكى غەيرىسىدۇر. بۇنىڭ باشقىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى زىتدىن ئايرىلىشتىن پەرقلىقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە دەسلەپكى شەيئىگە قارشى (تەتۈر) شەيئىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەم بۇلاردىكى غەيرىيلىكلەرنىڭ ئۇنىڭ زىت تەرەپلىرىدىكى ۋە مەۋجۇت بولغان شەيئىلەردىكى غەيرىيلىكلەردىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. شۇ سەۋەبتىن ھېچبىر بارلىق ئۇنىڭ بارلىقى (مەۋجۇتلۇقى) مەرتىۋىسىدە بولالمايدۇ. چۈنكى ئىككى زىتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېتىبارى بىلەن دەرىجىلىرى ئوخشاش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ بارلىقىدا (مەۋجۇتلۇقىدا) يېگانىدۇر. ئۇنىڭغا بارلىقنىڭ (مەۋجۇتلۇق) تۇرلىرىدىكى ھېچقانداق بىر بارلىق تەڭداش بولالمايدۇ. ئۆز مەقامىدا ئۇ پۈتۈنلەي بىر يالغۇزلۇق ئىگىسىدۇر. بۇ نۇقتىدىنمۇ ئۇ بىردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 4. مۇقەددەس بارلىقنى تەرىپلەپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

يۇقىرىدىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، شۈبھەسىزكى، ئاللا بارلىقى (مەۋجۇتلۇقى) ئۆزىگە باغلىق بولغان شەيئىلەرگە، ھەتتا ئېغىزدىكى سۆزدىمۇ بۆلۈنمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھال ئۇنىڭغا مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مەنىسىنى سۆز بىلەن تەرىپلىگىلى بولىسىدى، بۇ تەرىپ بىر جەھەتتىن ئۇنى بىلدۈرمەك ئۇچۇن بارلىقىغا سەۋەب بولغان قىسىملاردىن بىرىگە ياكى ئىككىسىگە دالالەت ئەتكەن بولاتتى. قانداقسىگە بىر شەيئىنىڭ بىر بۆلىكىگە قارىتىلغان مەنە، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە تەرىپلىنىۋاتقان شەيئىنىڭمۇ بارلىقىغا دالالەت ئېتىش نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ بىر بۆلىكى بولالايدۇ؟ قانداقسىگە ماددا ۋە شەكىلدىن مۇرەككەپ بولغان شەيئىنىڭ بارلىقىغىمۇ ماددا بىلەن شەكىل سەۋەب بولىدۇ؟

بۇ ئۇنىڭ ھەققىدىكى پىكىر ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق شەيئىدىن ئاۋۋال مەۋجۇتتۇر (باردۇر). بار بولۇشىمۇ ھېچبىر سەۋەبكە تايانغان ئەمەستۇر. دېمەك، ئۇ بۇ شەكىل بىلەن بۆلۈنمىگەنىكەن، سان ياكى باشقا بىر شەكىل بىلەن ئەسلا بۆلۈنمەيدۇ. بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇ بىردۇر. چۈنكى بىرنىڭ مەنىلىرىدىن بىرىمۇ ئۇنىڭ بۆلۈنمەيدىغانلىقىدۇر. بىر شەيئى بىر جەھەتتىن بۆلۈنمىسە، ئۇ شەيئى بۆلۈنمىگەنلىكى جەھەتتىن بىردۇر. خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بۆلۈنمىسە، خۇسۇسىيەت جەھەتتە بىردۇر. جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن بۆلۈنمىسە، جەۋھىرى ئېتىبار بىلەن بىردۇر. ئۇ ھالدا دەسلەپكى مەۋجۇدىيەت (بارلىق) جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن بۆلۈنمەستۇر.

## 5. بىرلىكى، زاتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلۇغ ۋە تەڭرىنىڭ ئالىم، ھاكىم، ھەق، تىرىك ۋە ھاياتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بارلىقى پۈتۈن مەۋجۇداتلاردىن پەرقلىق بولۇشى بىلەن ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىر شەيئى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ باشقىسىدىن ئايرىم بولۇشى زاتىنىڭ بىرلىكى سەۋەبىدىندۇر. بىرلىكنىڭ مەنىلىرىدىن بىرىمۇ، ھەربىر مەۋجۇتلۇقنى باشقىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان يەككە بارلىقىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ھەر بىر بارلىقتا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي بارلىقى جەھەتتىن بىردۇر دېيىلىدۇ. بىرنىڭ مەنىلىرىدىن بولغان بۇ مەنە، دەسلەپكى بارلىقتا ماس كېلىدۇ. بۇ تەرەپتىنمۇ ئۇ بىردۇر ۋە بىرنىڭ ئىسمىغا ۋە مەنىسىگە ھەر قانداق بىرلىكتىنمۇ بەكرەك لايىقتۇر.

ئۇ ماددا ئەمەسلىكى ۋە ھېچقانداق ماددىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جەۋھىرى ۋە ئېتىبارى بىلەن ئەمەلىي (بىل فېئىل) ئەقىلدۇر. چۈنكى شەكىلنىڭ ئەقىل بولۇشى ۋە ئەمەلىي چۈشىنىشى - شۇ شەكىلنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان ماددىغا توسقۇندۇر. شۇ سەۋەبتىن ھەر قانداق شەيئى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ماددىغا موھتاج بولمىغاچ، جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن ئەمەلىي ئەقىل بولىدۇ. مانا بۇ ھال ئۇنىڭ ھالىدۇر. ئۇ ئەمەلىي ئەقىلدۇر. جەۋھىرى ئېتىبارى بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. چۈنكى بۇ شەيئىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇشىغا (ماقۇل بولۇشىغا) يەنە ماددا توسقۇن بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەقىل بولۇشى جەھەتتىمۇ ماقۇلدۇر (يەنى ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر). ① ھۇۋىيەتى

① ماقۇل - ئەسلى سۆز مەنىسى «ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق» دېگەنلىك. فارابى «ماقۇل» سۆزىنى قوللانغان. ئىبنى سىنا ھەم شۇ مەنىلەردە قوللانغان.
شۇڭا تەرجىمىدە بەزى ئورۇنلاردا «ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇق»، «ئۇيغۇنلۇقلار» دەپ ئالغاندىن سىرت، كۆپىنچە ئورۇنلاردا «ماقۇل»، «ماقۇللار» دەپ ئېلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ماھىيىتى) ئەقىل بولغانلىقىنىڭ ماقۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۆز سىرتىدا بولغان بىر زات تەرىپىدىن تونۇلۇشقا (بىلىنىشكە) موھتاج ئەمەستۇر. ئۆزىنى ئۆزلۈكىدىن بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھەم ئاقىلدۇر (ئەقىل ئىگىسىدۇر)، ھەم ھەقىقەتەنمۇ ماقۇلدۇر (ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر). بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەقىل ۋە ئەمەلىي ئاقىل بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىدىن تاشقىرىدىكى بىر زاتنى بىلىشكە ئېھتىياجى يوقتۇر. ئۇ ئۆز زاتىنى بىلگەنلىكى بىلەن ئەقىل ۋە ئاقىل بولىدۇ. بىلگەن زەت بىلىنگەننىڭ ئەينەن ئۆزى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇ ماقۇل (ئەقىلگە مۇۋاپىق) بىر ئەقىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەم ئەقىل، ھەم ماقۇل، ھەم ئاقىل بولغان يېگانە زاتتۇر ۋە بۆلۈنمەس يېگانە بىر جەۋھەردۇر.

ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ئۆزى ماقۇل بولغىنى بىلەن، ئىنساننىڭ چۈشەنگەن نەرسىسى ئەمەلىي (بىل فېئىل) ماقۇل (ئەقىلگە ئۇيغۇن) ئەمەستۇر. ئۇ بۇ ئاساسقا كۆرە ئالدى بىلەن ئىمكانى (بىلقۇۋۋە) [1] ماقۇل بولغان، ئاندىن ئەقىل تەرىپىدىن چۈشىنىلىپ ھەقىقىي (بىل فېئىل) ماقۇل بولغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىنسان تەرىپىدىن چۈشىنىلگەن شەيئى بىلىنگەن شەيئى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئەقلىمۇ دائىم ماقۇل ئەمەستۇر. يەنى ئەقلىمىز، بىر ئەقىل بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ماقۇل بولمىغانلىقىغا ئوخشاش، بىزمۇ جەۋھىرى ئەقىل بولغان ئاقىللاردىن ئەمەسمىز. چۈنكى بىز چۈشەنگەنلىرىمىز بىلەن جەۋھەرگە ئىگە ئەمەسمىز. ئۇ بولسا بۇنداق ئەمەستۇر. ئۇنىڭدىكى ئەقىل، ئاقىل

[1] بىلقۇۋۋە — «قۇۋۋەت بىلەن، كۈچ بىلەن، كۈچ تەسىرى بىلەن ئىمكانىيەت بىلەن ...» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەسەردە «بىلقۇۋۋە» بىلەن «بىل فېئىل ماقۇل» دېگەندەك شەكىلدە قوللىنىلغان. بۇ سۆزلەر تىلىمىزدا قوللىنىلمايدىغان بولغاچقا، ئىشلىتىلگەن ئورنىغا قاراپ، «بىلقۇۋۋە بارلىق» — «ئىمكان بارلىق»، «بىل فېئىل بارلىق» نى «ھەقىقىي بارلىق» دەپ ئالدىم. چۈنكى فارابىنىڭ پىرىنسىپچە، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ھالەتتىكى بارلىق «بىلقۇۋۋە بارلىق» (ئىمكانى بارلىق) ۋۇجۇدقا چىققان، بارلىققا كەلگەن بارلىق بولسا «بىل فېئىل بارلىق» (ھەقىقىي بارلىق) ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: شىرە ياسىماقچى بولغان ياغاچ ماتېرىياللار «بىلقۇۋۋە بارلىق» بولسا، ياسىلىپ بولغان شىرە «بىل فېئىل بارلىق» بولىدۇ.
شۇنىڭغا ئوخشاشلا «بىلقۇۋۋە بىلەن «بىل فېئىل ماقۇل» نى «ئىمكانى ماقۇل» ۋە «ئەمەلىي ئۇيغۇنلۇق» (ئەمەلىي ماقۇل) دەپ ئېلىنىدۇ.

ۋە ماقۇل ئەينى مەنىنى، ئەينى زاتنى ۋە بۆلۈنمەيدىغان ئەينى جەۋھەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئالىم بولۇشىمۇ مۇشۇنداقتۇر، چۈنكى ئۇ بىلمەك ئۈچۈن زاتنىڭ سىرتىدىكى پەزىلەتنى ئۆزىگە بىلدۈرىدىغان باشقا زاتقا موھتاج ئەمەستۇر. ئۇنىڭ بىلىشى ئۈچۈنمۇ باشقا زاتقا ئېھتىياجى يوقتۇر. ئۇنىڭ بىلىش ۋە تونۇشى ئۈچۈن ئۆز جەۋھىرىدە قابىلىيەت باردۇر. ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ئۆز جەۋھىرىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەم بىلىدۇ، ھەم بىلىنىدۇ، ھەم بىلىممۇ ئۆزىدۇر. بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ ئۆزى يېگانە بىر زات ۋە يەككە بىر جەۋھەردۇر.

ئۇنىڭ ھاكىم (ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى) بولۇشىمۇ مۇشۇنداقتۇر. چۈنكى ھېكمەت ئاقىلنىڭ شەيئىلەرنى ئەڭ يۇقىرى بىلىم ۋە ئۆزىنى چۈشىنىپ بىلىشىدۇر. بىلىم بىلەن ئەڭ يۇقىرى شەيئى بىلىنىدۇ. بىلىمنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولسا زاۋال تاپمايدىغان دائىملىق بىلىمدۇركى، مانا بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆز زاتىنى بىلىشىدۇر.

ئۇنىڭ ھەق بولۇشىمۇ مۇشۇنداقتۇر. چۈنكى ھەق بار بولۇشقا ماس كېلىدۇ. بىر شەيئىنىڭ ھەقىقىتى ئەڭ مۇكەممەللىكى بولسا، ھەقتىن ئۇلۇشنى ئالغان بارلىقتۇر. ھەق ئەينى ۋاقىتتا ئەقلىنىڭ بارلىققا ئۇيغۇن كېلىش مەقسىتى بىلەن توغرا كەلگەن ماقۇلغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. ئەينى بارلىققا ماقۇل بولۇشى جەھەتتىنمۇ ھەق دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا بىلىنگەن شەيئىگە قوشۇمچە قىلىنماستىن، پەقەت ئۆزى تەرىپىدىن باردۇر دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا بىلىنگەن شەيئىگە قوشۇمچە قىلىنماستىن، پەقەت ئۆزى تەرىپىدىن باردۇر دېيىلىدۇ. دەسلەپكى بارلىققا (مەۋجۇتلۇققا) ئىككى سەۋەب بىلەن ھەق دېيىلىدۇ. ئۇ ھەم بارلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بارلىق بولۇشى يۈزىسىدىن ھەقتۇر، ھەم مەۋجۇتلۇقنى مەۋجۇت بولغىنىدەك بىلگەن بىر ماقۇل بولۇشى جەھەتتىن ھەقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ ماقۇل بولۇش ئېتىبارى بىلەن ھەق بولۇشى ئۇچۇن ئۆزىنى سىرتتىن بىلىدىغان باشقا بىر زاتقا موھتاج ئەمەستۇر. ئۇ ئەينى زاماندا ھەق دېيىشكە ھەر ئىككى جەھەتتىن ئەڭ لاياقەتلىكتۇر. ئۇنىڭ ھەقىقىتى ھەق بولۇشتىن باشقا بىرنەرسە ئەمەستۇر.

ئۇنىڭ تىرىك ۋە ھاياتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىمۇ مۇشۇنداقتۇر. بۇ ئىككى سۆز بىلەن ئىككى ئايرىم زات كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى بىر يېگانە زات نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تىرىك دېمەك، ئۇنىڭ ئۇستۇن ماقۇلنى (ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇقنى) ئۇستۇن ئەقىل بىلەن بىلىش دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتە، بىزگە تىرىك دېيىلسە، مەخسۇسلارنى (ھېس قىلىنغانلارنى) - بۇلار ئەڭ ياخشى مەلۇملاردۇر - ئىدراكلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان سەزگۇ بىلەن ئىدراك قۇۋۋىتىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان تۇيغۇلار بىلەن ئىدراك ئەتكىنىمىز ئۇچۇندۇر. ئۇ ھالدا ماقۇللارنى ئۇستۇن بىلىم بىلەن بىلىپ يەتكەن ئەقىلنىڭ ئۆزى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئۇ تىرىك بولۇشى كېرەك. چۇنكى ئۇ ئەقىل بولۇش ئېتىبارى بىلەن بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىل ۋە ئەقىل بولۇشى، ئالىم ۋە ئىلىم بولۇشى بىر يەككە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تىرىك سۆزى ئەينى زاماندا جانلىق بولمىغان شەيئىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئاخىرقى مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن بارلىقتا ۋە مۇكەممەللىككە ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلەر بىلەن، ئۆز ۋاستىسى بىلەن بولغانلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بولمىغان ھەر قانداق مەۋجۇتلۇقنىمۇ تىرىك دېيىلىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق ئەڭ ئۇستۇن بارلىق بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ بۇ ئىسمغا ئىستىئارە يولى بىلەن، بىز تىرىك دېگەن ھەر قانداق شەيئىدىن بەكرەك لايىقتۇر. بارلىقىمىز تولۇق بولغان نىسبەتتە بىلگەن ۋە چۈشەنگەن شەيئى، بىزنىڭ قارىشىمىزدا شۇ قەدەر ياخشى بىلىنىپ چۈشىنىلىدۇ. چۇنكى روھلىرىمىزنىڭ ئۇنى چۈشىنىش نىسبىتى

بولغانلىقى ھەر ھالدا بىر قىسىمغا تاقابىل تۇرىدۇ. ئۇ ھالدا روھلىرىمىزنىڭ سىرتىدىكى بارلىق بىزگە چۈشىنىلگەن بارلىققا ئۇيغۇن (ماس) كېلىدۇ. كەمتۈك بولسا، بىزمۇ ئۇنى كەمتۈك چۈشىنىمىز.

ھەرىكەت، زامان، چەكسىزلىك ۋە مۇشۇلارغا ئوخشاشلا بار بولغان شەيئىلەردۇر. روھلىرىمىز بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى كەمتۈك سۈرەتتە چۈشىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى بارلىق ۋە سان جەھەتتىن كەمتۈكتۇر. ئۇچكەن، تۆتكەن. . . ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلار بىز تەرەپتىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىدۇ. چۈنكى بۇلار يەنىمۇ مۇكەممەل بارلىقلاردۇر. دەسلەپكى بارلىق (مەۋ-جۇتلۇق) مۇ مۇشۇنداق چۈشىنىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بولۇشى بىلەن، بىز تەرەپتىن ئەڭ مۇكەممەل سۈرەتتە بىلىنىشى كېرەكتۇر. ھالبۇ-كى، بىز ئىشنىڭ بۇنداق بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

گەرچە مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بولسىمۇ، بىز ئىدراك قىلالمىغۇدەك بىر ھال ئەمەستۇر. بۇ شۇ سەۋەبتىنكى، ئەقلىي قۇۋۋەتلىرىمىزنىڭ زەئىپلىكى ھەم ماددا ۋە ئەدەم (يوق-لۇق) بىلەن قوچۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ بىز قىلىدىغان ئىد-راكنى مۇشكۇل ۋە تەسەۋۋۇرنى قىيىن قىلىپ قويغانلىقى ئۇ-چۇن، بىز ئۇنى ئەسلىدىكىدەك چۈشەنمەيمىز. ئۇنىڭ چەكسىز دەرىجىدىكى مۇكەممەللىكى بىزنى دەھشەتكە غەرق ئەتكەچكە، بىز ئۇنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئەمەلىيەتتە، نۇر كۆرۈنگەن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئوچۇقى بولۇپ باشقا كۆرۈن-گەنلەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈنىدۇ. رەڭلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ سە-ۋەبىمۇ ئۇدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىر شەيئى قانچىلىك تولۇق ۋە بۈيۈك بولسا، كۆز ئۇنى شۇ دەرىجىدە تولۇق كۆرمىكى كېرەك-تۇر. ھالبۇكى، بىز ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋا-تىمىز. نۇر (يورۇقلۇق) قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، كۆزلىرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىزنى شۇنچە چاقىدۇ. بۇ هال (نۇرنىڭ) ئاجىزلىقى ۋە كەمتۈكلۈكى سەۋەبىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئاشكارىلىقنىڭ ۋە يورۇقلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بولغانلىقىدىندۇر. ئۇ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان بىر نۇر بولغىنى ئۈچۈن كۆزلەرنى چاقىدۇ.

دەسلەپكى سەۋەب، دەسلەپكى ئەقىل ۋە دەسلەپكى هەق بۇنىڭغا قىياس ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىز تەرىپىمىزدىن كەمتۈك چۈشىنىلىشى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىدىن ئەمەستۇر. پەقەت ئەقىل قۇۋۋەتلىرىمىزنىڭ زەئىپ بولۇشى تۈپەيلى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى تەس بولىدۇ. ئەسلى ئۆزىمىزنىڭ ماقۇللىرىمىز كەمتۈك ۋە ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز ئاجىزدۇر.

ئېيتىش كېرەك بولىدۇكى، بۇ هال خىل يول بىلەن مۇتالىئە قىلىنىدۇ (ئۆگىنىلىدۇ)؛ بىرى، ئىمكانسىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىقىدىكى هەم زات ۋە جەۋهىرىدىكى كەمتۈكلۈك يۈزىسىدىن تولۇق هالەتتە تەسەۋۋۇر ئېتەلمەسلىكى ۋە چۈشىنەلمەسلىكىدۇر؛ يەنە بىرى، كۆپلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق بىر هالەتتە چۈشىنىلىپ، تەسەۋۋۇر ئېتىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، زېهنىلىرىمىزنىڭ ۋە ئەقلىي قۇۋۋەتلىرىمىزنىڭ زەئىپ هەم ئۇنىڭ جەۋهىرىدىن ئۇزاق بولۇشىمىز، ئۇنى تولۇق بىر هالەتتە ۋە مۇكەممەللىك دەرىجىسىدە تەسەۋۋۇر ئېتەلمەسلىكىمىز سەۋەبىدۇر.

بۇ مۇتائىلە ۋۇجۇدىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۇزاق ئىككى ئۇچىغا جايلاشقان بولىدۇ. بىرى، مۇكەممەللىكنىڭ ئۇچىدا؛ يەنە بىرى، كەمتۈكلۈكنىڭ ئۇچىدا. لېكىن شۇنىمۇ بىلىشىمىز لازىمكى، ماددىغا بۇلغانغىنىمىز سەۋەبلىك جەۋهىرىمىز ئۇنىڭ جەۋهىرىدىن يىراقلاپ كەتكەن. جەۋهىرىمىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇ هەقتىكى تەسەۋۋۇرىمىز تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ توغرا ۋە تېخىمۇ هەقىقىي بىر هالغا كېلىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بىز ماددىدىن يىراقلاشقانسېرى دەسلەپكى بارلىقنى تولۇق بىر سۈرەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىز هەقىقىي ئەقىلگە ئىگە بولغانسېرى

ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىشىمىز. نىھايەت ماددىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان ۋاقتىمىزدا زېھنىمىز ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە چۈشىنىدۇ.

## 6. بۈيۈك تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا

ئۇنىڭ قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇلۇغلۇقى مۇنداقتۇر. بىر شەيئىنىڭ قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇلۇغلۇقى يا جەۋھىرىدىكى ياكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئارەزلىرىدىن ① (تاشقى ئىپادىلىرىدىن) بىرىدىكى مۇكەممەللىككە ئاساسەن بولىدۇ. بۇ (خۇسۇسىيەتلەر) بىزگە نىسبەتەن ئېيتىلسا، تېنىمىزنىڭ ئەزالىرىدىن بىرىدىكى ۋە ياكى مال ـ مۈلۈك ۋە ئىلىم كەبى ئارەزلىرىمىزدىن بىرىدىكى مۇكەممەللىكىمىزگە قارىتىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى ھەر قانداق مۇكەممەللىكتىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇدرىتى، بۈيۈكلۈكى ھەر قانداق ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك شەيئىدىن ئۈستۈندۇر. قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى جەۋھىرىنىڭ غايىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەۋھىرى ۋە زاتى سىرتىدا ئەمەستۇر.

ئۇ باشقىسى تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنسۇن، ھۆرمەتلەنمىسۇن، تەزىم قىلىنسۇن ـ قىلىنمىسۇن، زاتىدا ئەزىم (بۈيۈك) ۋە ئۇلۇغدۇر. ھەر قانداق مەۋجۇتلۇقنىڭ گۈزەللىكى، جۇلالىقى ۋە زىننىتى ئۆزىدىن ئۈستۈن بارلىققا يېتىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەللىكىگە ئېرىشىشتۇر. دەسلەپكى بارلىقنىڭ (مەۋجۇتلۇقى) بارلىقى بولسا، ئەڭ ئۈستۈن بارلىق بولغانلىق-

① ئارەز ـ بۇ جەۋھەرنىڭ زىتى بولۇپ، غەرب پەلسەپىسىدىكى ئاكسىدىنتسىيە ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە. ئۇ بارلىقلاردىكى جەۋھەرنىڭ زىتى بولۇپ، بارلىقلاردا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلمايدۇ. بۇ شۇ شەيئىنىڭ بار بولۇشىنى تەشكىل قىلمايدىغان، يەنى ماھىيەتلىك بولمىغان تاشقى خۇسۇسىيەتلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەر قانداق گۈزەللىكتىن ئۈستۈندۇر. زىننەت ۋە جۇلاسىمۇ مۇشۇنداقتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جەۋھىرى ۋە زاتىدا، يەنى ئۆز بارلىقىدا ۋە بىلگەن زاتىدا بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ گۈزەللىكىمىز ۋە زىننىتىمىز زاتىمىزدا ئەمەس، بەلكى ئارەزلىرىمىزدىدۇر. جەۋھىرىمىزدە ئەمەس، بەلكى سىرتىمىزدىكى شەيئىلەردىدۇر. ئۇنىڭ جامالى، مۇكەممەللىكى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بولسا، زاتىدىن باشقا شەيئى ئەمەستۇر.

لەززەتنىڭ، سۆيۈنۈشنىڭ ۋە ھەۋەسنىڭ كۆپلۈكى مۇكەممەل ۋە تولۇق بىر ئىدراك بىلەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ چىرايلىق شەيئىنى ئىدراك قىلماق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. دەسلەپكى بارلىق گۈزەللىكنىڭ، پاكلىقنىڭ ۋە زىننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆز زاتىنى ئىدراك ئېتىشى ئىدراكنىڭ ئەڭ مۇكەممىلىدۇر. جەۋھىرىنى بىلىش، مۇتلەق ھالدا بىلىمنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر. بىز دەسلەپكى بارلىق تۇيغان لەززەتنىڭ ئەسلىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى پەقەت ئەقىل، بىلىم، خاتىرە ۋە سەزگۈ بىلەن ـ ئۆز كامالەت ۋە گۈزەللىكىمىزنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى پۈتۈن ئىدراكىمىز بىلەن ئىدراك ئەتكەنىكى لەززەتكە سېلىشتۇرۇش (تەققاسلاش) ئارقىلىق چۈشىنىمىز ۋە ئۆگىنىمىز. لەززەتنىڭ بۇ دەرىجىسىگە بارغان ۋاقتىمىزدا، بۇ لەززەتنىڭ بۈيۈكلۈكتە ھەر قانداق باسقۇچتىن ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىچىمىزدە چەكسىز دەرىجىدە خۇشاللىق سېزىمىز. گەرچە بۇ خۇشاللىقىمىز ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى بولسىمۇ ـ دە!... شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆيۈنچىنى، لەززىتىنى ۋە ھەۋەسنى (ئىشتىياقىنى) ئۆز سۆيۈنچىمىزگە، لەززىتىمىزگە ۋە ئىشتىياقىمىزغا قىياس ئەتسەك، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئىلمىمىزگە ـ زاتىنىڭ ئۈستۈن گۈزەللىك ۋە ئىدراك قىلىشىنى، بىزدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ چىرايلىق شەيئىلەرنى ئىدراك قىلىـ

شىمىزغا قىياس ئەتمەك دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدراكىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئىدراكى ئارىسىدا، بىز بىلگەن شەيئىلەر بىلەن ئۇنىڭ بىلگەنلىرى ئارىسىدا، ئۆز گۈزەللىكىمىز بىلەن زاتىنىڭ گۈزەللىكى ئارىسىدا ھېچبىر نىسبەت يوقتۇر. بۇنداق بىر نىسبەت بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتىمۇ ئاددىي ۋە كىچىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئۆز لەززىتىمىز، سۆيۈنچىمىز، ھەۋەس ـ ئىشتىياقىمىز بىلەن ئۇنىڭكى ئارىسىدا نىسبەت يوقتۇر. چۈنكى بۇ نىسبەت بەك جۈزئىدۇر. ئۇششاق (كىچىك) بىر مىقدار بىلەن كۆللى (پۈتۈن) ئارىسىدا ۋە ئەڭ كەمتۈك شەيئى بىلەن مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى چېكى ئارىسىدا قانداقمۇ بىر نىسبەت بولسۇن! . . .

دەسلەپكى بارلىق ئۆز زاتىدىن قانچىلىك لەززەت، سۆيۈنۈش ۋە زەۋق ھېس قىلسا، ئۆز زاتىنىڭ ئاشىقى بولۇپ، زاتىنى ئۆز نىسبىتىدە سۆيىدۇ ۋە ھەۋەسلىنىدۇ. بىزنىڭ ئۆز پەزىلىتىمىزگە ئاشىق بولۇشتىن ھېس قىلغان زەۋقىنىڭ دەسلەپكى بارلىقتا نىسبىتى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە كامالىنىڭ بىز ياخشى كۆرگەن ئۆز پەزىلەت ۋە كامالىمىزغا بىز ياخشى كۆرگەن ئۆز پەزىلەت ۋە كامالىمىزغا بولغان نىسبىتىگە ئوخشاشتۇر. بۇ شۇ قەدەركى، ئۇنىڭدا سۆيگەن سۆيۈلگەننىڭ ئۆزىدۇر. ياخشى كۆرگەن ياخشى كۆرۈلگەننىڭ ئۆزىدۇر. ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئۆزىدۇر. بىزدە بولسا بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا، پەزىلەت ۋە گۈزەللىك مەشۇقلىرىمىز بولسىمۇ، ئاشىق ئەمەستۇرلەر. بىزدىكى ئاشىق ئۇنىڭدىكىدىن باشقا بىر قۇۋۋەتتۇر، ئۇندا مەشۇقتىن ئەسەر يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە مەشۇق ئاشىقنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر. ئۇنىڭدا بولسا مەشۇق ئاشىقنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ سۆيۈلسۇن، سۆيۈلمىسۇن دەسلەپكى يار ئۇدۇر. ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇنسۇن، بولۇنمىسۇن دەسلەپكى مەشۇق شۇدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 7. پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا

دەسلەپكى بارلىق ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان. دەسلەپكى بارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس بارلىقىدىن (مەۋجۇتلۇقىدىن) باشقا مەۋجۇتلۇقلارنىڭ خالىسۇن، خالىمىسۇن پەيدا بولۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ بارلىقلارنىڭ قىسمەن تۇيغۇ بىلەن مۇشاھىدە ئېتىلگەن ۋە قىسمەن دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن بىلىنگەن بارلىقى، ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن پەيدا بولغان ئەمەستۇر. دەسلەپكى بارلىقتىن باشقىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ باشقا بارلىققا تېشىشى ① ۋە باشقىسىنىڭ ئۇنىڭ بارلىقىدىن تېشىش قابىلىيىتىدىندۇر. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىقى ھېچبىر رەۋىشتە ئۆزىنىڭ نە سەۋەبى، نە مەقسىتى بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ ۋۇجۇدى (بارلىقى) ئانا ۋە دادىنىڭ بار بولۇشىغا (سەۋەب) ۋە مەقسەت تەشكىل قىلالمايدۇ. بۇ پەقەت شۇنداق دېگەنلىكتۇركى، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بارلىق، ئۇنىڭغا كامالەت ئەكېلىدۇ، نىھايەتكى، بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ كۆپى بىزگە شۇ نەرسىنى تەمىن ئېتىدۇ. مەسىلەن، باشقا بىرسىگە مال بەرگەن ۋاقتىمىزدا، پەيدا بولغان شەرەپ ۋە مەمنۇنلۇق ۋە ياكى باشقا ياخشىلىقلار بىزگە كامال ئەكېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىدىن باشقىسىمۇ يوقكى، ئۇنىڭ بارلىقىدىن (مەۋجۇتلۇقىدىن) مەقسەت باشقا شەيئىلەرنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ھەم بارلىقىغا (مەۋجۇتلۇقىغا) بىر تاشقى سەۋەب بار ئىكەنلىكى بىلەن دەسلەپ-

① تاشماق ـ تېشىپ چىقماق دېگەن مەنىدىكى بۇ سۆز فارابىنىڭ «فەيز» سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سۆز مەنىسى «موللۇق، كۆپلۈك، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرماق، بەھرە، ئىلھام ئالماق...» دېگەن مەنىلەردە. بۇ ئورۇندا بىر شەيئىدىن يەنە بىر شەيئىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا نىسبەتەن قوللىنىلغان. يەنى تېشىپ يەنە بىر شەيئىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ـكى (بىرىنچى) بولۇشتىن قالىدۇ. ئۇ ئەينى زاماندا باشقىسىغا ۋۇجۇد (بارلىق) بەرمەك بىلەن ئۆزىدە بولمىغان ۋە ئۆز كامالى (مۇكەممەللىكى) سىرتىدىكى بىر كامالەتنى بەرمەيدۇ. نىھايەتـ ـكى، مېلىنى ياكى باشقا نەرسىسىنى تەقدىم قىلغان كىشى زەۋق، شەرەپ، باشقۇرۇش ۋە ياكى باشقا ياخشىلىقلارغا ئېرىشىپ كامال تاپماق مەقسىتى بىلەن قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى دەسلەپكى بارلىق ئۇ ۋاقىتتا دەسلەپكىلىكتىن قالغان ۋە بىرىنچىلىكتىن چۈشۈپ، ئۆزىدىن باشقىسىنىڭ بىرىنچىلىكىنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا باشقىسىنى سەۋەب قىلغان بولىدۇ.

ھەقىقەت سۈپىتىدە ئۇنىڭ بارلىقى ئۆز زاتى ئىچىدىدۇر. جەۋھىرى بارلىقنى تەقسىپ ئېتىپ ئارقىسىدىن كېلىش بىلەن ئۇنىڭدىن باشقىسى پەيدا بولىدۇ. شۇ تەرىزدە ئۇنىڭ بارلىقى باشقىسىنىڭ بارلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۇنىڭ جەۋھىرى ۋە زاتىنى جەۋھەرلەندۈرگەن ۋۇجۇدى، باشقىسىنىڭ بارلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋۇجۇدىنىڭ (بارلىقىـ ـنىڭ) ئۆزىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش، مەسىـ ـلەن، بىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز بولغان تولۇق بىلەن يېزىش قابىـ ـلىيىتىدىن ـ ئىككى ئايرىم خۇسۇسىيەت پەيدا بولمايدۇكى، ئۇنىڭ بىرى بىلەن زاتىنى بىلىدىغانغا، يەنە بىرى بىلەن باشقىسىـ ـنى ھاسىل قىلىدىغانغا. ئۇ ھەقىقەت سۈپىتىدە بىر يېگانە زات ۋە يەككە جەۋھەردۇركى، ئۇنىڭ بىلەن ھەم جەۋھەرلىنىدۇ، ھەم باشقىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ بارلىقىدىن، ئەينى زاماندا باشقا بىر بارلىقنىڭ ـ ئۆز زاتىدا بولمىغان ـ باشقا بىر شەيئىگە پارلاپ چىقىشىمۇ ئېھتىياجى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ نە ئۆزىدە بار بولغان بىر بەلگە، ئالامەتكە، نە ئۆزىدىن سىرتتا بولغان بىرەر ۋاسىتىگە تېخىمۇ ئېھتىياجى يوقتۇر. مەسىلەن، ھور چىقىرىش ئۈچۈن ئىسسىقلىق بېرىدىغان ئوت ۋە ھورغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايلىنىدىغان سۇغا ئوخشاش ۋاستىلەرگە ئېھتىياجى يوقتۇر ياكى قۇياشنىڭ سۇنى ئىسسىتىشى ئۈچۈن سۇنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ۋە بۇ ھەرىكەت بىلەن يېڭى بىر ھالەتكە ئىگە بولۇشى ھەم مۇشۇ ھالەت بىلەن سۇنىڭ ئىسسىش قابىلىيىتىدەك بىرەر ۋاستىگە ئېھتىياجى يوقتۇر. ياكى بولمىسا، ياغاچچىنىڭ تاختاينى بۆلۈش، تىلىش ۋە يېرىش ئۈچۈن ھەرە ۋە كەسكۈچ قاتارلىق قوراللارغا موھتاج بولغىنىغا ئوخشاش، بۇلارغا ئېھتىياجى يوقتۇر.

باشقىسىنىڭ بارلىقىغا سەۋەب بولغان ۋۇجۇد (بارلىق) ئۇنى جەۋھەرلەندۈرگەن ۋۇجۇدىدىن (بارلىقتىن) مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇنى جەۋھەرلەندۈرگەن ۋۇجۇدى باشقىسىنىڭ بارلىقىغا سەۋەب بولغان ۋۇجۇدىدىن مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئەكسىچە، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى زاتىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇندىن باشقا بارلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسقۇن بولغۇدەك ئىچىدە ياكى سىرتىدا ھېچقانداق بىر توسالغۇ يوقتۇر.

## 8. مەۋجۇداتلارنىڭ مەرتىۋىلىرى (دەرىجىلىرى) توغرىسىدا

بارلىقلار (مەۋجۇتلار) ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. كۆپلۈكى بىلەن بىرگە بىر - بىرلىرىدىن ئۈستۈندۇر. ھەربىر بارلىق تولۇق بولسۇن ياكى كەمتۈك بولسۇن، ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن بارلىققا كەلگەندۇر. جەۋھىرى شۇنداق بىر جەۋھەردۇركى، پۈتۈن بارلىقلار دەرىجىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن پەيدا بولغاچقا، ھەربىرى مەۋجۇتلۇقتىكى رەت تەرتىپىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىپ پەيدا بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئەڭ كەمتۈكى پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن كەمتۈكتىن يەنىمۇ كەمتۈككە ماڭغاچ، ئەڭ ئاخىرىدا شۇنداق بىر بارلىققا (مەۋجۇتلۇققا) بارىدۇكى، ئۇنىڭ-

دىن تۆۋەنگە ماڭغان تەقدىردە تولۇق بىر يوقلۇققا بارغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەۋجۇتلۇقلار (بارلىقلار) ۋۇجۇدىدىن قالغان بولىدۇ.

پۈتۈن بارلىقلار، پەقەت ئۆز ۋۇجۇدىغا خاس جەۋھەرلەردىن پەيدا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ جۈمەرددۇر (سېخىيدۇر). بۇ جۈمەردلىك ئۇنىڭ جەۋھىرىدۇر. يەنى پۈتۈن بارلىقلار تەرتىپكە ئاساسەن ئۇنىڭ جەۋھىرىدىن ئۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارلىققا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادىلدۇر. ئۇنىڭ ئادالىتىمۇ جەۋھىرىدە بولۇپ، جەۋھەرنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر. بۇ جەۋھەر شۇنداق بىر جەۋھەردۇركى، بارلىقلار ئۇنىڭدىن ئۆز دەرىجىلىرىگە ئاساسەن پەيدا بولغاندىن كېيىن، بىر - بىرلىرى بىلەن شۇنداق بىر تەرتىپتە ماسلىشىدۇكى، بىر توپ شەيئى قوشۇمچە شەيئى ھالىتىدە شۇ توپتىن پەيدا بولىدۇ.

بارلىقلارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ باغلاپ تۇرغان بۇ باغلىغۇچىلار بەزى شەيئىلەرنىڭ ئۆز جەۋھەرلىرى ئىچىدە بولسىمۇ، بۇلار بەزى شەيئىلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەردىن بولۇپ، ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان سۆيگۈگە ئوخشايدۇ. سۆيگۈ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا تېگىشلىك بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ بىلەن قائىم ئەمەستۇر (يەنى ئۇنىڭ بىلەن تىك تۇرمايدۇ). گەرچە سۆيگۈمۇ ئاللادىن كەلگەن بولسىمۇ، چۈنكى ئۇنىڭ جەۋھىرى شۇنداق بىر جەۋھەردۇركى، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بارلىقلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىش ۋە توپلىشىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## 9. ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ بولغان دەسلەپكى بارلىقنى ئاتايدىغان ناملار توغرىسىدا

ئۇنى ئاتايدىغان ئىسىملار، ئارىمىزدىكى ئەڭ ئۈستۈن بار-

www.uyghurkitap.com



لىقلارنىڭ مۇكەممەللىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملاردۇر. لې-
كىن بۇ ئىسىملار بىز قوللانغان مەنە ۋە ئاساستا قوللىنىلماس-
تىن، دەسلەپكى بارلىقنىڭ كاماللىقىغا دالالەت قىلىشى لازىم.
ئاندىن بۇ ئىسىملار كۆرسەتكەن مۇكەممەللىكلەر كۆپ بولسىمۇ،
بۇلارنىڭ دەسلەپكى بارلىقتىكى تۈرلۈك مۇكەممەللىكلىرىنى
كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قىسىملىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھەم
دەسلەپكى بارلىقنىڭ بۇ مۇكەممەللىكلەردىن ھەربىرى بىلەن جەۋ-
ھەرلەنگەن دەپ چۈشەنمەيلى. بۇ تۈرلۈك ئىسىملارنىڭ بىر يەككە
جەۋھەرنى ۋە بۆلۈنمەس بىر يېگانە بارلىقنى كۆرسەتمىكى لازىم-
دۇر.

كۆز ئالدىمىزدىكى شەيئىلەرنىڭ كامال ۋە پەزىلىتىنى كۆر-
سىتىدىغان ئىسىملارنىڭ بىر قىسمى، بىر شەيئىنىڭ باشقىسىغا
نىسبەتەن ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىد-
گە دالالەت ئېتىدۇ. مەسىلەن، يەككە ۋە تىرىك قاتارلىقلار. بىر
قىسمى بولسا، بىر شەيئىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ پەقەت باشقا
بىر شەيئىگە بولغان نىسبىتىگە دالالەت ئېتىدۇ. ئادىل ۋە جۆمەرد
(سېخىي) قاتارلىقلار.

بۇ ئىسىملار ئارىمىزدا ئىپادىلەنگەن پەزىلەت ۋە كامالەتكە
دالالەت ئېتىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىدا قالغان بىر شەيئىگە بولغان
نىسبەتلىرى كامالىتىنىڭ بىر قىسمىغا دالالەت ئېتىدۇ. بۇ شۇن-
داق دېگەنلىككى، بۇ ئىسىم ياكى پەزىلەت ە كامال، ئۇنىڭ
قوشۇمچىسى بولغان رەۋىشتە ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.
بۇلارغا ئوخشاش ئىسىملار نەقىل ئېتىبارى بىلەن دەسلەپكى بار-
لىققا قوللىنىلىدۇ. باشقىسىغا بولغان نىسبىتى بىلەن بۇلار دەس-
لەپكى بارلىقتىن پەيدا بولغان بارلىقلارغا دالالەت ئېتىدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن بۇ نىسبەتنى نە ئۆزىنىڭ بىر قىسمى (جۇزئى) دەپ
چۈشەنمەسلىكىمىز، نە ئۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن كامالەتنى، ئۇ
نىسبەت ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭ ئاساسى بولغان دەپ چۈشەنمەس-

لىكىمىز لازىم. لېكىن ئۇ ئىسىم بىلەن ئۇ نىسبەتنىڭ زۆرۈر-
يىتىدىن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان جەۋھەر ۋە كامال دەپ چۈشەنمەسلى-
كىمىز كېرەككى، ئۇ جەۋھەر بىلەنلا تىلك تۇرالايدۇ ۋە ھەم
ئۇ ئىسىمنىڭ كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىنغان جەۋھەرنى
ئىپادىلەيدۇ.

## 10. سەۋانى (ئىككىنچى مەۋجۇتلۇقلار) ۋە كۆپلۈكنىڭ بولۇشى توغرىسىدا

دەسلەپكى بارلىقتىن ئىككىنچىسىنىڭ ۋۇجۇدى بارلىققا كې-
لىدۇ. بۇ ئىككىنچىسى تېخى جىسىمغا ئايلانمىغان ۋە ماددىسىز
بىر جەۋھەر بولۇپ، ئۆز زاتىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ.
ئۆز جەۋھىرىدە بىلگەن شەيئى زاتىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.
دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۈچىنچى بىر
ۋۇجۇدنىڭ بارلىققا كېلىشى كېرەك بولىدۇ. ئۆزىگە خاس زاتى
بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن بىرىنچى ئاسمان
پەيدا بولىدۇ. ئۈچىنچىسى ھەم ماددىسىز بولۇپ، جەۋھىرى
ئېتىبارى بىلەن ئەقىلدۇر. ئۆزىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلە-
دۇ. ئۆزىگە خاس زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغانلىقتىن، ئۇ-
نىڭدىن تۇرغۇن يۇلتۇزلار تۇركۇمى بارلىققا كېلىدۇ. دەسلەپكى
بارلىقنى بىلىشى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭدىن تۆتىنچى بىر ۋۇجۇد
(بارلىق) مەيدانغا كېلىدۇ. بۇمۇ ماددىسىز بولۇپ ھەم ئۆزىنى،
ھەم دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆزىگە خاس زاتى بىلەن جەۋ-
ھەرلەنگەن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن زوھەل يۇلتۇزى بارلىققا
كېلىدۇ. دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبى بىەن ئۇنىڭدىن
بەشىنچى بىر ۋۇجۇد (بارلىق) نى بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك
بولىدۇ. بەشىنچىسىمۇ تېخى ماددىسىز بولۇپ، ئۆزىنى ۋە دەس-
لەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغانلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تىن، ئۇنىڭدىن مۇشتەرى يۇلتۇزى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ ماددىسىز بولۇپ، ئۆز زاتىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن مىرىخ يۇلتۇزى پەيدا بولىدۇ. دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭدىن يەتتىنچى بىر بارلىق پەيدا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىمۇ ۋۇجۇدى ماددىسىز بولۇپ، ئۆزىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەنلىكتىن ئۇنىڭدىن قۇياش بارلىققا كېلىدۇ. دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن سەكىزىنچى بىر ۋۇجۇد بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ ۋۇجۇدى ماددىسىز بولۇپ، ئۆزىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن زۆھرە يۇلتۇزى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭمۇ دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبى بىلەن، ئۇنىڭدىن توققۇزىنچى بىر ۋۇجۇد بارلىققا كېلىشى كېرەك. بۇمۇ ماددىسىز بولۇپ، ئۆز زاتىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەن بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن ئۇتارىد يۇلتۇزى بارلىققا كېلىدۇ. دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن ئونىنچى بىر بارلىق پەيدا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ تېخى ماددىسىز بولۇپ، ئۆز زاتىنى ۋە دەسلەپكى بارلىقنى بىلىدۇ. ئۆز زاتى بىلەن جەۋھەرلەنگەنلىكتىن ئۇنىڭدىن قەمەر (ئاي) نىڭ بارلىققا كېلىشى لازىم. بۇنىڭمۇ دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى يۈزىسىدىن ئون بىرىنچى ۋۇجۇدىنىڭ (بارلىقنىڭ) پەيدا بولۇشى ئۈچۈن، ماددا ۋە ماكانغا ھېچ ئېھتىياجى بولمىغان شەيئىلەر بۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار ماددىدى ئايرىم بولۇپ، جەۋھەرلىرى ئېتىبارى بىلەن ھەم ئەقىلدۇر، ھەم ماقۇلدۇر (ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر). قەمەر (ئاي) شارىنىڭ يېنىدا ئاسمان جىسىملىرى پايانىغا (چېكىگە) يېتىدۇ. بۇلار ئۆز تەبىئەتلىرى سەۋەبلىك دەۋرىي ھەرىكەت قىلىپ ئايلىنىدۇ.

## 11. ئارىمىزدىكى جىسىم ۋە بارلىقلار توغرىسىدا

بۇ يەردە ساناپ كۆرسەتكەن بارلىقلار، باشلىنىشتا جەۋھەر-لىرى ئەڭ ئۈستۈن مۇكەممەللىكلەرگە ئۇلاشقان بارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ بارلىقى ئاخىرقى ئىككىسىنىڭ ① يېنىدا چېكىگە يېتىدۇ.

بۇلاردىن كېيىنكىلەر، تەبىئەتلىرى تۆپەيلىدىن باشلىنىشتا تېخى ئۈستۈن مۇكەممەللىكلەرگە يەتكەن بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلاردىن ھەربىرى، ئەڭ كەمتۈك بارلىقلاردىن باشلىنىپ پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلىپ، ئاۋۋال جەۋھىرىدە، ئاندىن ئارەزلىرىدە، مۇكەممەللىكلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى باسقۇچىغا ئۇلىشىدۇ. بۇ تۈر-نىڭ تەبىئەتلىرىدىن پەيدا بولغان بۇ ھال، ئۆزىدە يات بولغان باشقا شەيئىدىن كەلگەن ئەمەستۇر. ئۇ قىسمەن تەبىئىيدۇر. قىسمەن ئىرادىدۇر (يەنى مەجبۇرىيىتىدۇر). يەنە قىسمەن تەبىئىي بىلەن ئىرادىنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. بۇلاردىكى تەبىئىي بولغانلار ئىرادىي بولغانلارنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ۋۇجۇدلىرى زامان ئىچىدە ئىرا-دىي بولغانلارنىڭكىدىن ئالدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي-لەر بولماي تۇرۇپ، ئىرادىيلەر بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەبىئىي جىسىملار «ئۇستۇقۇسلار» (ئۇنسۇرلار، ئېلېمېنتلار) بولۇپ، ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھور، ئوت ۋە باشقا شەيئىلەردۇر. مەدەنلەر بولسا ھەرخىل تاشلار، ئۆسۈمە-لۈكلەر ۋە نۇتۇققا ئىگە بولغان، بولمىغان ھايۋانلاردۇر.

## 12. ماددا ۋە شەكىل توغرىسىدا

بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاساسى ئىككى شەيئىدىن تەشكىل

تاپىدۇكى، بىرى، بوّشوّكنىڭ، بىرى، بوّشوّكنىڭ ياسىلىش ئۇ-سۇلىدۇر. تاختاي ھالىتىدە تۇرغان شەيئى ماددا ۋە خىيالدۇر (ئويدۇر)، ياسىلىش (قۇرۇلۇش) ھالىتىدە تۇرغان نەرسە سۇ-رەت، شەكىل ۋە ئوّرنەك شەيئىلەردۇر.

ماددا شەكىلنىڭ ئورنى (مەھەل) ۋە جايلاشقان جايىدۇر (مەۋجۇئى). ماددا بولمىسا شەكىلنىڭ نە ئاساسى، نە ۋۇجۇدى (بارلىقى) بولمايدۇ. ماددا، شەكىلگە نىسبەتەن ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شەكىل بولمىسا ماددىمۇ بولمايدۇ. شەكىلنىڭ بولۇشى ماددىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جىسىمغا ئايلانغان جەۋ-ھەرنىڭ ھەقىقىي جەۋھەر بولۇشى ئۈچۈندۇر. ھەر تۈرنىڭ شەك-لى پەيدا بولسا، ئۇ تۈر ئەمەلىي ۋە ئەڭ مۇكەممەل مەۋجۇدىيىتى بىلەن پەيدا بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۈرنىڭ ماددىچى بولۇپ، تاكى شەكلى بولمىغىچە، ئۇنىڭغا بولغان دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بوّشوّكنىڭ تاختىسى شەكىلگە ئىگە بولمىسا (يەنى بوّشوّك ياسال-مىسا)، ئۇ پەقەت ئىمكانى (بىلقۇۋۋە) [1] بوّشوّكتۇر. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى بوّشوّك بولۇشى ئۈچۈن شەكىلنىڭ ماددىسىدا تە-جەللى قىلىنىشى (كوّرۈنۈشى) لازىم. بىر شەيئىنىڭ ئىككى بارلى-قىدىن ماددىي بارلىقى ئەڭ كەمتۈك بىر ھالدىدۇر. بۇ ئىككى بارلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىكى، ئۇنىڭ سۈرەت (شەكىلگە ئىگە بولغان) ھالىدۇر.

جىسىملارنىڭ سۈرەتلىرى (شەكىللىرى) بىر – بىرىگە زىت بولۇپ، ھەربىرى ھەم بولىدۇ، ھەم بولالمايدۇ. ھەربىرىنىڭ ماددىسى ھەم سۈرىتىنى ئۆز سۈپىتىگە، زىت تەرىپىگىمۇ لازىم-

---

① بىلقۇۋۋە – «قۇۋۋەت بىلەن، كۈچ بىلەن، كۈچ تەسىرى بىلەن، ئىمكانىيەت بىلەن...» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەسەردە «بىلقۇۋۋە» بىلەن «بىل فىئل» (ئەمەلىي، ھەقىقىي) سۆزى بىللە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «بىلقۇۋۋە بارلىق» بىل فىئل بارلىق» «بىلقۇۋۋە ماقۇل» «بىل فىئل ماقۇل» دېگەندەك شەكىلدە قوللىنىلغان. بۇ سۆزلەر تىلىمىزدا قوللىنىلمايدى-غايدىغان بولغاچقا، ئىشلىتىلگەن ئورنىغا قاراپ، «بىلقۇۋۋە بارلىق» – «ئىمكانىي بارلىق»، «بىل فىئل بارلىق» نى «ھەقىقىي بارلىق» دەپ ئالدىم. چۈنكى فارابىنىڭ پىكرىچە، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ھالەتتىكى بارلىق «بىلقۇۋۋە بارلىق» (ئىمكانى بارلىق)، ۋۇجۇدقا چىققان، بارلىققا كەلگەن بارلىق بولسا «بىل فىئل بەتلىك».

دۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر بىرىنىڭ ماددىسى ھەممىسى ئارىسىدا ئورتاقتۇر. ئۇ ماددا ھەم ئۆزىگە كۆرە بىردۇر. چۈنكى كۆك ئاسمانىنىڭ ئاستىدىكى باشقا جىسىملار ئېلېمېنتلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئېلېمېنتلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ماددىسى يوق-تۇر. ئۇلار كۆك ئاسمان ئاستىدىكى ھەربىر شەيئىنىڭ ئورتاق ماددىلىرىدۇر. بۇ ئىسىملارنىڭ ھېچبىرى سۈرىتىنى ئالدىن ئال-مايدۇ. لېكىن ئۇلار ئاۋۋالدىن ھەقىقىي بارلىقلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇزاقتىكى بارلىقلىرىغا مەزھەر (ئېرىشكەن) بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار يالغۇز دەسلەپكى ماددىلىرىنىلا ئالغان بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنى داۋاملىق جەۋھەرلەندۈرگەن ھالدا شەكىلگە ئەگىشىپ، ھەقىقىي بارلىقلارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ـ سۈرەتلەرنىڭ (شەكىللەرنىڭ) پەيدا بولۇشى ئۈچۈن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىدۇ.

## 13. جىمى بارلىقلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ماددىي جىسىملارنىڭ بۆلەكلىرى توغرىسىدا

بۇ بارلىقلار تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ تۆۋىنى بولىدۇ. ئاندىن مۇكەممەلرە-كىگە، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن مۇكەممەلرەك بولغان مۇكەممەل-لىكلىرىگە بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئورتاق دەسلەپكى ماد-دىدۇر. ئۇنىڭدىن مۇكەممەل بولغان ئۇستۇقۇسلار ① كېلىدۇ. ئاندىن ئۆسۈملەكلەر، ئاندىن نۇتۇقسىز ھايۋانلار، ئۇنىڭدىن كې-يىن نۇتۇقلۇق ھايۋان (ئىنسان) كېلىدۇكى، بۇنىڭدىن مۇكەم-مەل شەيئى يوقتۇر. بىز ئالدىنقى بابلاردا ئېيتقان بارلىقلار تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە بولىدۇ: ئالدى بىلەن ئەڭ مۇكەممەللە-رى، ئاندىن كەمتۇكرەكلىرى، يەنىمۇ كەمتۇكلىرى ۋە ئەڭ

① ئۇستۇقۇسلار ـ تۆت ئۇنسۇر، يەنى سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەمتۈكلىرى كېلىدۇ. بارلىقلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ مۇ-كەممەللىرى دەسلەپكى بارلىقتۇر. دەسلەپكى بارلىقتىن ھاسىل بولغان شەيئىلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىرى ئومۇملۇق بىلەن جىسىم بولمىغان ۋە جىسىملاردىن كەلمىگەنلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن ئاسمان جىسىملىرى كېلىدۇ. بۇ بارلىقلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەللى-رىمۇ ئىككىنچى بارلىقلار بولۇپ، ئاندىن كېيىن باشقىلار، شۇ تەرتىپ بويىچە ئۇن بىرىنچىگە قەدەر كېتىدۇ. دەسلەپكى بارلىق-تىن كېيىن كەلگەن ئايرىم تەرتىپتىكى شەيئىلەرنىڭ سانى ئون بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرى توققۇز بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى-نىڭ يىغىندىسى ئون توققۇز بولىدۇ. بۇ ئون شەيئىنىڭ ھەربىرى ئۆز بارلىق ۋە دەرىجىسى جەھەتتىن ئايرىم بولۇپ، بارلىقىنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىغا تەئەللۇق بولۇشىغا ئىمكان يوقتۇر. چۈنكى بارلىقىدا ئۇنىڭغا ئورتاقلىق قىلىدىغان باشقا بىر بارلىق بولغان تەقدىردە، ئۇ بارلىق بۇنىڭ غەيرىيسى بولغانلىقتىن، بۇنى ئۇنىڭ-دىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك-كى، بۇ پەرقلەندۈرگۈچى قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق باشقا بىرىنىڭ بارلىقى بولالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككىسىگە تەئەللۇق بارلىقلار بىلەن بولماستىن، ھەر بىرىنى باشقىسىدىن پەرقلەندۈرىدىغان باشقا بىر خۇسۇسىيىتى باردۇر. بۇلاردىن ھەر-بىرىنىڭ زىتىمۇ يوقتۇر. چۈنكى زىتى (قارشى) بولغان نەرسى-نىڭ ئۆزى بىلەن زىتى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر ماددىسى بولماي-دۇ.

بۇ ئون شەيئىدىن ھېچبىرىنىڭ ماددىسى يوقتۇر. تۈرنىڭ سۈرەت (شەكىل) ماسىسلىرى كۆپەيگەنسېرى، شەخسلەرمۇ (يەككىلىك، ئايرىملىقلار) كۆپىيىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ماددىسى بولمىغان بىر شەيئىنىڭ تۈرىدە ئۆزىدىن باشقىسى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، زىت شەيئىلەر، يا جەۋھەردە بىر - بىرىگە زىت بولغان يالغۇز شەيئىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە سوغۇق-

مۇ، ئىنسىقمۇ قۇياشتىن كېلىدۇ. قۇياشنىڭ يېقىن ۋە يىراقلىد-
قىغا ئاساسەن ئىككى خىل پەرقلىق ھالەتتە بولغانلىقىدىن بۇ
ئىككى ھالەتتىن بىر ـ بىرگە زىت بولغان ھال ۋە نىسبەتلەر
پەيدا بولىدۇ. دەسلەپكى بارلىقنىڭ زىتىمۇ (قارشىسىمۇ) بولماي-
دۇ. ئىككىنچى شەيئىنىڭ زىت ھال ۋە نىسبەتلىرىنىڭمۇ تەسىرى-
گە ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچى، ئۇچىنچى تاكى ئونىنچىغا قەدەر
زىتلىق بولمايدۇ.

بۇ ئونىنىڭ ھەربىرىمۇ ئۆز زاتىنى دەسلەپكى (بىرىنچى)
سەۋەب دەپ چۈشىنىدۇ. ھېچبىرىدە يالغۇز ئۆز زاتىنىلا چۈشىنى-
دىغان بىر خىل مەۋجۇدىيەت ئۈستۈنلۈكى يوقتۇر. لېكىن ھەر
بىرى ئۆز زات بىلەن بىرىنچى سەۋەبنىڭ زاتىنى چۈشىنىپ،
قۇسۇرسىز پەزىلەتنى قوللىنىدۇ ھەم پەزىلەت ئۈستۈنلۈكىنى
چۈشىنىش نەتىجىسىدە ئۆز پەزىلىتىدىن زوق ئالىدۇ.

دەسلەپكى بارلىقنىڭ ئۆزىنى تونۇشتىن ھېس قىلغان زەۋققە
بولغان نىسبىتى [بۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان
دەسلەپكى] بارلىقنى تونۇشتىن ھېس قىلغان زەۋقنىڭ ئۈستۈن-
لۈكىنىڭ ئۆز كاماللىرىغا بولغان نىسبىتى ـ دەسلەپكى بارلىق-
نىڭ كامالىتىدىكى ئۈستۈنلۈك مەنبەسىدىندۇر. ئۆزلىرىنى تو-
نۇماق بىلەن ئۆزلىرىنى سۆيۈپ خۇشاللىنىشلىرىنىڭ، دەسلەپكى
بارلىقنى تونۇغاندىكى خۇشاللىقلىرىغا بولغان نىسبىتى، دەسلەپ-
كى بارلىقنىڭ نەپىس ۋە گۈزەللىكىنىڭ ئۆز نەپىس ۋە گۈزەللىك-
لىرىگە بولغان نىسبىتىگە ئوخشاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
دەسلەپكى بارلىقنى تونۇش بىلەن ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئاۋۋال
سۆيۈلگەن ۋە ئاۋۋال خۇشال بولۇنغان ھېسابلانسىمۇ، يەنە ئۆز
زاتلىرىنى تونۇش بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆيۈلگەن ۋە خۇشال
قىلىنغان بولىدۇ. بۇ ئون بارلىققا بولغان نىسبىتى بىلەنمۇ
دەسلەپكى بارلىق يەنە دەسلەپكى يار ۋە دەسلەپكى مەشۇق-
تۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 14. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرى توغرىسىدا

ئاسمان جىسىملىرى توققۇز دەرىجىلىك، توققۇز قىسىمدىن تەشكىل تاپقانكى، ھەربىر قىسىم بىر يۇملاق جىسىمدىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى يالغۇز بىر جىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھايىتىمۇ تېز سۈرئەتلىك ھەرىكەت بىلەن ئايلىنىدۇ. ئىككىنچىسىمۇ يالغۇز بىر جىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئورتاق ھەرىكەت قىلىدىغان بىر توپ جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا ئىككى خىل ھەرىكەت بىلەن ئايلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، تۆتىنچىسى، بەشىنچىسى، ئالتىنچىسى ۋە يەتتىنچىلىرىنىڭ ھەر بىرى ھەرخىل جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ جىسىملاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلىرى بولۇشى بىلەن بىرگە ھەممىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولغان ھەرىكەتلەرمۇ باردۇر.

بۇ جىسىملارنىڭ ھەممىسى جىنىسلىرى (تۈرلىرى) ئېتىبارى بىلەن بىر بولۇپ، پۈتۈنلۈكلىرى ئېتىبارى بىلەن ھەرخىلدۇر. ھەربىر پۈتۈنلۈكنىڭ يەنە بىر پۈتۈنلۈك بىلەن ئورتاق بولمىغان ئايرىم بىر خۇسۇسىيىتى باردۇر. ئەمەلىيەتتە، قۇياش باشقا بىر پۈتۈنلۈك بىلەن ئورتاق بولماستىن، ئۆز بارلىقىدا يېگانىدۇر. قەمەر (ئاي) ۋە باشقا يۇلتۇزلارمۇ شۇنداقتۇر. بۇلار ماددىي جىسىملارنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكلىرىگە ۋە مىسالىغا ئوخشايدىغان يەرلىرى باردۇر. ئۇ شەيئىلەر شۇ يەرلەر بىلەن تىك تۇرىدۇ. شۇ دەرىجىدىكى سۈرەتلىرىنىڭ زىتى (قارشى) بولمايدۇ. ھەر بىرىنىڭ تۇرغان ئورنى ئۇ سۈرەتتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭسىز بارمۇ بولالمايدۇ.

سۈرەتلەرنىڭ تۇرغان ئورۇنلىرىدا ھېچبىر ئۇسۇل بىلەن يوقلۇق بولمىغانلىقتىن ھەم ئۇلارنىڭ قارشى بولغىنىدەك يوقلۇق بولمىغانلىقتىن، بۇ ئورۇنلار ئۇ سۈرەتلەرنىڭ بىلىشىگە ۋە دەل ئەقىل بولۇشىغا توسقۇن ئەمەستۇر. ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ ھەربىرى سۈرئىتى ئېتىبارى بىلەن ئەمەلىي (بىل پېئىل) ئەقىلدۇر. ئۇ [ئەقلى] بىلەن دەسلەپكى بارلىقنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىپ چىققان بارلىقنىڭ زاتىنى بىلىدۇكى، ئۇ زاتتىن شۇ جىسىمنىڭ بارلىقى [پەيدا بولغان] بولىدۇ.

ئۆزلۈكىدىن بىلگەن شەيئىنىڭ ھەممىسى ئەقىل ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ جايلاشقان ئورۇننى (ماۋزۇنى) بىلىسىمۇ، ئەمما ئو- رۇننىڭ ئۆزىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئورۇن (ماۋزۇ) بىلەن بىلمەس- تىن، سۈرەت بىلەن بىلسە، ئۇنىڭدا بىلىنمىگەن بىر ماقۇل باردۇر. ئۇ ئۆزىنى جەۋھەرلەندۈرگەن ۋە ئۆزىگە سۈرەت (شە- كىل) بەرگەن ھەر شەيئىنى بىلىدۇ، يەنى ئۇ سۈرەت ۋە ماۋزۇ بىلەن جەۋھەرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى بارلىقتىن ۋە ھەيۇلەدىن (ماددىلىقتىن) قۇتۇلغان ئون شەيئىدىن ۋە ھەر ماۋ- زۇدىن ئايرىلىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭدا ماددا ئېتىبارى بىلەن ئورتاق- لىشىدۇ. ئۇنىڭمۇ ھەۋەس قىلغان نەرسىسى يالغۇز ئۆز زاتىنى بىلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى بارلىقنى بىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىغا سەۋەب بولغان ئايرىلىپ چىققان شەيئىنىڭ زاتىنى بىلىشتىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مۇفەرق (ئايرىلىپ چىق- قان) ـ دەسلەپكى بارلىققا بولغان ئىشقى ۋە دەسلەپكى بارلىقتىن ئېرىشكەن نەپىسلىك ۋە گۈزەللىكى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىش نۇقتىسىدىن يەنىلا دەسلەپكى بارلىققا ھەمشىرىكتۇر. (مۇش- تەرك). شۇ دەرىجىدىكى ئۇ خۇسۇستا ئاشەرەنىڭ (ئون شەيئى- نىڭ) ئەڭ تۆۋىنىدە بولۇش بىلەن بىرگە، ھەيۇلانى (ماددىي) جىسىملارنىڭ ئۆزىگە ئورتاق بولغان خۇسۇسلىرىنىڭ ئەڭ شەرەپ- لىكىگە ۋە ئەڭ ئۈستۈنىگە ھەم شەكىللەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەكىللەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى بولغان يۇمىلاقلىقتا ۋە تەرتىپتىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىگە ۋە ئەڭ ئۈستۈنىگە ھەم شەكىللەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى بولغان يۇمىلاقلىقتا ۋە تەرتىپتىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى بولغان نۇرغا مالىكتۇر (ئىگە بولغاندۇر) . ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرى ئەمەلىي نۇر ئۆتكۈزگۈچ-لەردۇر. چۈنكى ئۇلار يا ئۆزلىرىدىن يورۇقلۇق (نۇر) چىقىرىدۇ ياكى يۇلتۇزلار ۋاسىتىسى بىلەن يورۇغان بولىدۇ. ھەرىكەتلىرى دەۋرىي بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدۇر. ئۇلار تېخى باشلىنىشتا ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە جەۋھەرلەنگەن بولغانلىقلىرىدىن، ئەڭ بۈيۈك شەكىللىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە خاس بولغان تەرتىپ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان [ئاشارە (ئون شەيئى)] غا ئورناقتۇر.

## 15. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قەيەردە ئايلىنىدىغانلىقى، قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

[يۇلتۇزلارنىڭ] قەيەرگە قاراپ ئايلىنىدىغانلىقلىرى، ئۇلار-نىڭ قارىشىدا باشلىنىشتىلا بىلىمگەن ۋە چەتتە قالغان بىر نەرسىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئايلىنىدى-غانلىقلىرى، ھەر جىسىمنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ سىرتقى ئارەز-لىرى ئارىسىدا بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر جىسىم مۇئەييەن بىر ئورۇندا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنىڭ تۇرى دېگەندە، مۇئەييەن بىر جىسىمنىڭ ئايلىنىۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. ئورنى شۇ تۇردىن بولغان بىر شەيئىنىڭ پۈتۈنلۈكى، تۇرىنىڭ پۈتۈنلۈ-كىدىن ئايرىم بولمايدۇ. بۇ شۇ دەرىجىدىكى ھەر تۇرىنىڭ بۆلەك-لىرى ھەم ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىسىمنىڭ بۆلەكلىرى بار-دۇر. بۇ جىسىمنىڭ ھېچبىر بۆلىكى، خۇسۇسىي ماھىيەتتە ئەت-

-راپىدىكى ھەرقانداق بىر بۆلەككە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كەلمەيدۇ. لېكىن جىسىمنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەربىر بۆلىكىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىسىمنىڭ ھەر بۆلىكى ئەتراپىدىكى جىسىملارنىڭ بۆلەكلىرىگە مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت ۋە دائىم ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىدۇ. لېكىن بۇ جىسىمنىڭ ھەر قانداق بىر بۆلىكىنىڭ ئەتراپىدىكى جىسىمنىڭ ھەر قانداق بىر بۆلىكىدە پەيدا بولۇشى، باشقىكى بۆلەكىنىڭ (قىسىمنىڭ) ئالدىدا چۇشۇشنى شەرت قىلىدۇ. بۇ يولدا ھەر ئىككى قىسىمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بولۇشىغا ئىمكانىيەت يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپتىكىنىڭ قىسىملىرىدىن ھەربىر ئايلانمىسىنى (دەۋرىي) تولۇق تاماملاشتىن ئىلگىرى، تۇرغان ئورنىدىن چىقىپ، ئاندىن ئايلىنىشى لازىم. قىسىمنىڭ (بۆلەكىنىڭ) ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىدىكى ھالەت، ھەر قانداق بىر ۋاقىتقا توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ھالىتىدە دائىم تۇرۇشى كېرەك. ئۇ بۆلەك دائىم ئۆز ئورنىدا قېلىپ سان جەھەتتىن بىر، تۇر جەھەتتىنمۇ بىر بولسا، يەنى گاھ ئۇنداق بولۇپ، گاھ ئۇنداق بولمىسا، ئاندىن تۇر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئوخشىشىغا قايتىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ يەردىن چىقىپ ئۈچىنچى بىر ئوخشىشىغا قايتسا، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ چىقىپ تۆتىنچى بىر ئوخشىشىغا قايتسا ۋە مۇشۇ تەرتىپتە داۋام قىلىنۋەرسە، بىلگىنكى، ھەرىكەت قىلغان نۇقتا ئۈستىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئۇدۇل قايتقان شەيئى ئۆز ئايلىنىشىدا بولغان بولىدۇ. ئاسماندىكى جىسىملارغا بولغان نىسبىتى [مۇنداق] تۇر، نىسبەت دېمەك، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ۋە شۇنىڭدىن بۇ كېلىپ چىقىدۇ ياكى مىسال بولىدىغان شەيئىلەر دېگەنلىك بولۇپ، بىر مەۋقە (ئورۇن) نىڭ مەنىسى، بىر جىسىمغا ئۇيغۇنلاشقان يەنە بىر جىسىمغا بولغان نىسبىتى دېگەنلىكتۇر. مۇجەسسەم بىر دائىرىنىڭ يۇمىلاقلىقىدا بولغان ھەر قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر ئاسمان جىسىملىرى بۆلەكلىرىنىڭ، شۇ جىسىمنىڭ ئاستىدىكى يۈزلىرىنىڭ بۆلەكلىرىگە بولغان نىسبەتلىرى دائىم ئۆزگىرىش ئىچىدە بولۇپ، كېلەچەكتە ئۇ نىسبەتلەرنىڭ ھەربىرى ئالدىنقى نىسبەتلەرنىڭ ئوخشاشلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى بىر شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىگە بولغان نىسبىتى ئۇنىڭ ئادەتتىكى (تۆۋەن) ھاللىرىدىن بولۇپ، ئۇ شەيئىنىڭ جەۋھىرىدىن ئەڭ ئۇزاقتا بولغان ئارەزلىرى ئارىسىدا بولىدۇ. مۇستەقىل بىر ھەرىكەت بىلەن ئايلانغان ھەربىر شارنىڭ ۋە مۇجەسسەم دائىرىنىڭ ھەرىكىتى، باشقىسىنىڭدىن يا تېخىمۇ ئېغىر ياكى تېخىمۇ تېز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە قەمەر (ئاي) نىڭ شارى زۆھەلنىڭ شارىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز ئايلىنىدۇ.

## 16. دەۋرىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئورتاق تەبىئەتلىرىدىكى ھاللار توغرىسىدا

[ئاسمان جىسىملىرىنىڭ] ھەرىكەتلىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىر - بىرلىرىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزىگە ئاساسەندۇر. ئۇلاردىن ئېغىر بولغانلىرى ھەر زامان ئېغىر بولىدۇ. تېز بولغانلىرى دائىم تېزدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاساسەن قىسىملىرىنىڭ كۆپىنىڭ ھالەتلىرى ئارىلىرىدىن ۋە ئاستىلىرىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھالەتلىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشچانلىقى يۈزىسىدىن ھەربىرىگە ئۆز ئورنى ئەتراپىدا بەزەن تېز ئايلىنىش، بەزەن ئېغىر (ئاستا) ئايلىنىشتەك ئارەزى (تاشقى) بىر خۇسۇسىيەت لايىقتۇر. گەرچە بۇلارنىڭ بەزىلىرى دائىم تېز ياكى دائىم ئاستا ئايلىنىدىغان بولسىمۇ، زۆھەلنىڭ ھەرىكىتى بىلەن قەمەر (ئاي) نىڭ ھەرىكىتىنىڭ سىلىشتۇرۇلۇشى ھەم مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. بۇلار ئۇلاردىكى قارشىلىق نىسبەتلىرىگە مايىل بولۇپ، بەزىدە بىرلىشىدۇ، بەزىدە ئايرىلىدۇ. يەنە بەزىدە بىر - بىرىگە قارىمۇ

قارشى نىسبەتلەر ئاستىدىمۇ بولىدۇ. بۇلار ئەينى زاماندا ئاستىدىكى [جىسىملارنىڭ] بىر قىسمىغا بەزىدە يېقىنلىشىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. يەنە بەزىدە ئاشكارىلانمايدۇ. بۇ قارىمۇ قارشى شەيئىلەر، ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرىگىمۇ ياكى جەۋھەرگە يېقىن ئارەزلىرىگىمۇ كىرمەيدۇ.

لېكىن ئۇلارنىڭ نىسبەتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشىغا ئوخشاش شەيئىلەردۇركى، بۇلار ئاستىلىرىدىكى [مەۋجۇتلۇققا] بولغان نىسبەت بىلەن قارىمۇ قارشى ھېسابلىنىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى زىتلىققا ئۇچرىغان بارلىقلارنىڭ دەسلەپكىسىدۇر. زىتلىق پەيدا قىلغان دەسلەپكى شەيئىلەر، بۇ جىسىمنىڭ ھەم ئاستىدىكى جىسىملارغا بولغان نىسبىتىدىن ھەم ئۇ شەيئىلەرنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە بولغان نىسبىتىدىن ئىبارەتتۇر. بىر ـ بىرلىرىگە زىت بولغان بۇ شەيئىلەر زىت شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئادەتتىكىسىدۇر. زىتلىق بولسا، بارلىقتىكى (مەۋجۇتلۇقتىكى) بىر كەمتۈكلۈكتۇر. كەمتۈكلۈك ئاسمان جىسىملىرىغا ـ بار بولۇشى بەلگىلەنگەن ـ ئەڭ تۆۋەندىكى شەيئىلەرگە خاستۇر.

پۈتۈن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورتاق بىر تەبىئەتلىرى باركى، شۇ تەبىئەت سايىسىدە دەسلەپكى جىسىمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەردىن بىرى بىر كېچە ۋە بىر كۈندۈز ئىچىدە پەيدا بولغان دەۋرىي ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەت بىرىنچى ئاسماننىڭ ئاستىدا زورلۇق بىلەن پەيدا بولغان ئەمەستۇر. چۈنكى ئاسمان جىسىملىرىدىن ھېچبىرى زورلۇق بىلەن پەيدا بولمايدۇ. ئارىلىرىدا زىتلىقسىز بىر جەۋھەر پەرقى بولىدۇ. زۇھەل ۋە مۇشتەرى بىلەن ياكى ھەر قانداق بىر يۇلتۇز بىلەن باشقىسى ۋە ياكى ھەر قانداق ئىككى شار (پىلانېتا) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

ئاندىن ئۇلارنىڭ نىسبەتلىرىدە، ـ بۇ نىسبەتلەر بىلەن زىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرىنى ئۆزگەرتسە ھەم بىر زىتلىق بىلەن بولغان بولىدۇ. [بۇ نىسبەتلەر بىلەن] ئۇ [جىسىملار] ئۈستىدە بىرلىشىپ، بىر نىسبەتتىن قارشى نىسبەتكە ئۆتىدۇ ھەم ئۆزى تەرك ئەتكەن ھالغا سان ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، تۈر (جىنس) ئېتىبارى بىلەن قايتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەكرارلانغان، بىرىدىن يەنە بىرىگە ئۆتكەن، تېخىمۇ ئۇزۇن ياكى ناھايىتىمۇ قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە قايتقان نىسبەتلەر بىلەن، ھېچ تەكرارلانمايدىغان ھاللار ۋە نىسبەتلەر ئۆچرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى توپلىرىنىڭ يالغۇز بىر شەيئى بىلەن زىت كېلىدىغان نىسبەتلىرىمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بىر قىسىمىنىڭ بىر شەيئىگە يېقىنلىشىشى، باشقا بىر قىسىمىنىڭ شۇ شەيئىلەردىن يىراقلىشىشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

## 17. دەسلەپكى شەكىلنى ۋە دەسلەپكى ماددىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەبلەر توغرىسىدا

[ئاسمان جىسىملىرىنىڭ] ئورتاق تەبىئەتلىرى ئاستىلىرىدىكى ھەربىر شەيئىنىڭ ئورتاق دەسلەپكى ماددىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جەۋھەرلەرنىڭ ئىختىلاپى سەۋەبىدىن ھەرخىل جەۋھەرلەردىكى جىسىملار پەيدا بولىدۇ. نىسبەتلىرىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىتلىقلىرى بولسا قارىمۇ قارشى شەكىللەر مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلاردىكى زىت نىسبەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىرلىشىشىدىن دەسلەپكى ماددىدىكى زىت سۈرەتلەرنىڭ (شەكىللەرنىڭ) ئۆزگىرىشى ۋە بىرلىشىشى مەيدانغا كېلىدۇ. زىت نىسبەتلەرنىڭ ۋە تەتۈر مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن زىت - سۈرەتتىكى شەيئىلەردە ئايلىنىش ۋە ئۇيغۇنلۇق تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈركۈم جىسىمدىن - ئەينى زاماندا يەككە زاتقا ئۇدۇل كېتىشى لازىم بولىدۇ. ھەرخىل تىپتىكى ئۆزگىرىشچان ئۇيغۇنلۇقلاردىن ناھايىتىمۇ كۆپ جىسىملار پەيدا بولۇشى كېرەك.

[بۇلارنىڭ] تەكرارلىنىش ۋە ئەسلىگە قايتىش مۇناسىۋەتلىرىدىن بەزىسى قىسقا، بەزىسى ئۇزۇن ۋاقىتتا تەكرارلىنىدىغان ۋە ئەسلىگە قايتىدىغان شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ ھەم تەكرارلانمايدىغان، ئەمما ھەر قانداق ۋاقىتتا مەيدانغا كېلىدىغان ـ ئىلگىرى بولمىغانغا ئوخشاشلا كېيىنمۇ بولمايدىغان ھال ۋە مۇناسىۋەتلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغاندىن كېيىن، قايتا تەكرارلانمايدىغان شەيئىلەر ھاسىل بولىدۇ.

## 18. بار بولغان ماددىي جىسىملارنىڭ دەرىجىلىرى توغرىسىدا

ئالدى بىلەن ئۇستۇقۇسلار (ئېلېمېنتلار، يەنى تۆت تادۇ) پەيدا بولىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ تۇرى ۋە تەبىئەتلىرىدىكى جىسىملار پەيدا بولىدۇ. ھور ۋە بۇ توكۇمدىن بولغان بۇلۇتلار، شاماللار ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولغان باشقا شەيئىلەر ھەم يەرنىڭ ئەتراپىدا، ئاستىدا، سۇدا ۋە ئوتتا بولىدىغان شەيئىلەر مۇشۇلار جۇملىسىدىندۇر. ئۇستۇقۇش (ئېلېمېنتلار) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەيئىلەردىن ھەربىرى ئۈچۈن ياكى شۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بار بولغان ۋە ھېچقانداق تاشقى ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۇچى بولمىغان شەيئىلەرگە، توغرا ھالدا ئۆزلۇكىدىن ھەرىكەت قىلىدىغان قۇۋۋەتلەر، بىر ـ بىرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇۋۋەتلەر ۋە بىر ـ بىرلىرىدىن تەسىرلىنىدىغان قۇۋۋەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بۇلار ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ۋە بىر ـ بىرلىرىنىڭ تەسىرلىرى ئاستىدا بولغاچقا، بۇ خۇسۇسىتىكى پېئىللىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن زىتلىق ۋە زىتلىقسىز سۇرەتتە — بىر ـ بىرلىرىدىن پەرقلىق بولغان تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەر ۋە بىر قاتار ئۇيغۇنلۇقلار، مىقدارلار پەيدا بولىدۇ. بۇلاردىن يەنە باشقا جىسىملار پەيدا بولۇشى كېرەك. بۇلار تۆۋەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىكى تەرەپتە بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇستۇقۇسلار (ئېلېمېنتلار) بىر - بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ بۇلاردىن بىر - بىرىگە زىت بولغان بىر توپ جىسىملار بارلىققا كېلىدۇ. ئاندىن بۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىر قىسمى يالغۇز بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا ھەم بىر - بىرى بىلەن، ھەم ئۇستۇقۇسلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئىككىنچى بىر ئارىلاشما (بىرىكمە) پەيدا قىلىدۇكى، بۇنىڭدىنمۇ شەكىل جەھەتتىن بىر - بىرىگە زىت بولغان بىر توپ جىسىملار بارلىققا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرىدىنمۇ بىر - بىرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇۋۋەتلەر ۋە تاشقى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولمىغان ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىدىغان قۇۋۋەتلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇلارغىمۇ ئاسمان جىسىملىرى تەسىر قىلىپ بىر - بىرلىرىگە تەسىرى بولماي، ئۇستۇقۇسلارنىڭ (ئېلېمېنتلارنىڭ) تەسىرىگە ئۇچراشقا ۋە ئۇستۇقۇسلاردا (ئېلېمېنتلاردا) تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بۇ تۈرلۈك تەسىرلەرنىڭ تۈرلۈك جەھەتلەردە بىرلىشىشىدىن ھەرخىل ئىختىلاپلار پەيدا بولۇپ، ئۇستۇقۇسلاردىن ۋە دەسلەپكى ماددىدىن ناھايىتىمۇ يىراقلاپ (ئۇزاپ) كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىلىشا - ئارىلىشا كونا تەركىبلەردىن تېخىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن يېڭى تەركىبلەر ھاسىل بولۇش بىلەن شۇنداق بىر قارشىلىققا دۇچ كېلىدۇكى، ئارتۇق ئارىلىشىش مۇمكىنچىلىكى يوقىتىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىلاشمىلىرىدىن پەيدا بولغان جىسىملار، ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئۇستۇقۇسلارغا (ئېلېمېنتلارغا) يىراق بولۇپ كېتىدىپ، ئۆزگىرىش (ئايلىنىش) تاماملىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بەزى جىسىملار دەسلەپكى ئايلىنىشتىن (ئۆزگىرىشتىن)، بەزىلىرى ئىككىنچىسىدىن، باشقىلىرى تۆتىنچىسىدىن، يەنە بەزىلىرى ئاخىرقى ئايلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ. مەدەنلەر نىسبەتەن ئاددىي ۋە ئۇستۇقۇسلارغا تېخىمۇ يېقىن ئايلى-

نىشلاردىن ھاسىل بولغاچقا، ئۇستۇقۇسلاردىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەن بولىدۇ. نەبات (ئۆسۈملۈك) تېخمۇ ئارىلىشىپ، سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇستۇقۇسلاردىن تېخمۇ يىراق تەركىبلەردىن ھاسىل بولغاچقا، ئالدىنقىلىرىغا نىسبەتەن ئۇستۇقۇسلاردىن يەنىمۇ يىراقتا بولىدۇ. نۇتۇققا ئىگە بولمىغان ھايۋان نەباتتىن (ئۆسۈملۈكتىن) تېخمۇ ئارىلاشما بىر تەركىبتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئىنسان بولسا مۇستەسنا ھالدا، ئاخىرقى تەركىبتىن پەيدا بولىدۇ.

بۇ جىسىملارنىڭ ھەربىرىدە ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىندىغان قۇۋۋەتلەر، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇۋۋەتلەر، باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەسىرلىنىدىغان، يەنى قوزغاتقۇچى كۈچى باشقىسىدا بولغان قۇۋۋەتلەر بولىدۇ. تەسىرچان قۇۋۋەتلەرنىڭ تەسىرلىرى، ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئاز ۋە باراۋەر دەرىجىدە بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ئۈچ دەرىجىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. تەسىرلەنگەن (تەسىرگە ئۇچرىغان) قۇۋۋەتلەرمۇ ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئاز ۋە باراۋەر بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ئۈچ دەرىجىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. ھەر قۇۋۋەتنىڭ باشقىسىغا بولغان تەسىرى يا يۆنىلىشچان (قاراتمىلىق)، يا زىت ماھىيەتتە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇلار بىر - بىرلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەندە ئاسمان جىسىملىرى ئۇلارنىڭ بىر قىسمىغا ئۇدۇل يۆنەلگەن، يەنە بىر قىسمىغا ئەكسىچە (قارشى) يۆنىلىشتە بولىدۇ. يۆنەلگەن شەيئىلەرگىمۇ بەزىدە يۆنىلىدۇ. بەزىدە قارشى (زىت) بولىدۇ. قارشى (زىت) بولغان شەيئىگىمۇ بەزىدە زىت بولىدۇ، بەزىدە يۆنىلىدۇ. بۇ سۇرەت بىلەن ئۇلارنىڭ بىر - بىرلىرى ئالدىدىكى پېئىللىرىغا (ھەرىكەتلىرىگە) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ پېئىللىرىنىڭ (ھەرىكەتلىرىنىڭ) تەسىرلىرى قوشۇلۇپ، شۇ قەدەر كۆپ ئۇيغۇنلۇق ۋە ئايلىنىشلار پەيدا بولىدۇكى، ھەربىر تۈرىدە ئاخىرقى دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تۈركۈم شەخسلەر (ئايرىمىلىقلار، يەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىلمىكلەر) بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇ كۆك ئاسمان ئاستىدىكى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ بار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدۇر.

## 19. ماددىدىكى شەكىللەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا

بۇ [تەبىئىي شەيئىلەر] ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سۇرەتتە بار بولىدۇ. بار بولغاندىن كېيىن ئەبەدىي ھەر دائىم بولۇشى كېرەكتۇر. لېكىن بۇ خىلدىكى بارلىقلارنىڭ ئاساسى ماددا ۋە شەكىلدىن تەشكىل تاپقىنى، شەكىلمۇ قارىمۇ قارشى ھالەتتە بولغىنى ۋە ھەر قانداق ماددىنىڭ بۇ شەكىل بىلەن ئۇنىڭ زىتىدىن تەشكىل تاپقىنى ئۈچۈن، بۇ جىسىملارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھەم شەكلى جەھەتتىن ھەقىقى ۋە لاياقىتى بولىدۇ ھەم ماددىسى جەھەتتىن ھەقىقى ۋە لاياقىتى بولىدۇ. شەكلىنىڭ ھەققى ئۇنىڭ بولغان ۋە بولىدىغان ھالىتىدە قېلىشىنى بۇيرۇيدۇ. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالنى ئەينى زاماندا رېئاللاشتۇرالىغان تەقدىردە، ئالدى بىلەن بىرىنى رېئاللاشتۇرۇپ مەۋجۇت بولۇشى ۋە بۇ بارلىقنى (مەۋجۇتلۇقنى) بىر مۇددەت ساقلىغاندىن كېيىن، قارشى تەرىپىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى تەرەپ قىلىپ، باقىي (ئەبەدىي) قىلىشى لازىم. بۇ ھال مۇشۇ بويىچە داۋاملىنىش بىلەن، بۇ ھالەتلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئەبەدىيلىكى (بايقاش) باشقىسىنىڭ ئەبەدىيلىكىدىن ئۈستۈن بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ۋۇجۇد (بارلىق) ۋە باقىيدىن (ئەبەدىيلىكتىن) ئۈلۈشى باردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ماددا ئىككى زىت تەرەپ ئارىسىدا ئورتاق بولغاندا ھەم بۇ زىتلارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ بىلەن بار بولغاندا، ماددا ئىككى زىتتىن بىرىنى ئەۋزەل قىلمىغان ۋە ھەر بىرىنى ئەينى زاماندا ئايرىۋېتەلمىگەن تەقدىردە، ئۇ ماددىنىڭ گاھ بۇ زىتنى، گاھ ئۇ زىتنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ ئېلىشى لازىم

بولىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن ھەربىرىنىڭ باشقا بىرىدە ھەقىقى بار-دەك بولىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىلغان قىسمىدا باشقىسىغا ئائىت بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىرىنىڭ باشقىسىغا قايتۇرىدى-غان ھەققى بولغان بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئادالەت، ھەربىرىنىڭ ماددىسىدىن باشقىسىنىڭ ھەققىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇش دېمەكتۇر.

بارلىقلار ئارىسىدا ئادالەتنىڭ ئورنىغا كېلىشى ئۈچۈن، بىر شەيئىنىڭ سان جەھەتتىن دائىم بىر تۇرۇشىغا مۇمكىنچىلىك بولمىغاچقا، زامان بويىچە تۈرى ئېتىبارى بىلەن بىر بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. بىر شەيئىنىڭ تۈرى ئېتىبارى بىلەن بىر بولۇپ قېلىشۋېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئائىت شەخسلەرنىڭ بىر مۇد-دەت مەۋجۇت بولغاندىن كېيىن يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ تۈردىكى باشقا شەخسلەر كېلىشى كېرەك. بۇ يول بىلەن داۋام قىلغان شەيئىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇستۇقۇسلاردىن (ئېلېمېنتلار-دىن) تەشكىل تېپىپ، يەنە بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئايلىنىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئايلىنىشتىن (ئۆزگىرىشتىن) كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى ناھايىتىمۇ ئاربلاشما تەركىبتە بولۇپ، يەنە بىر قىس-مى ناھايىتىمۇ ئاددىي تەركىبتە بولىدۇ. ئۇستۇقۇسلارغا كەلگەندە ھەربىرىنىڭ تەلەپ قىلىدىغان زىت تەرىپى يالغۇز سىرتىدىلا بولى-دۇ. چۈنكى ئۆز جىسمىنىڭ قىسىملىرى ئارىسىدا زىتى بولماي-دۇ. ئاز تەركىبتىن ھاسىل بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىچكى زىتلىقلىرى ئاددىي بولۇپ، قۇۋۋىتى ئاجىز ۋە زەئىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ھالاك قىلغۇچى زىتلىقلىرى ئاساس ئېتىبارى بىلەن زەئىپ ۋە قۇۋۋەتسىزدۇر. بۇنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەن بىر ياردەمچىگە موھتاجدۇر. مۇشۇ رەۋىشتە بۇلارنىڭمۇ ھالاك قىلغۇچى زىتى سىرتتىن كەلگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاز تەرتىپتىكى ئايلىنىشلارنىڭ ھالاك قىلغۇچى زىت-لىرى يالغۇز سىرتتىنلا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارىلاشما تەركىبتىكى ئايلىنىشلارغا كەلسەك، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋە تەركىبلىرىدىكى زىتلارنىڭ كۆپلۈكى نىسبىتىدە ئىچىلىرىدىكى ۋە ھەر تۈرلۈك شەيئىلەردىكى زىتلىرى ئاشكارا بولىدۇ ھەم ئىچكى زىتلىقلارنىڭ تەسىرلىرى شۇ نىسبەتتە كۈچلۈك ۋە ئورتاق بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتايلىكى، بۇ ئايلىنىشلار بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان زىتلاردىن تەشكىل تاپقىنى ئۈچۈن، ئىچلىرىدە بىر زىتلىقنىڭ بولۇشى بولمايدىغان ئىشلاردىن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلارنى ھالاك قىلغۇچى زىتلىرى جىسىملارنىڭ ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن كېلىدۇ.

جىسىملارنىڭ تاشقى زىتلىقلار بىلەن ھالاك بولغانلار، دائىم ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ (بۆلۈنۈپ) كەتمەيدۇ. نىھايەتكى، تاش قۇم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار پەقەت سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەر بىلەن پارچىلىنىدۇ. ئەمما نەبات (ئۆسۈملۈك) بىلەن ھايۋان ئۆز ئىچلىرىدىكى زىتلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن بۆلۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاردىن بىرى تەدرىجىي بولسا، شەكلى - پەقەت بۆلۈنگەن جىسىمنىڭ ئورنىغا كەلگەن بىر بەدەل بولغان تەقدىردە، بىر مۇددەت تىنچ بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆلۈنگەن جىسىمنىڭ ئورنىغا باشقا بىر شەيئى كەلگەن بولىدۇ. ھەرقانداق بىر جىسىمنىڭ ئورنىغا كەلگەن جىسىم بىلەن باغلىنىشى بولغان بىر بەدەل يوق. شۇڭا ئۇ جىسىمنىڭ سۈرىتىنى (شەكلىنى) ئالالمايدۇ. چۈنكى ھەربىر جىسىمدا ھاياتلىق قۇۋۋىتى (ئىقتىدارى) ۋە بۇ قۇۋۋەتنىڭ ياردەمچىلىرى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن جىسىملارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە زىت بولغان شەيئىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش بىلەن ئارىلىرىدىكى زىتلىق يوقىلىدۇ ھەم ئۇ شەيئىنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ شەكلىنى بېرىدۇ. لېكىن بۇ ھاياتلىق قۇۋۋىتى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باشقىسىغا ئۆتۈش قابىلىيىتىنى يوقىتىپ، مەزكۇر جىسىم يوقىلىدۇ. چۈنكى ھەيدىگۈچى قۇۋۋەت ئۇ جىسىمنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرالمايدۇ. شۇڭا ھەر قانداق

جىسىم ئىچىدىكى بۆلۈنمىلەردىن مۇشۇنداق ساقلىنىدۇ. ئۇنى هالاك قىلىدىغان تاشقى كۈچتىن ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلمىلىرى بىلەن قوغدىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇرنىڭ بىر خىللىقىنى ساقلىغان هالدا داۋاملىشىشى ئۈچۈن، يوقالغان قىسىملارنىڭ ئورنىغا باشقا بىرلىكلەر كېلىشى لازىم. بۇلاردىن يوقالغانلارنىڭ ئورنىغىمۇ يەنە باشقىلىرى كېلىدۇ. بۇ [ئەمەلىيەت] تۆۋەندىكى سۈرەت بىلەن پەيدا بولىدۇ. يا دەسلەپكى بىرلىكلەرنىڭ يېنىدا يېڭى بىرلىكلەر بولۇپ، دەسلەپكىلىرى يوقالغان هامان ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇ يېڭى بىرلىكلەر دەسسەيدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن يا ئۇ يەردە ياكى باشقا بىر يەردە هەر ۋاقىت تۇرنىڭ بىرلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ ياكى بولمىسا، دەسلەپكى بىرلىكنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان ئورۇنباسار دەسلەپكى بارلىقنىڭ يوقىلىشىدىن خېلى ۋاقىت كېيىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرنىڭ بىرلىكلىرىدىن خالىي بولغان بىر زامان (ۋاقىت) ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇ بىرلىكلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۆزلىرىگە تۇرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاپ قالىدىغان كۈچلەر بولىدۇ، بەزىلىرىدە بولمايدۇ. [ئوخشاشلىرى] بولمىغانلارنىڭ يوق بولغان سەۋەبلىرىنى پەقەت ئاسمان جىسىملىرىلا بارلىققا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى بۇ جىسىملار باشقىلىرىغا ئۇستۇقۇسلار (ئېلېمېنتلار) نى يەتكۈزىدۇ. تۇرلىرى ئېتىبارى بىلەن ئوخشاشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قۇۋۋەتكە ئېرىشكەن [جىسىملارنىڭ] بۇ قۇۋۋەتلىرىگە ساماۋى بولغان ۋە بولمىغان جىسىملارنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، بۇ قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىغا يا پايدىلىق بولىدۇ، ياكى ئۇنىڭ تەسىرىنى يوققا چىقارمىغان، هەتتا ئۇنىڭغا تەرتىپ بېرىدىغان بىر قارشىلىق (زىتلىق) بېغىشلايدۇ. بۇ تەرتىپ بىلەن قۇۋۋەتنىڭ ئىچىدىكى تەسىر يا ئۇيغۇنلۇققا ئېرىشىدۇ، ياكى ئۇ تەسىرنى يوققا چىقارمىغان رەۋىشتە ئۇ ئۇيغۇنلۇقتىن ئاز ياكى كۆپ دەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىدە يىراقلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تورۇدىكى ھالاك قىلغۇچى كۈچنىڭ (قۇۋۋەتنىڭ) ئورنىغا كېلىدىغان يېڭى بىر شەيئى پەيدا بولىدۇ.

پۈتۈن شەيئىلەر يا كۆپلۈكتە، يا ئاز ساندا ياكى تەڭ نىسبەتتە پەيدا بولىدۇ. بارلىقلار (مەۋجۇتلۇقلار) ئارىسىدا جىنسىنىڭ (تۈرنىڭ) ئەبەدىيلىكى مۇشۇ سەۋەبتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ جىسىملاردىن ھەربىرىنىڭ شەكلى جەھەتتىن ھەققى ۋە لاياقىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ماددىسى ئېتىبارى بىلەنمۇ ھەققى ۋە لاياقىتى باردۇر. شەكلى ئېتىبارى بىلەن بولغان ھەققى بار بولغان شۇ شەكىلنىڭ يوقالماسلىقىدۇر. ماددىسى ئېتىبارى بىلەن ھەققى بارلىرىغا (ۋۇجۇدىغا) زىت بولغان باشقا بىر بارلىقنىڭ يوق بولغانلىقىدۇر. ئادالەت بولسا، بۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز لاياقىتىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئورۇنلىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنى بىراقلا ئورۇنداش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، ئالدى بىلەن بىردىنى، ئاندىن يەنە بىرىنى ئورۇندىمىقى لازىمدۇر. ھەربىرى مۇشۇنداق بىر ۋاقىت ئۇچۇن مەۋجۇت بولىدۇ ۋە مەۋجۇتلۇقى ساقلانغاندىن كېيىن يوقىلىپ قارشىسى (زىتى) يېتىلىنىدۇ ھەم مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ. [جىنسىنىڭ] بارلىقىنى ساقلىغان نەرسە، يا ئۇنىڭ سۈرىتىنى (شەكلىنى) ھازىرلىغان جىسىمدا بولىدىغان قۇۋۋەتتۇر. بۇ قۇۋۋەت (كۈچ) ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ ساقلىنىشىغا يارىغان بىر ۋاستە ياكى ئۇنىڭ ساقلىنىشىنى روياپقا چىقارغان ھەرقانداق بىر جىسىم بولۇپ، مەھپۇز (ساقلانغان) بولغان [جىسىمغا] باشچىلىق قىلغان ـ ساماۋى ياكى غەيرىي ساماۋى بىر جىسىمدۇر ياكى بولمىسا، بۇ ھال پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ بىر يەرگە كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن بارلىقلار بىر ـ بىرلىرىگە زىت بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر ئىككى زىتنىڭ ماددىسىمۇ ئورتاق بولىدۇ، بۇ شۇنداقكى، بىر جىسىمنىڭ ماددىسى

يەنە بىرىنىڭ ماددىسى بولۇپ، بۇ يەنە بىرىنىڭ ماددىسىمۇ ئەينەن باشتىكى بىرىنچىنىڭ ماددىسىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەربىرىنىڭ زىتىدا باشقىسىغا ئائىت بىر نەرسە بولغىنىغا ئوخشاشلا، باشقىسىنىڭ زىتىدىمۇ ئۇنىڭغا ئائىت بىر نەرسە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن گويا ھەربىرىنىڭ باشقا زىتىدا بىر ھەققى بولغان بولىدۇكى، بۇ ھەق توغرىدىن ـ توغرا بىرىدىن يەنە بىرىگە ئۆتىلىشى لازىم.

بىر شەيئىنىڭ باشقا زىتىدىكى ماددىسى ـ باشقا جىسىم بىلەن تويۇنغان بىر جىسىمغا ئوخشاش ـ يا ئۇنىڭ شەكلىگە ئەينەن ئورۇنىدۇ ۋە ياكى بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىنسانلارغا ئىزباسار بولغىنىغا ئوخشاش ـ ئۇ شەيئىنىڭ ئۆز سۈرىتىگە (شەكلىگە) ئەمەس، بەلكى تۈرىنىڭ سۈرىتىگە ئورنىدۇ. بۇ خۇسۇسىتىكى ئادالەت، ئۇ [شەيئىنىڭ] ئۆز زىتىدا بولغان باشقا بىر شەيئىنىڭ ماددىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا قايتىشى ۋە باشقا بىرىنىڭ زىتى بولغان [ئۆز] ماددىسىغا قايتىشىدۇر.

بىر شەيئىنىڭ ئۆز ماددىسىنى زىتىدىن ئېلىپ چىقىشى يا جىسىمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ شەكلىگە يېقىنلىشىدىغان قۇۋۋەتتىن بولىدۇ ۋە شۇ جىسىم بۇ خۇسۇستا [ئۇ قۇۋۋەتنىڭ] ئايرىلمىغان بىر ۋاستىسىنى تەشكىل قىلىدۇكى، [ئۇنىڭ سايىسىدە] يالغۇز ئۆز زىتىدىن ماددىسىنى ئېلىپ چىقىشقا يارايدۇ. ئۇ جىسىمدا ياكى باشقا بىر قىسىمدا باشقا بىر قۇۋۋەت (كۈچ) بولىدۇكى، ئۇ شۇ جىسىمغا يا ئەينەن ئۆز سۈرىتىنى ياكى تۈرىنىڭ سۈرىتىنى بېرىدۇ ياكى بولمىسا ھەر ئىككى ئىشنى قىلىدىغان يەككە بىر قۇۋۋەت بولىدۇ ياكى ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغان جىسىمدىن ھەققىنى (ئۈلۈشنى) ئالغان بىرەر قۇۋۋەت (كۈچ) بولىدۇ. بۇمۇ يا ساماۋى قۇۋۋەتتىن ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جەم بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.

بىر جىسىم باشقا بىر جىسىمنىڭ يا شەكلىنى تولۇق بېرىش بىلەن ئۇنىڭ ماددىسى بولىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەخش ئېتىپ، پىداكارلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ماددىسى بولىدۇ. باشقا بىر جىسىمغا ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلغان جىسىم شۇ ئىككى هالدىن بىرىگە ۋاستە بولىدۇ. يا سۈرەتنىڭ (شەكىلنىڭ) پۈتۈنلۈكى بىلەن بولىدۇ ياكى سۈرىتىنىڭ شۆھرىتىدىن بىر قىسمىنى پىدا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەستىن ئۇنىڭغا ۋاستە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قۇللارنى ئىشلەتمەكچى بولغانلار، ئۇلارنى ئۆرۈپ تېخىمۇ پەسلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ.

## 20. روھنىڭ قىسىملىرى ۋە قۇۋۋەتلىرى توغرىسىدا

بارلىققا كەلگەن ئىنساننىڭ ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن قۇۋۋىتى ئۇنى ھاياتلىققا ئىگە قىلغان قۇۋۋەت بولۇپ، بۇ ھاياتلىق قۇۋۋىتى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىقنى، سوغۇقنى تونۇيدىغان، يېمەكلىكلەرنى ۋە ھىد ـ پۇراقلارنى پۇرايدىغان، ئاۋازلارنى تۇيۇيدىغان، رەڭلەر، نۇر ۋە كۆرۈنگەن ھەربىر نەرسىنى تۇيۇيدىغان ۋە تۇيۇلغان بۇ شەيئىلەرگە قارىتا بىزدە ئارزۇ ـ ئىستەك ئويغىتىدىغان ھەم بۇ نەرسىلەر ئىزدەتكۈزىدىغان ۋە يات كۆرگۈزىدىغان قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ. بۇ [سەزگۈ قۇۋۋىتى دېيىلىدۇ]، ئاندىن كېيىن، تۇيغۇلىرىمىز بىلەن كۆزىتىپ ھېس قىلغانلىرىمىزنىڭ روھىمىزدا قالدۇرغان ئىزلىرىنى (تەسىرىنى) ساقلايدىغان قۇۋۋەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر (خىيال) قۇۋۋىتى دېيىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت ھېس قىلغانلىرىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇمچە قىلغان ھالدا بىر گۇرۇپپا قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدۇ. بۇ ھەرخىل قوشۇمچىلار ۋە ئايرىلمىلارنىڭ بىر قىسمى ئالدامچى، بىر قىسمى ھەقىقىي بولۇپ، بىزدە ئويلاۋاتقان نەرسىگە قارىتا بىر ئارزۇ ئويغىتىدۇ.

ئاخىرىدا نۇتۇق قۇۋۋىتى بارلىقىقا كېلىدۇكى، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسان چۈشىنىلىدىغان شەيئىلەرنى چۈشىنىدۇ. گۈزەلنى چىركىنىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. سەنئەت ۋە ئىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ. چۈشەنگەنلىرىمىزنى خالىشىمىز مانا شۇ قۇۋۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتىدىندۇر.

ھاياتلىق قۇۋۋىتىدىن يېگانە بىر ھاكىم (باشقۇرغۇچى) قۇۋۋەت بىلەن، بىر قىسىم تەۋە (قارام) ۋە خىزمەتچى قۇۋۋەتلەر بارلىقىقا كېلىدۇ. بۇلار باشقۇرغۇچى (ھاكىم) قۇۋۋەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. قارام (تەلۋە) ۋە خىزمەتچى قۇۋۋەتلەر باشقا ئەزالارغا تارقالغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم ئەزالارغا جايلاشقان. ھاكىم قۇۋۋەت ئۆز تەبىئىتى بويىچە باشقىلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ. بۇلار يۈرەككە جايلاشقان، باشقۇرغۇچىنىڭ مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ئىشلىرىنى توغرىلاپ تەرتىپكە سالىدۇ. قورساق، جىگەر، تال ۋە بۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان ئەزالار ھەم بۇ ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى كۆرىدىغان باشقا ئەزالار، بۇلارنىڭ خىزمەتچىسى بولغان يەنە باشقا ئەزالارمۇ مۇشۇ جۈملىدىندۇر. جىگەر ھەم بۇيرۇغۇچى، ھەم ئورۇنلىغۇچى ئورگاندۇر. ئۇ يۈرەكنىڭ خىزمەتچىسى، لېكىن ئۆت، بۆرەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ باشقۇرغۇچىسىدۇر. سۈيدۈك يولى بۆرەككە، بۆرەك جىگەرگە، جىگەر بولسا يۈرەككە خىزمەت قىلىدۇ. باشقا ئەزالارمۇ مۇشۇ ھالەتتىدۇر.

سەزگۈ قۇۋۋىتىنىڭمۇ باشقۇرغۇچىسى ۋە بىر قاتار تارماقلىرى (تەۋەلىرى) باردۇر. بۇ تارماقلار ھەممە كىشى بىلىدىغان بەش خۇسۇسىيەت بولۇپ، كۆزلەرگە، قۇلاقلارغا ۋە باشقا ئەزالارغا تارقالغاندۇر. بۇ بەش خۇسۇسىيەتنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس بولغان سېزىمنى سېزىدۇ. ھاكىم قۇۋۋەت بولسا، بەش سەزگۈ ئەزالىرى سەزگەننى توپ ھالدا بىراقلا سېزىدۇ. بۇ ئەزالار ئۇنىڭ ئويغاتقۇچىسى ۋە خەۋەر يەتكۈزگۈچىلىرىدۇر. گوياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەربىرى ئۆزىگە (ھاكىم قۇۋۋەتكە) مەملىكەتنىڭ بىر بۇرجە-كىدىن ئايرىم خەۋەر يەتكۈزۈشكە مەجبۇردۇر. بۇ ھاكىم قۇۋۋەت يۈرەكتە بولىدۇ.

تەسەۋۋۇر (خىيال) قۇۋۋىتىنىڭ بولسا باشقا ئەزالارغا تار-قالغان تارماقلىرى يوقتۇر. ئۇمۇ يۈرەكتە بولىدىغان يەككە بىر قۇۋۋەتتۇر. ھېس قىلغان تۇيغۇلار تۇيغۇلىرىمىزغا (سەزگۈلىرى-مىزگە) كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ساقلايدۇ. ئۆز تەبىئىتى بىلەن تۇيغۇلىرىمىزغا ھاكىم بولۇپ، ئۇلارنى تەسەررۇپ (ئىدارە) قى-لىدۇ. ئۇلارنى بىر - بىرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىيدۇ ياكى ئۇلارنى بىر - بىرلىرىگە شۇ شەكىلدە يېقىنلاشتۇرۇپ، تەركىبكە ئايرىيدۇ. بۇ تەركىبلەر بەزىدە سەزگەن تۇيغۇمىزغا ئۇيغۇن كې-لىدۇ، بەزىدە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭمۇ ئۆزىدىن باشقا ئەزالارغا تارقالغان تار-ماقلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى يوقتۇر. ئۇ پەقەت تەسەۋۋۇر قۇۋۋى-تىگە باشقۇرغۇچى ۋە خىزمەت قىلغۇچى بولغان، باشقا قۇۋۋەتلەر-نىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان قۇۋۋەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە يېتەكچىلىك (رەئىسلىك) قىلغىنىغا ئوخشاش، سەزگۈ قۇۋۋىتىنىڭمۇ ھاكىم قۇۋۋەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

مەيىل (خاھىش) قۇۋۋىتى بولسا، بىر شەيئىنى سېغىندۇ-رىدىغان ياكى ياتلىق ھېس قىلدۇرىدىغان قۇۋۋەتتۇر. ئۇنىڭ رەئىسلىك (باشقۇرۇشى) ئاستىدىمۇ خىزمەتچى قۇۋۋەتلەر بار-دۇر. ئىرادە مانا شۇ قۇۋۋەت جۇملىسىگە كىرىدۇ. چۈنك-ى ئىرادە - تۇيغۇ، خىيال ۋە چۈشىنىش يولى بىلەن ئىدراك قىلغان نەرسىلەرنى ئىستىشمىز (خالىشىمىز) ۋە ئىستىمەسلى-كىمىز ھەم ئۇ نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى تاشلاش ھەققى-دە بەرگەن ھۆكۈمىمىزدۇر.

مەيىل بىر نەرسىنى ئۆگىنىشكە ياكى ئۇ نەرسىنى ۋۇجۇدى-

مىزنىڭ پۈتۈن قىسمى بىلەن ياكى بىر ئەزاسى بىلەن ئورۇنلاشقا يۆنىلىشىمىزدۇر. ئىستەكمۇ مەيىل قۇۋۋىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا پەيدا بولىدۇ. جىسمىمىز بىلەن قىلغان ئىشلار بولسا مەيىل قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىدىغان قۇۋۋەتلەر بىلەن پەيدا بولىدۇ. بۇ قۇۋۋەتلەر شۇ ئىشلارنى ئىجرا قىلىدىغان ئەزالارغا تارقالغاندۇر. بۇلار ھايۋان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەزالار ھېسابلانغان نېرۋا ۋە مۇسكۇللاردىن ئىبارەت بولۇپ، قول ـ پۇتلار ۋە ئىرادىنىڭ خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان باشقا ئەزالاردۇر. ھەرخىل ئەزالارغا تارقالغان بۇ قۇۋۋەتلەر جىسمىمىزنىڭ قوراللىرى بولۇپ، يۇرەكتىكى رەئىسنىڭ مەيىل قۇۋۋىتىنىڭ خىزمەتكارلىرىدۇر.

بىلىمگە كەلسەك، ئۇ نۇتۇق قۇۋۋىتى بىلەن ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى تەسەۋۋۇر ۋە سەزگۈ قۇۋۋەتلىرى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بىر نەرسىنى نۇتۇق قۇۋۋىتى ۋاستىسى بىلەن ئۆگىنىشنى ئىستىگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ ئىستىكىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلغان قۇۋۋەت، ئەمەلىي نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان باشقا بىر قۇۋۋەتتىن تۇغۇلىدۇكى، بۇنىڭغا پىكىر قۇۋۋىتى دېيىلىدۇ. چۈشىنىش، كۆرۈش ۋە سوراشلار بۇنىڭ بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىنى سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن ئۆگەنمەكچى بولساق، بۇ ھەرىكىتىمىز مۇرەككەپ بولىدۇكى، بىرى جىسمانىي، يەنە بىرى روھىيدۇر. مەسىلەن: كۆرمەكچى بولغان نەرسىلىرىمىزگە كۆزلىرىمىزنى ئېچىپ قاراش ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا ئۇدۇل بېرىش، ئالدىدا بىرەر توسالغۇ بولسا، ئۇ توسالغۇنى قولىمىز بىلەن ئېلىۋېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جىسمانىي پېئىلدۇر (ھەرىكەتتۇر). سەزگۈنىڭ ئۆزى بولسا روھىي پېئىلدۇر (ھەرىكەتتۇر).

بىر نەرسىنى تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى بىلەن ئۆگەنمەكچى بولساق، تۈرلۈك ۋاستىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇ ۋاستىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دىن بىرىنى تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ پېئىلى بىلەن ئىستىگەن ۋە ئۇمىد قىلغان نەرسىنى ئويلىشىمىز ياكى ئۆتمۇشتىكى بىر نەرسىنى ئويلىشىمىز ۋە ياكى تەسەۋۋۇرنىڭ (خىيالنىڭ) ئەسىرى بولغان بىر نەرسىنى (يەنى بىيال قىلىنۋاتقان نەرسىنى) ئىستىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر. يەنە بىر ۋاسىتىمۇ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئۇستىگە تۆيغۇلىرىمىز قالدۇرغان قورقۇنچ ياكى سۆيۈنچىلىك تەسىرلەردۇر. بۇ ھال نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ پېئىلى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ شەيئىلەر روھىي (نەپسانى) قۇۋۋەت دېيىلىدۇ.

## 21. بۇ قۇۋۋەتلەر ۋە بۆلەكلەرنىڭ قانداقسىگە يەككە بىر روھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ھاياتلىق قۇۋۋىتىنىڭ رەئىسىنى (باشقۇرغۇچى قۇۋۋەتنى) سېزىش قۇۋۋىتى رەئىسىنىڭ ماددىسى ئورنىدىندۇر. سەزگۇ قۇۋۋىتىمۇ ھاياتلىق قۇۋۋىتىنىڭ ئىچىدە سۇرەت (شەكىل) رولىنى ئوينايدۇ. تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ رەئىسىمۇ نۇتۇق قۇۋۋىتى رەئىسنىڭ ئورنىدىدۇر. نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئىچىدە سۇرەت (شەكىل) رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما باشقا قۇۋۋەتلەرگە ماددا بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن سۇرەتلەرنىڭ سۇرىتىدۇر. مەيىل قۇۋۋىتىنىڭ سەزگۇ، تەسەۋۋۇر (خىيال) ۋە نۇتۇق مۇۋۋەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىگە تەۋە بولۇشى ئوتتىكى ئىسسىقلىقنىڭ، ئوتنى جەۋھەرلەندۇرگەن شەيئىگە تەۋە بولۇشىغا ئوخشايدۇ.

يۈرەك بەدىنىمىزنىڭ ھاكىم ئەزاسىدۇر. ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان باشقا ئورگان يوقتۇر. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭە كېلىدۇ، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىدىكى ھاكىم ئورگاندۇر ھەم باشقا ئەزالارغا پەقەت يۈرەكنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدا باشچىلىق قىلىدۇ. مېڭە يۈرەككە خىزمەت قىلىدۇ. باشقا ئەزالار ئۇنىڭغا

ئۆز تەبىئەتلىرى بويىچە يۈرەكنىڭ مەقسەتلىرىگە ئاساسەن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە مېڭە بىر قوناق (مېھمانخانا) ئىش باشقۇرغۇچىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىش باشقۇرغۇچى قوناق ئىگىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. قوناقنىڭ خىزمەتچىلىرى بولسا، بۇ ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ھالدا، قوناق ئىگىسىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مېڭە يۈرەككە ھاۋالە ئېتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تەسىرىدە بولغان ئۆزگىرىشلەر، يۈرەكنىڭ ئەمرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت يۈرەكنىڭ يۈكسەك ئەمرلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىسسىقلىقنىڭ (ھارارەتنىڭ) مەنبەسى بولغان يۈرەكنىڭ تومۇرلار ۋاسىتىسى بىلەن ھەرقايسى ئەزالارغا يەتكۈزگەن ھارارىتىنى مېڭە ئۆلچەملىك تەرتىپكە سالىدۇ. چۈنكى مېڭىنىڭ باشقا پۈتۈن ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم خىزمىتى نېرۋىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. نېرۋىلار ئىككى ئايرىم تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر تۈردىكى نېرۋىلار يۈرەكتە بولىدىغان ھاكىم سەزگۈ قۇۋۋىتىگە تەۋە بولغان ئەزالارغا ۋاستە بولۇپ، ئۇ ئەزالاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سەزگۈنى سېزىشكە ياردەم قىلىدۇ. يەنە بىر تۈردىكى نېرۋىلارمۇ يۈرەكتە بولىدىغان مەيل قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ئەزالارنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ، بۇ ئەزالارنىڭ ئىرادىي ھەرىكەتلىرىنى قوغدايدۇ.

مېڭە مانا شۇ رەۋىشتە سەزگۈ نېرۋىلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى ھىمايە قىلىش بىلەن يۈرەككە پەقەت مۇشۇ تەرتىپتە سەزگۈ جەھەتتىكى خاسلىقىنى ساقلايدۇ. مېڭە ئىرادىي ھەرىكەت نېرۋىلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرىنىمۇ ساقلاش بىلەن يۈرەككە خىزمەت قىلىدۇ. ھەرىكەت ئەزالىرى پەقەت مۇشۇ بويىچە يۈرىكىمىزدە ئورۇن تۇتقان مەيل قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ نېرۋىلارنىڭ كۆپىنىڭ ئۆسىدىغان ئېتىزلىقى مېڭە بولۇپ، ئۇلارنى قوغدايدىغان قۇۋۋەتلەر ئۆزى مېڭىدىن قۇۋۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالىدۇ. بەزى نېرۋىلارنىڭ ئۆسىدىغان ئېتىزلىقى، ئومۇرتقا يىلىكى بولۇپ، ئۇستۇنكى ئۇچىدىن مېڭىگە تۇتاشقان بولىدۇ. بۇ نېرۋىلارنى مېڭە ئومۇرتقا يىلىكى ئارقىلىق تويۇندۇرىدۇ (باقىدۇ).

شۇڭلاشقا، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ خىيال قىلىشى ئۈچۈن يۈرەك ھەرىكىتى مۇئەييەن بىر نىسبەتتە بولۇشى لازىم. نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈنمۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەر قانداق بىر پېئىلغا ئازار بېرەلمەيدىغان ماھىيەتتە بولۇشى لازىمدۇر. بىر نەرسىنى خاتىرىگە ئېلىپ ساقلاشمۇ مۇشۇ رەۋىشتە بولىدۇ. دېمەك، مېڭىنىڭ يۈرەككە خىزمىتى ـ ياخشى خىيال قىلالايدىغان، چوڭقۇر چۈشىنىپ ئىچكىرىلىيەلەيدىغان، ياخشى ئەسكە ئېلىپ خاتىرە ساقلىيالايدىغان سۈرەتتە ـ ھارارىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە رىتىمغا چۈشۈرۈش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. مېڭە بىر قىسمى بىلەن ئوي ـ خىيالنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئىككىنچى بىر قىسمى بىلەن تەپەككۇرنى، ئۈچىنچى بىر بۆلىكى بىلەن ئەسكە ئېلىش ۋە خاتىرىلەشنى تەرتىپكە سالىدۇ. چۈنكى يۈرەك باشقا تاشقى ھارارەتنىڭ مەنبەسى بولۇش بىلەن ئەزالارغا ھارارەت تارقىتىش ئۈچۈن ئۆز ھارارىتىنىڭ زىيادە دەرىجىدە مول بولۇشى لازىمدۇر. [بىر تەرەپكە ئاساسلانغاندىمۇ] يۈرەكنىڭ كەم ياكى مول بېرىش خەۋپى ئالدىدا، يەنى يۈرەكنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ـ [مېڭە بىلەن يۈرەك ئوتتۇرىسىدا] مۇشۇنداق بىر ماسلىشىش (ئۇيغۇنلۇق) تۈزۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ئەزالارغا يەتكۈزگەن ھارارىتىنىڭ ۋە ئۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، ئۆز ھارارىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرتىپكە چۈشكەن بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن مېڭە ئۆز تەبىئىتى بىلەن سوغۇق ۋە نەم بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئەزالارغا نىسبەتەن سوغۇق بولىدىغانلىقى قول تەگكەن ھامان مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدا يۈرەكنىڭ ھارارىتىنى بەلگىلىك بىر نىسبەتتە رەتكە سالىدىغان روھىي قۇۋ-

ۋەت باردۇر.

سەزگۈ ۋە ھەرىكەت نېرۋىلىرى تەبىئەتلىرىگە ئاساسەن ئۆت- كۈنچىدۇر. ناھايىتىمۇ تېز غايىب بولىدىغان بولغانلىقتىن، يېڭى ھالىتىدە قېلىشى ۋە ئۆزىراپ - قىسقىراشقا ماس ھالدا يۇمشاق- لىققا بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە سەزگۈ نېرۋىلىرىنىڭ ھېچقانداق قاراڭغۇلۇققا چىداشلىقى بولمىغان تاشقى روھقا ئېھتىيا- ياجلىرى باردۇر. مېڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تەسىر كۆر- سىتىدىغان تاشقى روھمۇ مۇشۇنداقتۇر.

يۈرەك زىيادە دەرىجىدە ئىسسىق ۋە ئاتەشىن بولغانلىقى ئۈچۈن جانلىق ۋە بىر سۈرەتتە مۇھاپىزەت قىلماقچى بولغان نېرۋىلارنىڭ ئۆسۈش مەركەزلىرىنى تېز قۇرۇپ پايدىسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۆز ئىچىدە (يەنى يۈرەكتە) قىلمىغان. بۇ نېرۋىلارنىڭ پائالىيەت تەرزى ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈش مەركەزلىرىنى مېڭە ۋە ئومۇرتقىغا يۆتكەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى مەركەز بەك نەم بولۇپ، ھەربىرىدىن چىققان سالقىنلىق نېرۋىلارنىڭ يۇمشاقلىقىنى قوغداشقا ۋە روھىي قۇۋۋەتلىرىنى ياشارتقۇزۇشقا كۈپايىدۇر.

نېرۋىلارنىڭ بىر قىسمى تويۇنغان نەملىكنىڭ سۈيۇق ھەم يېقىملىق بولۇشى، قىيامغا ئايلانغان بولۇشىنى ئىزدەيدۇ. بەزى- لىرى بولسا، بۇ نەملىكنىڭ ئازغىنە قىيام بولۇشىنى ئىزدەيدۇ. بۇلاردىن يېقىملىق بىر سۈيۇقلۇققا موھتاج بولغانلارنىڭ ئۆسۈش (كۆكلەش) مەركەزلىرى مېڭىدە بولىدۇ. ھالبۇكى، نەملىكنىڭ قىسمەن قىيام بولۇشىنى ئىستىگەنلىرىنىڭ كۆكلەش مەركەزلىد- رى ئومۇرتقا ئىلكىدە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ناھايىتىمۇ ئاز نىسبەتتە نەملىككە موھتاج بولغانلارنىڭ كۆكلەش مەركەزلىد- رى ئۈگىلەر ۋە ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىدۇر.

مېڭىدىن كېيىن جىگەر، ئاندىن تال، ئاندىن كېيىن نەسىل قالدۇرۇش ئەزالىرى كېلىدۇ. بىر ئەزاغا جايلاشقان ھەر قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر قۇۋۋەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋەزىپىسى ئۇ ئەزادىن بىر ماددىنىڭ ئايرىلىپ چىقىپ باشقا بىر ئەزاغا كېتىشىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككىنچى ئەزانىڭ باشقا ئەزاغا باغلانغان بولۇشى لازىمدۇر. بۇنىڭمۇ يا نېرۋىلارنىڭ مېڭىگە ۋە ئومۇرتقا ئىلىكىگە باغلانغان شەكىلدە باغلىنىشى ياكى شۇ ئەزادىن باشقىسىغا ئۆتكەن ماددىنىڭ ئېقىشىغا قولاي بىر يول بىلەن باغلانغان بولۇشى لازىمدۇر. ئۇ قۇۋۋەت مەزكۇر ئەزانىڭ يا خىزمەتچىلىرىدىن بولىدۇ ياكى ئېغىز، ئۆپكە، بۆرەك، جىگەر، تال ۋە باشقىلارغا ئوخشاش هاكىم قۇۋۋەتلەردىن بولىدۇ. بۇ قۇۋۋەت ئىككىنچى ئەزادا نەپسانى (روهىي) بىر تەسىر ئىجرا ئېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاچقا، بۇ ئىككى ئەزا ئوتتۇرىسىدا، يۈرەك بىلەن مېڭە ئارىسىدىكى يولغا ئوخشاش بىر يولدىن پايدىلىنىشى كېرەك بولىدۇ.

تەناسۇل (نەسىل قالدۇرۇش) قۇۋۋىتىمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى هاكىم (باشقۇرغۇچى) قۇۋۋەتتۇر. يەنە بىرى خىزمەتچى قۇۋۋەتتۇر. هاكىم قۇۋۋەت يۈرەكتە بولىدۇ. خىزمەتچى قۇۋۋەت بولسا، جىنسىي ئەزالاردا بولىدۇ. جىنسىي قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرلىك بەزلىرىدىن بىرى جانلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ماددىنى هازىرلايدۇ. باشقىسى بولسا جانلىققا ئۆز تۈرىگە خاس بولغان سۈرىتىنى (شەكلىنى) بېرىدىغان ماددىنى ئايرىپ چىقىرىدۇ. ماددىنــى هازىرلىغــان قۇۋۋەت [ ئەرلىك بېزىنىڭ] ئەركەك قۇۋۋىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن چىشى چىشلىق ماددىسىنى هازىرلىشى ئېتىبارى بىلەن چىشىدۇر. ئەركەكمۇ ئۇ ماددىغا ئۆز تۈرىنىڭ سۈرئىتىنى ۋە قۇۋۋىتىنى بېرىشى ئېتىبارى بىلەن ئەركەكتۇر.

جانلىقنىڭ ماددىسىنى بېرىش بىلەن يۈرەكنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىزمەت قىلغان ئەزا بالىياتقۇدۇر. ئىنسان ۋە هايۋاننىڭ سۈرىتىنى بېرىش بىلەن يۈرەكنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىزمەت قىلغان ئەزا

مەنىي چىقىرىدىغان ئەزادۇر.
مەنىي ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئىنساننىڭ
سۈرىتىنى پەيدا قىلىشى ئۈچۈن، بالىياتقۇدا هازىرلانغان قاننى
تېپىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش بىلەن ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ھەربىـ
رىنى، ئەزالارنىڭ سۈرەتلىرىنى ۋە ئىنساننىڭ پۈتۈن سۈرىتىنى
پەيدا قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بالىياتقۇدا هازىرلانغان قان ئىنسانـ
نىڭ ماددىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەنىي بولسا ماددىنى، ئىنسانـ
نىڭ سۈرىتىنى پەيدا قىلغانغا قەدەر ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. مەنىيـ
نىڭ بالىياتقۇدا هازىرلانغان قان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۈتنى
ئېچىتىدىغان ئېچىتقۇلارنىڭ [سۈت بىلەن] بولغان مۇناسىۋەتلىـ
رىگە ئوخشاشتۇر. سۈتنى ئېچىتقان نەرسىلەر، ئېچىغان سۈتنىڭ
نە بىر پارچىسى، نە بىر ماددىسى بولمىغىنىغا ئوخشاش، مەنىيمۇ
بالىياتقۇدا بارلىققا كەلگەن نەرسىنىڭ نە بىر پارچىسى، نە بىر
ماددىسى بولمايدۇ. تۆرەلمىنىڭ مەنىيدىن شەكىللىنىشى قېتىقـ
نىڭ ئېچىتقۇدىن شەكىللەنگىنىگە ئوخشايدۇ. بالىياتقۇدىكى قانـ
دىن شەكىللىنىشى بولسا سېغىلغان سۈتتىن قېتىقنىڭ شەكىلـ
لەنگىنىگە ھەم مىستىن ئېۋرىقنىڭ ياسالغىنىغا ئوخشايدۇ.
ئىنساندا مەنىينى پەيدا قىلىدىغان ئەزا مەنىينى ئۆز ئىچىگە
ئالغان مەزى بەزلىرىدۇر. بۇلار (ئۆت يېرى قىللىرىنىڭ) ئاسـ
تىدىكى تومۇرلاردۇر. مەنىينى بۇ تومۇرلارغا قىسمەن ئەرلىك
بەزلەر يەتكۈزىدۇ. بۇ تومۇرلار جىنسىي ئەزا يوللىرىغا ئېچىلىـ
دۇ. مەنىي بۇ يوللاردىن ئېقىپ بالىياتقۇغا قۇيۇلىدۇ ۋە بالىياتـ
قۇدىكى قانغا بىر قۇۋۋەت پرىنسىپى بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قان
ۋۇجۇدىنىڭ ئەزالىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەربىر ئەزانىڭ
خاس سۈرىتىنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدنىڭ سۈرىتىنى بەرگەنگە قەدەر
شەكىلدىن شەكىلگە ئۆتىدۇ.
مەنىي ئەركەكلىك قورالىدۇر. قوراللار ئومۇمىيلىق جەھەتـ
تىن بىر ـ بىرلىرىگە قوشۇلغان ياكى بىر ـ بىرلىرىدىن ئايرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغان بولىدۇ. مىسال قىلىپ دوختۇرنى ئالايلى، دوختۇرنىڭ قولى، ئوپېراتسىيە پىچىقى ۋە دورىسى بىر داۋالاش قورالىدۇر.

دورا دوختۇرنىڭ [شەخسەن] نەق بىر قورالىدۇر. دوختۇرنىڭ ئۇ قورال بىلەن تېگىشى، دورىنى تەرتىپ بىلەن تەييارلىشى ـ يەنى بىمارنىڭ جىسمىدا سالامەتلىككە قارىتا بىر بۇرۇلۇش بولغان ھالەتكە كەلگەن مۇددەتكىچە كۆچكە ئىگىدۇر. لېكىن دورىدا بۇ قۇۋۋەت بار بولۇپ، كېسەلگە بېرىلگەندىن كېيىن، دوختۇر غايىب بولسا ياكى ۋاپات قىلسىمۇ، كېسەل ياخشىلىنىشقا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. مەنىيمۇ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھالەتتىدۇر. ئوپېراتسىيە پىچىقى دوختۇرنىڭ قولىدا بولمىغىچە ئىشقا كىرەلمەيدۇ. قول دوختۇرنىڭ ئۆزىگە ئوپېراتسىيە پىچىقىدىنمۇ يېقىنراق بىر سۈرەتتە باغلىنىشلىقتۇر. ھالبۇكى دورا دوختۇرنىڭ ئۆزىدىن ئايرىم بولسىمۇ، ئۆزى ئىگە بولغان قۇۋۋەت بويىچە تەسىرىنى كۆرسىتىۋېرىدۇ.

مەنىي بەزلىرى ۋە ئەرلىك بەزلىرى جىسىمغا تۇتاش بولغان نەسىل قالدۇرۇش ۋاسىتىلىرىدۇر. مەنىي قوراللىرىنى ئورۇنلايدىغا تومۇرلارنىڭ يۈرەكتىكى ھاكىم قۇۋۋەتكە بولغان نىسبەتلىرى، قولنىڭ دوختۇرغا بولغان نىسبىتىنىڭ ئورنىدىدۇر. دوختۇر ئۇ قول بىلەن بىمارنى ياخشى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان دورىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. يۈرەكنىڭ ئىشلەتكەن بۇ تومۇرلىرىمۇ شۇنداق بىر قورالدۇركى، مەنىيگە بەرگەن قۇۋۋەت بىلەن بالىياتقۇدا ھازىرلانغان قاننى ھەرىكەت كەلتۈرۈپ، جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى پەيدا قىلىدۇ. قان ئۆزىنى سۈرەتكە ئايلاندۇرغان ھەرىكەت قۇۋۋىتىنى مەنىيدىن ئالغاندا، ئۇنى ئالدى بىلەن يۈرەك ئالىدۇ ۋە يۈرەكنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن باشقا ئەزالار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇلارنىڭ [جىنسىيەت نۇقتىسىدىن] شەكىللىنىشى يۈرەكتە بولىدىغان قۇۋۋەتلەرگە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئەگەر يۈرەكتىكى ھاياتلىق قۇۋۋىتى بىلەن ماددىنى ھازىرلىغان قۇۋۋەت بىر يەردە

ئۆچراشسا مەيدانغا كەلگەن ئەزالاردا چىشلىق ئۆستۈن بولىدۇ. ئۇنداق بولماي، ھاياتلىق قۇۋۋىتى سۈرەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان قۇۋۋەت بىلەن بىر يەردە ئۇچراشسا، مەيدانغا كەلگەن ئەزالاردا ئەركەكلىك ئۈستۈن بولىدۇ. مانا شۇنداق بىر-رىنچى خىل [ئارىلاشما] دىن چىشلىق (ئاياللىق) ئەزالىرى، ئىككىنچى ئارىلاشمىدىن ئەركەكلىك ئەزالىرى پەيدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىن نەپسانى (روھىي) قۇۋۋەتلەر كېلىدۇكى، ئايال ۋە ئەركەكلەردە ئەينەن سۈرەتتە پەيدا بولىدۇ.

ئىنسان تۇركۇمىدىن ئەركەكلىك ۋە چىشلىق ئايرىمىسى شەخسلەردە بولىدۇ. لېكىن ئۆسۈملۈكلەردە، بۇلار ئەينى بىرىدە توپلانغان بولىدۇ. ئۇرۇقتىن بارلىققا كەلگەن پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقتۇر. ئۆسۈملۈك، ماددىنىڭ نەق ئۆزى بولغان ئۇرۇقنى بەرگىنىگە ئوخشاش، ماددىنى سۈرەتكە كىرگۈزىدىغان ھەرىكەتنىمۇ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇقتا ھەم سۈرەتنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، ھەم سۈرەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىقتىدارى باردۇر. ئۇرۇقتا سۈرەتنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى بەرگەن قۇۋۋەت چىشلىق قۇۋۋەتتۇر. بۇنىڭغا قارشى ھالدا ئۇنىڭغا سۈرەتكە توغرا كىرىش ئىقتىدارىنى بەرگەن قۇۋۋەت چىشلىق قۇۋۋەتتۇر. بۇنىڭغا قارشى ھالدا ئۇنىڭغا سۈرەتكە توغرا كىرىش ئىقتىدارىنى بەرگەن قۇۋۋەت ئەركەكلىك قۇۋۋىتىدۇر.

ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ھاللار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھايۋانلار ئارىسىدا چىشلىق قۇۋۋىتى تولۇق بولغان، لېكىن بۇ قۇۋۋەت بىلەن بىللە بولىدىغان - ئەركەكلىك قۇۋۋىتى كەم بولغانلىرىمۇ باردۇر. بۇ كەم ئەركەكلىك قۇۋۋىتى مۇئەييەن بىر مىقدار ئاستىدا تەسىرىنى كۆرسىتىپ يوقالغىنى ئۈچۈن، تاشقى ياردەمچىگە موھتاج بولىدۇ. تۇخۇمىنى شامالغا سورۇۋەتكەن ھايۋانلار بىلەن تۇخۇملىرىنى مۇئەييەن يەرلەرگە تاشلىۋەتكەن بېلىقلار مۇشۇ جۈملىدىندۇر. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن ئەركەكلىرى تۇخۇملارغا بىر سۇيۇقلۇق ئېقىتىدۇ. سۇيۇقلۇق تەگكەن تۇخۇملار جانلىنىدۇ، تەگمىگەن تۇخۇملار بۇزۇلىدۇ.

ئىنسان ئۇنداق ئەمەستۇر. بۇ ئىككى قۇۋۋەتنىڭ ھەربىرى ئايرىم شەخسلەردە بولىدۇ. ئىنسانلاردا ھەربىر قۇۋۋەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئورگانلىرى بار. تەناسۇل (جىنسىي) ئەزالارنىڭ سىرتىدىكى باشقا ئەزالاردا [ئەركەك، ئايال] ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ باشقا روھىي قۇۋۋەتلىرىمۇ ئورتاقتۇر (ئوخشاشتۇر). پەقەت ئورتاق بولغان ئەزالار ئەركەكلەردە قىزىقراق (ئىسسىقراق) بولىدۇ. ھەرىكەت ۋە ئىشلەش ئەزالىرى ئەركەكلەردە بەكرەك قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن غەزەپ، شىددەت قاتارلىق قۇۋۋەت ئىپادىلىگەن روھىي خۇسۇسىيەتلەر ئاياللاردا يۇشۇرۇن (تۇتۇق)، ئەركەكلەردە بولسا ناھايىتى گەۋدىلىكتۇر. بۇنىڭغا قارشى ھالدا [باشقىلارغا] ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش قاتارلىق ئاجىزلىق ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەتلەر ئاياللاردا ناھايىتى گەۋدىلىك، ئەركەكلەردە بولسا ناھايىتىمۇ تۇتۇقتۇر (سۇستۇر). شۇ سەۋەبتىن بۇ جەھەتلەردە ئاياللارغا ئوخشىغان ئەركەكلەر ۋە ئەركەكلەرگە ئوخشىغان ئاياللار يوق ئەمەستۇر. بىز پەقەت ئەركەكلەرنى ئاياللاردىن ئايرىپ تۇرغان خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسەتمەكچىمىز.

سەزگۈ (تەسەۋۋۇر) نۇتۇق قۇۋۋەتلىرىدە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا پەرق يوقتۇر. ھەر ئىككىسىدە سىرتتىن سەزگۈ ئەزالىرىدا قالغان تەسىرلەر ئىككىنچى بىر نەرسىنى سېزىش قۇۋۋەتلىرى ۋاستىسى بىلەن ھاكىم (باشقۇرغۇچى) سەزگۈ قۇۋۋىتىدە توپلىنىدۇ. بەش سەزگۈ بىلەن سەزگەن تۇيغۇلىرىمىزدىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىدە بىر تۇركۇم خىيال قىلىنغان رەسىملەر (يەنى سەزگۈنىڭ قالدۇرغان تەسىرلىرى) بارلىققا كېلىدۇ. بۇ رەسىملەر ـ سەزگۈلەر بىلەن پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزگەن ھالدا ـ خىيالدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر (خىيال) نىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىدۇ.

دۇ. تەسەۋۋۇر (خىيال) ئۇلارنى بەزىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ، بەزىدە بىر ـ بىرىگە قېتىپ، ئۇلاردىن چەكسىز تەركىبلەر چىقىرىدۇكى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالدامچى، بىر قىسمى ھەقىقىي بولىدۇ.

## 22. نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ قانداق ۋە قەيەردىن چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئەمدى نۇتۇقتا ھەرخىل ماقۇللارنىڭ (ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ) تەسىر قالدۇرۇشى مەسىلىسى قالدى. نۇتۇقتا (سۆزلەش قابىلىيىتىدە) تەسىر (ئىز) قالدۇرغان ماقۇللارنىڭ (ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ) بىرقىسمى جەۋھەرلەردىكى ئەمەلىي ئەقىلدىن ئىبارەت بولغان ماقۇللاردۇر. يەنە بىر قىسمى ئەمەلىي ماقۇللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ماددىدىن تامامەن ئازاد بولغاندۇر. بىر قىسمى جەۋھەرلىرى ئېتىبارى بىلەن ئەمەلىي بولمىغان ماقۇللاردۇركى، بۇلاش ـ تالاش، ئۆسۈملۈك، جىسىم، جىسىمنىڭ مەزمۇنى، ماددا ۋە ماددىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان نەرسىلەردۇر. بۇ [ئۇچىنچى تۇر] نە ئەمەلىي ئەقىل، نە ئەمەلىي ماقۇللار قاتارىدا ئەمەستۇر.

ئىنساندا تەبىئىتى بىلەن ھاسىل بولغان ئىنسانىي ئەقىل بولسا، ماقۇللارنىڭ قالدۇرغان تەسىرلىرى (ئىزنالىرىنى) قوبۇل قىلىشقا تەييار بولغان ماددىي بىر شەكىل بولۇپ ھەم ئەمەلىي ئەقىلدۇر، ھەم ماددىي ئەقىلدۇر، ئۇ ئەينى زاماندا ئىمكانى (بىلقۇۋۋە) ماقۇللاردۇر. لېكىن بىر ماددىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر ياكى ماددىنىڭ ئۆزى ۋە ياكى ماددا بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەرقانداق نەرسە نە ئەمەلىي (بىل پېئىل) ئەقىل، نە ئىمكانى ئەقىل ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت ئىمكانى ماقۇلدۇر (ئۇيغۇنلۇقتۇر). ئەمەلىي ماقۇل بولالىشىمۇ مۇمكىن، پەقەت جەۋھە-

رىنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن ئۆزلۈكىدىن ئەمەلىي ماقۇل (ئۇيغۇنلۇق) بولالمايدۇ. بۇ يېتەرسىزلىك تۇپەيلىدىن نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ، ھەتتا خۇيىمىزنىڭ بېرىدىغانلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەمەلىي ئەقىل بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەقىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى قۇۋۋەتتى (كۈچتىن) ھەرىكەتكە كۆچۈرىدىغان باشقا بىر شەيئىگە موھتاج بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەقىل بولۇشى ئۈچۈن ئىچىدە ماقۇللارنىڭ (ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ) ھاسىل بولۇشى لازىمدۇر. ئىمكانى ماقۇل (بىلقۇۋۋە ماقۇل) بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي ماقۇل (ئۇيغۇنلۇق) بولۇشلىرى ئۈچۈن ئەمەلىي ئەقىل تەرىپىدىن بىلىنىشى لازىم. ئۇلارنى قۇۋۋەتتىن ھەرىكەتكە چىقىرىدىغان ۋاسىتە شۇنداق بىر زاتتۇركى، جەۋھىرى ھەرقانداق ئەمەلىي ئەقىلدىن شەكىللىنىپ، ماددا بىلەن ئەسلا ئالاقىسى يوقتۇر. مانا بۇ ئەقىل ئەمەلىي ئەقىل بولغان ماددىي ئەقىلگە نۇر تۈركۈمىدىن بىر نەرسە بېرىدۇكى، ئۇ قۇياشنىڭ كۆزگە بەرگەن نۇرى ئورنىدىدۇر. ئۇنىڭ ماددىي ئەقىلگە نىسبىتى قۇياشنىڭ كۆزگە بولغان نىسبىتىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى كۆرۈش دېگەن نەرسە مۇئەييەن بىر ماددىنىڭ ئىچىدە بولغان شۇنداق بىر قۇۋۋەت ۋە كۆرۈنۈشتۇركى، كۆرۈشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭدا ئەمەلىي بىر تەجرىبە بار ئىدى. رەڭلەرمۇ مۇشۇنداقتۇر. يەنى ئۇلار تېخى كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرى يوشۇرۇن كۆرۈنۈۋاتقانىدى. كۆزدىكى كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ جەۋھىرىدە ئەمەلىي كۆرۈش ئىقتىدارى بولمىغانلىقىغا ئوخشاش، رەڭلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىمۇ ئەمەلىي كۆرۈنۈش ئىقتىدارى يوقتۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، كۆزنى ۋە رەڭلەرنى يورۇتقىنى قۇياش نۇرىدۇر. بۇ سۈرەت بىلەن كۆز پەقەت قۇياشتىن ئالغان نۇر بىلەن ئەمەلىي كۆرۈنىدۇ. رەڭلەرمۇ يەنە مۇشۇ سۈرەتتە، پەقەت ئاشۇ نۇر بىلەن ئەمەلىي كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، باشتىلا ئۇلار پەقەت يوشۇرۇن كۆرۈنۈۋاتقانىدى. ئەمەلىي ئەقىل ماددىي (ھەيۇلەنى) ئەقىلگە مانا مۇشۇ سۈرەتتە پايدى-

لىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۇلەنى ئەقىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، نۇر بىلەن كۆزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشتۇر.

ئەمدى كۆز ـ كۆرۈش ۋاستىسى بولغان نۇر بىلەن ـ ئۆز نۇرى ۋە نۇرنىڭ مەنبەسى بولغان قۇياشنى قانداق كۆرسە، ھەيۇ-لەنى (ماددىي) ئەقىلمۇ ـ ئۆزىگە نىسبەتەن قۇياشنىڭ ئورنىدا بولغان شەيئىنى ـ مۇشۇنداق بىلىدۇ. بۇ شەيئى ۋاستىسى بىلەن ھەيۇلەنى (ماددىي) ئەقىل، ئۇ شەيئىنىڭ ياردىمىگە سەۋەب بول-غان ئەمەلىي ئەقىلنى بىلىدۇ. بۇ ياردەم بىلەن يوشۇرۇن ئۇيغۇن-لۇق بولغان نەرسىلەر ئەمەلىي ئەقىل بولىدۇ.

مانا شۇ پەرقلىق ئەقىلنىڭ ھەيۇلەنى ئەقىلگە بولغان تەسىرى قۇياشنىڭ كۆزگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە ئوخشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ-غا پائال ئەقىل (ئاكتىپ ئەقىل) دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يۇقىرىدا بايان قىلغان ئايرىمىلىقلار (پەرقلىقلەر) ئارىسىدىكى مەۋقەنى ـ بىرىنچى سەۋەبنى ھېسابقا ئالمىساق ـ ئونىنچىدۇر. شۇ سەۋەب-تىن ھەيۇلەنى ئەقىلگە مۇنفەئىل ئەقىل (پاسسىپ ئەقىل) دېيى-لىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزگە نىسبەتەن قۇياش ئورنىدا بولغان شەي-ئى پائال ئەقىل ۋاستىسى بىلەن نۇتۇق قۇۋۋىتىدە پەيدا بولغە-چە، تۇيغۇلىرىمىز ـ خىيالدا ساقلانغان شەكىللەر بىلەن ـ ئۇي-غۇن (ماقۇل) شەيئىلەر سۈرىتىدە ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇن-لۇقلار (ماقۇللار) پۈتۈن ئىنسانلاردا ئورتاق بولغان دەسلەپكى ئۇيغۇنلۇقلاردۇر (ماقۇللاردۇر). پۈتۈن پارچىدىن چوڭدۇر. بىر نەرسىگە باراۋەر (تەڭ) بولغان مىقدارلار بىر ـ بىرلىرىگىمۇ باراۋەردۇر. . . دېگەنلەر مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

ئورتاق بىرىنچى ماقۇللار (ئۇيغۇنلۇقلار) ئۈچ تۈردە بولى-دۇ: بىر تۈرى ھەندەسە (گېئومېتىرىيە) نىڭ دەسلەپكى پرىن-سىپلىرىدىن ئىبارەتتۇر. يەنە بىر خىلى، ئىنسانىنىڭ قىلىدىغان گۈزەل ۋە چىركىن ئىشلىرىنى بىلدۈرىدىغان دەسلەپكى پرىنسىپ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇچىنچى بىر خىلى، پائالىيەتلەر بىلەن ئالاقىدار بولمىغان، بارلىقلارنىڭ ھاللىرىنى ئۆگىنىشكە كېرەك بولىدۇ. بۇ تۈر بارلىقلارنىڭ پرىنسىپلىرىنى، بىرىنچى سەۋەبىنى، كۆكتىكى دەرىجىلىرىنى، باشقا پرىنسىپلىرى ۋە بۇ پرىنسىپلاردىن تۇغۇلغان نەتىجىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

## 23. ئىرادە بىلەن ئىختىيار ئارىسىدىكى پەرق ۋە بەخت توغرىسىدا

ئىنساندا بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇنلۇقلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭدىن تەبىئىتى بىلەن ئويلاش، چۈشىنىش، خاتىرىلەش، ئايرىم مەنە چىقىرىش ئارزۇسى ھەم چۈشەنگەن، ئارزۇ قىلغان ۋە مەنە چىقارغان شەيئىلەرگە قارىتا مەيىل ياكى نەپرەت پەيدا بولىدۇ. ئىرادە بولسا ئىنساننىڭ پۈتۈن ئىدراك قىلغان شەيئىلەرگە بولغان مايىللىقىدۇر. بۇ مەيىل، سەزگۇ ۋە خىيال ۋاسىتىسى بىلەن بولسا ئىرادە دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ. لېكىن ئويلاش ۋە چۈشىنىش يولى بىلەن بولسا، ئۇنىڭغا ئومۇمىي ئىختىيار دېيىلىدۇكى، بۇ ھال يالغۇز ئىنسانلارغىلا خاستۇر.

ھالبۇكى، تۇيغۇ ۋە خىيال ۋاسىتىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن مايىللىق باشقا ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. ئىنساندا دەسلەپكى ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ (ماقۇللارنىڭ) پەيدا بولۇشى ئۇنىڭدا دەسلەپكى مۇكەممەللىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان بۇ ئۇيغۇنلۇقلارنى ئاخىرقى مۇكەممەللىك باسقۇچىغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇكى، بۇ باسقۇچ بەخت دېيىلىدۇ.

بەخت — ئىنسان روھىنىڭ ۋۇجۇدىدا ماددىغا ئېھتىياجلىق بولمىغان بىر تاكامۇللۇق مەرتىۋىسىگە ئۇلىشىشتۇر. بۇمۇ جىسىم بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ۋە ماددا بولمىغان جەۋھەرلەرنىڭ

قاتارىغا كىرىشى بىلەن ۋە بۇ ھالەتتە ئەبەدىي قېلىشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭا بەخت دەرىجە جەھەتتە پائال ئەقىلنىڭ ئاستىدىدۇر. روھنىڭ (نەپسىنىڭ) بەختكە ئۇلىشىشى ئۈچۈن ئىرادىي ھەرىكەتلەرگە ئېھتىياجى باردۇر. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئەقلىيدۇر. بىر قىسمى جىسمانىيدۇر. بۇ شۇ دەرىجىدىكى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇشى گۈزەل ھەرىكەتلەردىن بولماستىن، چەكلىك ۋە مۇئەييەن بەزى ئۆرۈنۈش ۋە ئادەتلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگەن چەكلىك ۋە مۇئەييەن ھەرىكەتلەردۇر. چۈنكى ئىرادىي ھەرىكەتلەر ئارىسىدا بەختكە توسالغۇ بولىدىغان ھەرىكەتلەرمۇ باردۇر. بەخت ياخشىلىق ئۈچۈن قىلىنغان ياخشىلىقتۇر. ئۇ ھېچبىر ۋاقىت ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئىنساننىڭ بەختتىن ئارتۇقراق ئېرىشىدىغان تېخىمۇ بۈيۈك بىر نەرسىسى بولمايدۇ. بەختكە ئۇلىشىشتا ياردەم قىلىدىغان پېئىللار گۈزەل پېئىللاردۇر. بۇ پېئىللاردىن سادىر بولغان ھەرىكەتلەر ۋە ئادەتلەر ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىدۇر.

بەختكە توسالغۇ بولغان پېئىللار يامانلىقلاردۇركى، بۇلار چىركىن (يامان) پېئىللاردۇر. بۇ پېئىللاردىن بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەتلەر — چۈشكۈنلۈك، رەزىللىك ۋە خەسىسلىكتۇر. ئىنساندىكى ھاياتلىق قۇۋۋىتى ۋۇجۇدقا خىزمەت قىلىش بىلەن كەمچىلىكسىزدۇر. لېكىن سەزگۈ قۇۋۋەتلىرى ھەم بەدەنگە، ھەم نۇتۇق قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىش بىلەن كەمچىلىكسىزدۇر. نەتىجىدە، ھەر ئۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەقسىتى، بەدەن بىلەن تىك تۇرغان (بار بولغان) — نۇتۇق قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىشتۇر.

نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ يا ئەمەلىيدۇر، يا نەزەرىيىۋىدۇر. بۇلارنىڭ ئەمەلىيسى نەزەرىيىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. نەزەرىيىۋى قۇۋۋەت بولسا ھېچنەرسىگە خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت بەختكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

پۇتۇن بۇ قۇۋۋەتلەر مەيىل قۇۋۋىتىگە باغلىقتۇر. ئىستەك ھەم سەزگۇ قۇدۇتىگە، ھەم تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە، ھەم نۇتۇق قۇۋۋىتىگە خىزمەت قىلىدۇ. ئىدراك قىلىش قۇۋۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى پەقەت مەيىل قۇۋۋىتى ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. سېزىلگەن، خىيال قىلىنغان، چۈشىنىلگەن ياكى ئۆگىنىلگەن شەيئىلەرگە قارىتا بىرەر ئارزۇ بىلدۈرمىگۈچە سەزگۇ، خىيال ۋە چۈشىنىش قۇۋۋەتلىرى [ئۆزلۈكىدىن] يېتەرلىك دەرىجىدە پائال (ئاكتىپ) ئەمەستۇر. چۈنكى ئىرادە ئىدراك قىلىغان نەرسىنى مەيىل قۇۋۋىتى بىلەن ئىزدەيدۇ.

بەختنى نەزەرىيىۋى قۇۋۋەت بىلەن تونۇغاندىن (بىلگەندىن) كېيىن، ئۇنى غايە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇلاشماق ئۈچۈن تەسەۋۋۇر ۋە سەزگۇ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نېمە قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش قۇۋۋىتىدىن سورايسەن، ئاندىن بۇ ھەرىكەتلەرنى مەيىل قۇۋۋىتىنىڭ ۋاسىتىلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىسەن، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن پېئىللىرىڭ (ھەرىكەتلىرىڭ) ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بولىدۇ.

خەير بەختنى بىلمىسەڭ ياكى بىلىپ ئۇنى ئارزۇ قىلمىدىغان بىر غايە قىلمىساڭ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىنى غايە (مەقسەت) قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنساڭ ـ تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بۇ ئىككىنچى غايىگە يەتمەك ئۈچۈن لازىم بولغان پېئىللارنى (ھەرىكەتلەرنى) ئەقلىڭدىن سورىغاندىن كېيىن، ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەيىل ۋاسىتىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىسەن ـ ئۇ ۋاقىتتا پېئىللىرىڭ (ھەرىكەتلىرىڭ) گۈزەل بولمايدۇ.

## 24 . چۈشلەرنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە

تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى سەزگۈ ۋە نۇتۇق قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغان ئارا قۇۋۋەتتۇر. سەزگۈ قۇۋۋىتىنىڭ ئەزالىرى ئەمەلىي روللىرىنى ئويناپ سەزگەنلەرنى سەزگەندە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى بۇ ھالدىن تەسىرلىنىپ، ھېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن ھېسلارنى قەيد (يېزىش) ۋە ئوبراز بىلەن ئىگىلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ خىزمىتىنى كۆرۈپ، مەيىل قۇۋۋىتىنى ھەردەكەتكە كەلتۈرىدۇ. سەزگۈ، مەيىل ۋە چۈشىنىش قۇۋۋەتلىرى دەسلەپكى مۇكەممەللىكلىرىگە يېتىپ - ئۇيقۇ ۋاقتىدا بولغانغا ئوخشاش، ئارتۇق ۋەزىپىلىرىنى كۆرمەستىن، ئۇنى رەت قىلغانلىرىدا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ - دە، ئارتۇق ھېسلارنىڭ [بىر ئويغاق بولساق] قالغانلىرىنى تازىلاپ، ھېس قىلغانلارنىڭ قەيد ۋە ئوبرازلىرىدىن قۇتۇلىدۇ ھەم نۇتۇق قۇۋۋىتى بىلەن مەيىل قۇۋۋەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئالدىدا ساقلانغان ھېسلارنى خاتىرىگە ئېلىشقا قايتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بەزىسىنى بىر - بىرىگە قوشىدۇ، بەزىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ.

ھېس قىلىنغانلارنىڭ رەسىملىرىنى (ئوبرازلىرىنى) ساقلاش ۋە بۇلارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ گورۇپپىلارغا ئايرىشتىن باشقا، تەسەۋۋۇرنىڭ (خىيالنىڭ) ئۈچىنچى بىر رولى ھەم باركى، ئۇنىڭغا ئوخشاتما ۋە تەقلىد قىلىدۇ. بۇ ھال پۈتۈن نەپس (روھ) قۇۋۋەتلىرى ئارىسىدا يالغۇز روھقا خاس بولغان بىر ئىمتىيازدۇركى، بۇ تەسەۋۋۇردىكى (خىيالدىكى) ھېسلارنىڭ تەقلىد تەرىقىسىدىكى ئىپادىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ شۇنداقكى، ئۆزىدە ساقلانغان مەخسۇسلارنى (ھېس قىلىنغانلىرىنى) مۇناسىۋەتلىك بولغان بەش سەزگۈگە ئوخشىتىدۇ. بەزەن ئۇيغۇنلۇقلار-

www.uyghurkitap.com



نى (ماقۇللارنى) ھاياتلىق قۇۋۋىتىنى، بەزەن مەيل قۇۋۋىتىنى تەقلىد قىلىدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ جىسمىمىزنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان مىزاجىنى تەقلىد قىلىدۇ. جىسمىمىزنىڭ مىزاجى ھۆل بولسا، سۇ ياكى ئۈزۈش قاتارلىق ھۆللۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېسلارنى تەقلىد قىلىدۇ. جىسمىمىزنىڭ مىزاجى قۇرۇق بولسا، قۇرغاقلىق بىلەن ئالاقىدار شەيئىلەرنى تەقلىد قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سوغۇق ياكى ئىسسىق بولغان جىسمىمىز سوغۇقلۇق ياكى ئىسسىقلىقنى تەقلىد قىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت جىسمىمىزنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە سۈرىتىنى ھەم تەقلىد قىلىدۇ. جىسمىمىز مۇئەييەن بىر مىزاجدا (مىجەزدە) بولغان ۋاقىتتا، مىزاجنى شۇ قۇۋۋەتتە تەڭشەيدۇ. شۇ دەرىجىدىكى، بۇ قۇۋۋەت روھىي بولغانلىقى ئۈچۈن تەڭشەش ئىشى ئۇ قۇۋۋەتنىڭ قابىلىيەت ئىستىداتلارنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ئىشتىراكىدا پەيدا بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ماددىي جىسىملارنىڭ شۇ مىزاجلاردىن تەسىر ئېلىشى ۋاسىتىسى بىلەن پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى ھۆل بىر جىسىم ئۆز نەملىكىنى باشقا بىر جىسىمغا ئۆتكۈزە، ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاش ھۆل قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ [تەقلىدىي] قۇۋۋەت نەملىك تەسىرىگە ئۇچراش بىلەنلا ياكى نەملىككە يېقىن كېلىشى بىلەنلا، ھۆل [بىر جىسىمغا ئوخشاش] تەسىرچان بولمايدۇ. ھۆللۈكنى پەقەت نەملىكنى ئىپادىلەيدىغان ھېسلارغا تەقلىد قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ ھۆللۈككە دۇچ كەلسە، پەقەت ھۆللۈكنى ئىدراك قىلىش سۈرىتى بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بولمىسا ھۆللۈكنىڭ [دەل] ئۆزىدىن تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ [تەقلىدچى] قۇۋۋەت بىر شەيئىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالسا، ئۇ شەيئىدىن ئۆز جەۋھەر ۋە ئىستىداتلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرى ئىشتىراكىدا پەقەت مۇشۇ سۈرەتتە تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئەمدى بۇ قۇۋۋەت تەسىرلىنىدىغان ھەرقانداق شەيئىدىن ئىككى خىل يول بىلەن تەسىرلىنىدۇ. بىرىنچىسى، ئۇ شەيئىنىڭ

ئەسلى ھالىتىدىكىدەك ۋە ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن سۈرەتتە قوبۇل قىلىپ تەسىرگە ئۇچراش. شۇڭا ئۇ شەيئىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىكىدەك قوبۇل قىلسىمۇ، ئۇ شەيئى قارىشىسىدا دۇچ كەلگەن ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ئىپادە قىلىپ تەقلىد ئېتىدۇ. ئۇ يالغۇز ماقۇللىرى (ئۇيغۇنلۇقلىرى) بولغىنىدەك قوبۇل قىلمايدۇ. نۇتۇق قۇۋۋىتى ھاسىل قىلغان ئۇيغۇنلۇقلىرىنى (ماقۇللارنى) بۇ قۇۋۋەتكە كۆچۈرگەندە، بۇ قۇۋۋەت ئۇ ئۇيغۇنلۇقلارنى (ماقۇللارنى) نۇتۇق قۇۋۋىتىدىكى شەكىل ۋە سۈرىتى بىلەن قوبۇل قىلماستىن، ئۇلارنى سېزىلگەن شەيئىلەرگە ئوخشاش يول بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

جىسمىمىز ئۇنىڭغا مىزاجىنى بەرگەن زامان، [تەقلىد قۇۋۋىتى] ئالدىدىكى ئوخشاش ھېسلار بىلەن بۇ مىزاجنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇ قۇۋۋەتكە سېزىلگەن [ئاچلىق] بىرنەرسە يەتكۈزۈلگەن زامان، ئۇنى يا قانداق ھالەتتە بولسا، شۇ ھالەتتە قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆز تۈرىدىكى باشقا ھېس قىلىنغانلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. [مەزكۇر قۇۋۋەت] مەيىل قۇۋۋىتىنى ماھىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەشكە نىسبەتەن ئىستىبداتلىق. يەنى غەزەپ، شەھۋەت ۋە پۈتۈن پېئىللارغا ئىگە بولغاندا يالغۇز مەيىل قۇۋۋىتىنى تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا تەييار تۇرغان پېئىللارنى تەتبىق قىلىدىغان ئىككىنچى قۇۋۋەتلەرنىڭ، بەدەن سەگەك مەيىل قۇۋۋىتىنىڭ ئەمرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك پائالىيەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھالەت ئالدىدا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ بەزەن بىز بىلەن ئويناشقانلىقىنى ياكى ئۆلۈك رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، جىسمىمىزنىڭ مىزاجى، مەيىل قۇۋۋىتىدە نېرۋا بۇزۇلۇشنى قوزغاش ماھىيىتىدە بولسا، بۇ بۇزۇلۇشتىن تۇغۇلىدىغان ھەرىكەتلەر مىزاجنى تەقلىدكە قىستايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نېرۋىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ھاجەت يوقتۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەيىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇۋۋىتىگە خىزمەتچى بولغان قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇۋۋەتلەر، ئۇ پىيئىلنىڭ ئىجراسىغا (ئەمەلگە ئېشىشىغا) ئەمەلىي يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جىسىمنىڭ مىزاجى مەيل قۇۋۋىتىدە ئىككى ئارزۇسىنى قوزغىغۇچى، ماھىيەتتە بولسا، ئۇ مىزاجنى ئىككى ھەرىكەتلىرى بىلەن تەقلىد قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئەزالىرى ئىككى پىيئىلىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۇ يەردە ئويغانغان شەھۋەتنىڭ تەسىرى بىلەن ھاسىل بولغان ئەمەستۇر. لېكىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ شەھۋەتنى شەھۋەت پىيئىللىرى بىلەن تەقلىد قىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغاندۇر. باشقا نېرۋا بۇزۇلۇشلىرىغا ھەم مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئويغانغان كىشىنىڭ ئويغىنىپ باشقا بىرسىنى ئۇرۇشى ياكى ھېچقانداق بىر سىرتقى تەسىر بولماستىن بىر كىشىنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا قېچىشى قاتارلىقلار مۇ شۇ جۈملىدىندۇر.

بۇ خۇسۇستا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ھەقىقىي تەسىرلەرنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ. بۇ قۇۋۋەت ئەينى زاماندا، نۇتۇق قۇۋۋىتى ۋە نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇنلۇقلارنى (ماقۇللارنى) ئۇلارغا خاس شەيئىلەر بىلەن كۆرسىتىپ تەقلىد ئېتىدۇ. مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا بولغان ماقۇللارنى (ئۇيغۇنلۇقلارنى)، مەسىلەن: بىرىنچى سەۋەبنى ماددا بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغان شەيئىلەرنى ۋە ئاسمانلارنى ھېس قىلىنغانلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ مۇكەممىلى بولغان گۈزەل شەيئىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يامان ماقۇللارنى (ئۇيغۇلۇقلارنى) بولسا، ھېس قىلىنغانلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ۋە ئەڭ كەمتۈكى بولغان چىركىن شەيئىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. باشقا گۈزەل ھېسلارنى ھەم مۇشۇ رەۋىشتە تەقلىد قىلىدۇ.

ئىمكانى ئۇيغۇنلۇق (بىلقۇۋۋە ماقۇل) بولغان شەيئىلەرنىڭ ئەمەلىي ئۇيغۇنلۇق (بىل پىيئىل ماقۇل) نىڭ ئىمكانى (بىلقۇۋۋە) بولۇشىغا ۋە ئەقلىنىڭ ئەمەلىي ئەقىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى

پائال ئەقىلدۇر. نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ ئەمەلىي ئەقىل بولۇشقا نامزات قۇۋۋەتتۇر. نۇتۇق قۇۋۋىتى نەزەرىي ۋە ئەمەلىي دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئەمەلىيسى ھازىر ۋە كېلەچەكتىكى قىسمەنلىكنى (ئايرىملىقلارنى) بىلىدۇ. نەزەرىيىسى، بىلىم بىلەن ئالاقىدار بولغان ماقۇللارنى (ئۇيغۇنلۇقلارنى) بىلىدۇ. تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى بولسا، نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ھەر ئىككى تۈرى بىلەن تۇتاشتۇر. پائال ئەقىلدىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ ئۈستىگە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىلنىڭ ئىدراك قۇۋۋىتىگە بولغان تەسىرى، بەزىدە نەزەرىي نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ پەيدا قىلغان ئۇيغۇنلۇقلار تۈرىدىن بولىدۇ. بەزىدە ئەمەلىي نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ پەيدا قىلغان جۇزئى ھېسلار تۈرىدىن بولۇپ، ماقۇل (ئەقىلگە ئۇيغۇن) شەيئىلەرنى توپلىغان ئوخشاشلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان ھالدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بەزىدە بولسا ئۇلارنى باشقا ھېسلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا شۇ ئەمەلىي سۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ (نۇتۇقنىڭ) ئاڭلىق ھالدا ئورۇنلىغان ئىشلىرى مانا مۇشۇ جۈملىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى بۈگۈنگە، بىر قىسمى ئىستىقبالغا ئائىتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ - ئاڭنىڭ ۋاستىچىلىقىغا موھتاج بولماي - ئىگە بولغان پۈتۈن نەرسىلىرى ئەسلىدىنلا ئاڭدىن ئېلىنغان بولىدۇ.

مانا شۇنداق بىر يول بىلەن پائال ئەقىلنىڭ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە يوللىغان جۇزئىيان (ئايرىملىقلار) نامى ياكى توغرا چۈشلەر ۋاستىسى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. [يەنى شۇ يول بىلەندۇركى، پائال ئەقىلنىڭ] تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە يوللىغان ۋە بۇ قۇۋۋەتنىڭ قوبۇل قىلغان ئۇيغۇنلۇقلىرىنى چۈشلەر بىلەن تەقلىد ئەتكەن يەردە، ئىلاھىي شەيئىلەر بىلە باغلىنىشلىق ھالدا بېشارەتلەر سۈرىتىدە ئىپادىلەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇدا پەيدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئويغاقلىقتىمۇ پەيدا بولىدۇ. شۇنچىلىك دەرىجىدىكى، ئويغاقلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈز بەرگەنلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئاز بىر قىسمى نىسپىي بولىدۇ. ئۇيقۇلۇقتا پەيدا بولغانلىرى بولسا كۆپلۈك ئىپتىدارى بىلەن ئايرىلىقلار بولۇپ، ئەقىلغە ئۇيغۇنلىرى (ماقۇللىرى) ئازدۇر.

## 25. ۋەھىي ۋە مالائىكىلەرنى (پەرىشتىلەرنى) كۆرۈش توغرىسىدا

بۇ شۇنداق بولىدۇ. بىر ئىنساندا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ناھايىتىمۇ كەسكىن ھەم تولۇق بولسا، تاشقىرىدىن ئۇنىڭغا چۈشكەن ھېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قاپلىسا ھەم ئۇنىڭ تۇتۇق قۇۋۋىتىنى ۋاستە قىلمىسا، بۇنداق شەيئىلەرگە ئۈچرىغاندا [تەسەۋۋۇرىدا (خىيالدا)] ئۆز خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قولاي بىر ئۇستۇنلۇك ئۇلۇشى بولسا ۋە ئويغاق ۋاقىتتىكى ھالى ئۇخلاۋاتقاندىكى ھالىدىن پەرقسىز بولسا ھەم پائال ئەقىل بەرگەن نەرسىلەرنى كۆز بىلەن كۆرگەن خاس نەرسىلەرگە تەقلىد ۋە ئىپادە قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا تەسەۋۋۇرنىڭ خىيال قىلغان بۇ نەرسىلىرى قايتىدۇ (ئايلىنىدۇ) ۋە سەزگۈ قۇۋۋىتىگە رەسىم (ئوبراز) قالدۇرىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ (خىيالنىڭ) بۇ رەسىملىرى ئورتاق سەزگۈ قۇۋۋىتىگە ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۈچرىغان كۆرۈش قۇۋۋىتىدە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ بۇ رەسىملەرنى (ئوبرازلارنى) كۆرۈش نۇرى بىلەن نەچچە قاتلارغا بۆلۈنگەن يورۇق ھاۋاغا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھاۋاغا ئىنكاس قىلىنغان بۇ رەسىملەر (ئوبرازلار)، بۇ قېتىم تەتۈرىگە قايتىپ كۆزدە بولىدىغان كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۈستىگە قايتىدىن ئوبرازلىنىدۇ (گەۋدىلىنىدۇ). بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل بەرگەن نەرسىلەر ئۇ ئىنسان تەرىپىدىن كۆرۈلگەن بولىدۇ.

ئەمدى تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى بىرىكمىگە ئايلاندۇرغان شەيئى-

لەر ئەڭ گۈزەل ۋە مۇكەممەل ھېس قىلىنغان نەرسىلەردىن بولغاچقا، بۇلارنى كۆرگەن كىشى «ئاللانىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە ئاجايىپ بىر كارامىتى بار ـ ھە!» دەيدۇ ھەم كۆرگەن بۇ ئاجايىپ شەيئىلەرنىڭ باشقا مەۋجۇتلۇقلار ئارىسىدا ئوخشاشلىرى ئۇچرىمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى، مۇكەممەللىكنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن بىر ئىنسان پائال ئەقىل بىلەن ئويغاق بولغانىكەن، مەيلى ھازىر ياكى ئىستىقبالدىكى (كەلگۈسىدىكى) جۇزئىياتىنى قوبۇل[①] قىلسا ياكى ئۇلارنى ھېس قىلىنغانلار بىلەن ئىپادىلىسە ھەم پەرقلىق بولغان ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ ۋە باشقا مۇقەددەس بارلىقلارنىڭ بىرىكىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى كۆرسە، ئۇ كىشى تەسىرگە ئۇچرىغان ئۇيغۇنلۇقلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئىلاھىي نەرسىلەردىن سۆزلىيەلەيدۇ. بۇ ھال تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋە بولغىنىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر (خىيال) ۋاسىتىسى بىلەن ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىدۇر. بۇنىڭ تۆۋىنىدىكى مەرتىۋىلەردە، ئىنسان بۇ شەيئىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چۈشىدە كۆرىدۇ، بىر قىسمىنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ، بەزىدە بۇ نەرسىلەرنى خىيال قىلىدۇ. ئەمما كۆزلىرى بىلەن كۆرمەيدۇ. بۇنىڭ تۆۋىنىدىكى مەرتىۋىدە، ئىنسان بۇ نەرسىلەرنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرىدۇ. بۇلار ئاللىگورىك (سىمۋوللۇق) ماھىيەتتە بولغاچقا، ئىنسان ئۇلارنى سىمۋوللار بىلەن، يوشۇرۇن ياكى تەتۈر مەنىلەر بىلەن ئوخشىتىش (تەشبىھ) ۋە تېپىشماقلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانلار بۇ جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەر-

---

① بۇ يەردە ئالماق، قوبۇل قىلماق ۋە كۆرمەك سۆزلىرىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى مەنىلەردە چۈشىنىلىدۇ: ئالماق ياكى قوبۇل قىلماق ـ پائال ئەقىل ئىلھام سۈپىتىدە بەرگەن سۈرەت ياكى پىكىرنى ئالماق ياكى قوبۇل قىلماق دېمەكتۇر. كۆرۈشۈشتىن مەقسەتمۇ پىكىر ياكى تەسەۋۋۇر بىلەن كۆرمەكتۇر. كۆز بىلەن كۆرۈش مەقسەت قىلىنسا، فارابى بۇ سۆزنىڭ يېنىغا كۆز ياكى بەسەر (كۆز) سۆزلىرىنى ئىلاۋە قىلىدۇ.
— تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئىزاھاتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دە بولىدۇ. بەزىسى يالغۇز جۇزئىياتنى (ئايرىملىقلارنى) قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. لېكىن ئەقىلغە ئۇيغۇنلۇقىنى (ماقۇللۇقىنى) ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىلىرى ئەقىلغە ئۇيغۇنلۇقىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇلارنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. لېكىن جۇزئىياتنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىسى بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىر قىسمىنى كۆرىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى كۆرمەيدۇ. بەزىلىرى بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ. بىر قىسمىنى چۈشىدە قوبۇل قىلمايدۇ. بەزىلىرى بۇلاردىن ھېچبىرىنى ئويغاقلىقتا قوبۇل ئەتمەي، پەقەت چۈشىدىلا قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: چۈشىدە يالغۇز جۇزئىياتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇنلۇقلىرىنى (ماقۇللىرىنى) قوبۇل ئەتمىدى. باشقا بىرسى بولسا بۇلاردىن بىر ئاز، ئۇلاردىن بىر ئازنى ئالىدۇ. باشقا بىرسى ھەم پەقەت جۇزئىياتتىن ئازراقنى ئالىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كۆپى مۇشۇ خىلدا بولۇپ، ئارىلىرىدىكى دەرىجە پەرقى بىلەن ماختىنىدۇ.

بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ياردەمچىلىرى ئورنىدىدۇر. شۇڭا بىر قاتار تەسىرلەر ئاستىدا ئىنساننىڭ مىزاجى (مىجەزى) ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى پائال ئەقىلدىن گاھ ئويغاق ھالدا، گاھ ئۇيقۇدا قوبۇل قىلىدۇ. بۇ ھال بىر كىشىدە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقىنىدەك، بەزىدە ناھايىتىمۇ قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە يوق بولىدۇ. يەنە بىر قاتار تەسىرلەر ئاستىدا بىر كىشىنىڭ مىزاجى ۋە خىياللىرى بۇزۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ تەركىبىنىڭ مەھسۇلى بولغان شۇنداق ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرىدۇكى، بۇلار ئەمەلىيەتتە نە مەۋجۇتتۇر، نە مەۋجۇت بولغان شەيئىلەرگە ئوخشاشتۇر. ئابداللار، ساراڭلار ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار بۇ تۈركۈمگە مەنسۇپتۇر.

## 26. ئىنساننىڭ جەمئىيەت ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشكە بولغان ئېھتىياجى توغرىسىدا

ھەربىر ئىنسان ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن، يارىتىلىشتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج ھالەتتە يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان ئۆزى يالغۇز قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئىنسان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىشىغا موھتاجدۇر. ھەربىر ئىنسان بۇ ئېھتىياجلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرلىرى ئالدىدىكى ۋەزىيىتى مانا مۇشۇ مەركەزدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم تەبىئىتىدىكى مۇكەممەللىككە يېتىش ئېھتىياجىنى پەقەت باشقا ئىنسانلارنىڭ ياردەملىشىشى مەقسىتىدە بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

تۈرلۈك ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ياشىشىدىن جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى كەمتۈك (تولۇق بولمىغان) تۈر. تولۇق بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ.

چوڭ جەمئىيەت — يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئىبارەتتۇر. ئوتتۇرا جەمئىيەت دېگىنىمىز، يەر يۈزىدىكى [ئايرىم - ئايرىم] مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتتۇر. كىچىكى بولسا، بىر مىللەتنىڭ يېرىنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەتتۇر.

كەمتۈك جەمئىيەت بولسا، يېزا، مەھەللە، كوچا ياكى ئائىلىدە ياشىغۇچى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلىدىن كىچىك بولغان كۆلىمى مۇشۇ تۈركۈمگە تەئەللۇقتۇر. مەھەللە ۋە يېزىنىڭ ھەر ئىككىسى شەھەرگە تەۋە. لېكىن شۇ مەنىدە تەۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كى، يېزا شەھەرگە خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئېتىبارى بىلەن شە-
ھەرنىڭ بىر قىسمى (بۆلىكى) سۈپىتىدە تەۋەدۇر. بۇ سەۋەبتىن
ئۆي (ئائىلە) كوچىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى ئېتىبارى بىلەن
ئۇنىڭغا (كوچىغا) تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆي كوچىنىڭ بىر
قىسمى، شەھەر مىللەتنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، مىللەتمۇ
دۇنيا نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭغا كۆرە، ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە يۈكسەك كامالەتكە
شەھەردىن كىچىك بولغان جەمئىيەت مەركەزلىرىدە ئەمەس، بەل-
كى شەھەر دائىرىسى ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنى ھەم
ئېيتايلىكى، ياخشىلىق قانداق ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا
كەلتۈرۈلسە، يامانلىقمۇ ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرۈلە-
دۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىر شەھەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەمكار-
لىقنىڭ يامان مەقسەتلەر تەرەپكە كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.
لېكىن ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا
ھەمكارلاشقان شەھەر پەزىلەتلىك شەھەردۇر. چۈنكى بەختكە ئې-
رىشىش مەقسىتى بىلەن تەشكىللەنگەن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت
پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پۈتۈن
شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشىۋاتقان
بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر. پۈتۈن مىللەتلەرنى بەختكە
ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەمكارلاشتۇرغان دۇنيا ھەم پەزىلەتلىك
دۇنيا بولىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ھەممە جەھەتتىن ساغلام بولغان بىر
بەدەنگە ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئەزالىرى ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئاخىرىغى-
چە ساقلاش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ياردەملىشىدۇ. بەدەننىڭ ئەزا-
لىرى قانداق كۆپ خىل بولسا، يارىتىلىش ۋە قۇۋۋەتلىرى جەھەت-
تىن بىر - بىرلىرىدىن قانداق ئۈستۈن بولسا ھەم ھەممىنىڭ
ئۈستىدە باش رول ئوينايدىغان - يۈرەك ئىسمىلىك بىر ئەزا
بولۇپ، بۇ ھاكىم ئەزاغا دەرىجىلىرى يېقىنراق بولغان ئەزالار

ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان باشقا ئەزالار بولغىنىدەك ھەم بۇ ئاخىرقى ئەزالار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ۋە بۇلارنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەزالار ۋە بۇ ئەزالارغا باغلىنىشلىق باشقا ئەزالار، نىھايەت ھەرىكەتلىرى ۋە كۈچلىرى پەقەت باشقىلىرىغا قىلىنغان خىزمەتلا بولىدىغان ئېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەزالار بولغىنىغا ئوخشاش، شەھەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. يەنى شەھەردىن تەشكىل قىلىنغان ئۇنسۇرلار، يارىتىلىشتا ھەرخىل ۋە بىر - بىرلىرىدىن ئۈستۈن ھالەتتە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بىر ئىنسان بىلەن دەرىجە جەھەتتىن ئۇنىڭغا يېقىن بولغان باشقا ئادەملەر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز قابىلىيەت ۋە پائالىيەتلىرىنى باشلىقنىڭ غايىلىرىگە ئۇيغۇن بىر سۈرەتتە ئىلىپ بارىدۇ. بۇ يۇكسەك مەرتىۋە ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا باشقىلار بولغىنىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭ ئەمرىدىمۇ يەنە باشقىلار بولىدۇ. دەرىجە تەرتىپلىرى مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىپ، ئاخىرىدا ئەڭ تۆۋەندىكى تەبىقىلەرگە بارىدۇكى، بۇ ئاخىرقى دەرىجىدىكىلەر باشقىلارنى باشقۇرمايدۇ، پەقەت ئۆزىدىن ئالدىنقى دەرىجىدىكىلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

ھالبۇكى، شۇنى ھەم سۆزلىمەك ھاجەتكى، بىر جىسىمنىڭ ھەم ئەزالىرى تەبىئىيدۇر، ھەم ھەيئەتلىرى تەبىئىي قۇۋۋەتلەردىن ئىبارەتتۇر. لېكىن بىر شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى تەبىئىي بولۇش بىلەن بىرگە، بۇلارنىڭ شۇ شەھەر خىزمىتىدە كۆرسىتىدىغانلىرى پائالىيەت، ماھىيەت ۋە تەرزى (ئۇسلۇب) جەھەتتىن تەبىئىي ئەمەس، بەلكى ئىرادىيدۇر.

شۈبھىسىزكى، شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى [بولغان ئىنسانلار] بىر - بىرىدىن ئۈستۈن خۇسۇسىيەتلەر بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، بەزى ئىنسانلار يەنە بەزىلىرىگە بەزى تەرەپلەردە پايدىلىق بولىدۇ. بەزى تەرەپلەردە پايدىلىق بولمايدۇ. شۇ سەۋەب-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىن ئۇلار يالغۇز يارىتىلىشلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىرادىي قابىلىيەتلىرى بىلەنمۇ شەھەرنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بەدىنى ئەزالىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرى تەبىئىي بولسا ھەم شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلىرى تەرىز ۋە ماھىيەت نۇقتىسىدىن پەقەت ئىرادىيدۇر (ئىختىيارىيدۇر).

## 27. ھاكىم ئەزا توغرىسىدا

بەدىنىمىزدىكى ھاكىم ئەزا قانداق ھالدا باشقا ئەزالارنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى بولسا ھەم ئۆزلۈكىدىن ۋە ئۆزىگە ئائىت خۇسۇسلاردا باشقا ئەزالارنىڭ ئەڭ تولۇقى بولسا، ياردەملەشكۈچى ئەزالار ئارىسىدا قايسى يوسۇندا ئەڭ يۇكسەك ئورۇن ئىگىسى بولسا ۋە بۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا باشقا ئەزالار شۇنداقلا بۇ ئەزالارنىڭ باشقۇرۇشىدىمۇ باشقا ئەزالار بولغىنىغا ھەم بۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇشلىرى ھاكىم ئەزانىڭ باشقۇرۇشىغا ئوخشىماي، ئۇلار باشقۇرغۇچى بولۇش بىلەن يەنە باشقۇرۇلغۇچى بولغىنىغا ئوخشاش، شەھەر باشلىقىمۇ ئۆزىگە ئائىت ئىشلاردا شەھەر ئەزالىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغۇچى كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ يۇكسەك ئورۇن ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئادەملەر بولىدۇ. بۇلارمۇ باشقىلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ.

يۈرەك ھەممىدىن ئاۋۋال شەكىللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەزالارنىڭ شەكىللىنىشىگە، قۇۋۋەتلىنىشىگە ۋە دەرىجىلىرىگە ئاساسەن ئورۇن ئېلىشقا سەۋەب بولغىنىغا ھەم بۇلارنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، يۈرەك بۇ چاتاقنى تۈگىتىدىغان ۋاسىتىنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش، شەھەر باشلىقىنىڭمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈردۇركى، ئۇ شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرىجى-

لىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىرادىي پائالىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، شەھەر جامائە ئەزالىرىنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، بۇ چاتاقنى تۈزەيدىغان ۋاستىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ھاكىم ئەزاغا يېقىن بولغان ئەزالارنىڭ تەبىئىي پېئىللىرى رەئىسنىڭ (ھاكىم ئەزانىڭ) مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق خىزمەت قىلىش بىلەن قانچىلىك ئىپتىخارلانسا ھەم بۇ ئەزالارنىڭ تۆۋەندىكى ئەزالار ئىگە بولغان تەبىئىي پېئىللار دەرىجە جەھەتتىن ئۆزىدىن يۇقىرى بولغان ئەزالارنىڭ دەرىجىسىگە قانداق يېتەلمىسە ۋە مۇشۇ بويىچە ھەربىر شەيئى دەرىجە بويىچە تۆۋەنلەپ بېرىپ، ئەڭ تۆۋەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلايدىغان ئەزالارغا قەدەر بارسا، مەرتىۋە جەھەتتىن شەھەر باشلىقىغا (رەئىسكە) ئەڭ يېقىن بولغان جامائەلەرنىڭ ئورۇنلىغان ئىرادىي خىزمەتلىرىمۇ دەرىجە جەھەتتىن ئەڭ شەرەپلىك ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن تۆۋەندە بولغان ئەزالارنىڭ خىزمەتلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارمۇ دەرىجە بويىچە مېڭىپ، ئاخىرىدا ئەڭ تۆۋەندىكى ئىشلارنى بېجىرىدىغان قىسىملارغا قەدەر بارىدۇ. ئىشلارنىڭ تۆۋەنلىكى – سۈيدۈك يولى ۋە توغرا ئۈچەيدە بولىدىغانغا ئوخشاش، گاھىدا ئۇنچە بەك پايدىلىق بولماسلىقىغا قارىماستىن، ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بەزىدە پايدىسىز ياكى بەكمۇ قولاي بولۇشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

شەھەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ بۆلەكلىرى بىر – بىرلىرىگە ماسلاشقان ۋە بىر – بىرى بىلەن قەتئىي رەۋىشتە زىچ باغلانغان، ھەربىر بۆلەكمۇ مۇشۇنداقتۇر. بۇنىڭمۇ بىر رەئىسى (باشلىقى) بولۇپ، باشقا قىسىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ ھالەتتە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن بارلىقلارمۇ مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بىرىنچى سەۋەبنىڭ باشقا بارلىقلارغا بولغان نىسبىتى، پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ شەھەردىكى باشقا قىسىملارغا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىسبىتىگە ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: ماددىسىزلىق دەسلەپكى بار-لىقنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئاسمان جىسىملىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاستىدا ماددىي (ھەيۇلانى) جىسىملار تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى سەۋەبنىڭ ئىزىغا ئەگە-شىپ ماڭىدۇ. مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆز قۇربىنىڭ يېتىشىچە بۇ يولدا ماڭىدۇ. شۇ دەرىجىدە بولىدۇكى، ئۇلار مۇئەييەن بىر تەرتىپ بويىچە ماڭىدۇ. بۇ شۇنداقكى، تۆۋەن دەرىجىدىكى شەيئى ئۆز دەرىجىسىدىن بىر ئاز ئۈستۈن بولغان شەيئىنىڭ ئىزىنى بويلاپ نىشانغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىنىڭ نىشانىمۇ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكىدۇر. مۇشۇ باغلىنىش، مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا دەسلەپكى بار-لىق بىلەن ئارىلىرىدا ھېچقانداق بىر ۋاستە قالمىغان باسقۇچقا بارىدۇ. پۈتۈن مەۋجۇتلۇق مۇشۇ تەرتىپ بويىچە دەسلەپكى سەۋەب-نى نىشان قىلىپ شۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋۇ-جۇدلىرىنىڭ (بارلىقلىرىنىڭ) ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر نەرسە دەسلەپتىلا ئىگە بولغانلىرى، دەسلەپكى بارلىقنىڭ مەقسىتىنى دەسلەپكى ئىنتىلىشتىلا بىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن يۇرگەن بولغاچقا، يۇكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەمما دەسلەپتە ۋۇجۇدلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان پۈ-تۈن ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى بولسا، ئېھتىماللىق ئى-چىدىكى نىشانغا يېتىش ۋە بۇ تەرتىپتە دەسلەپكى بارلىقنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان قۇۋ-ۋەتنى ئالىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەرمۇ مۇشۇنداقتۇر. پۈتۈن بۆلەكلەر دەرىجە ۋە مەۋقەلىرى بويىچە دەسلەپكى سەۋەبنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق يولدا مېڭىشى كېرەك. كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولغان ھەرقانداق ئادەم پەزىلەتلىك شەھەرگە باشلىق (رەئىس) بولالمايدۇ. باشقۇ-رۇش (رىياسەت) ئىككى نەرسە بىلەن بولىدۇ. بىرى، رەئىس

(باشلىق) بولىدىغان ئادەمنىڭ تەبىئەت ۋە يارىتىلىشىدا رىياسەت-كە (باشقۇرۇشقا) قابىلىيىتى بولۇشى لازىم. يەنە بىرى، رەئىس-نىڭ (باشلىقنىڭ) ھەيئەتكە خاسلىقى ۋە ئىرادىي ئادىتى بىلەن رىياسەتكە قابىلىيىتى بولغان كىشىنىڭ ئورۇنلايدىغان ماھارىتى ھېچقانداق بىر سەنئەت (ماھارەت) بولالمايدۇ. چۈنكى شەھەردە-كى سەنئەتلەرنىڭ كۆپى باشقۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىشقا خاستۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆپىمۇ خىزمەت قىلماق ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

سەنئەتلەر (ماھارەتلەر) ئارىسىدا ھەم باشقۇرۇشقا (رىيا-سەتكە)، ھەم خىزمەت قىلىشقا ماس كېلىدىغان سەنئەتلەر بولغى-نىغا ئوخشاش، يالغۇز خىزمەت قىلىشقىلا ماس كېلىدىغان، ئەمما رىياسەتكە ماس كەلمەيدىغان سەنئەتلەرمۇ باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغان ھەرقانداق بىر سەنئەت ياكى ھەرقانداق بىر ئادەت پەزىلەتلىك شەھەردە رەئىسلىك سەنئىتى بولالمايدۇ. ئەڭ بۈيۈك رەئىس ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۇركۇمدىن ھېچكىمنىڭ رەئىسلىكىنى (باشقۇرۇشىنى) قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ خۇددى بەدەندىكى رەئىس بولغان ئەزا باشقا بىر ئەزانىڭ رەئىسلى-كىنى قوبۇل قىلمىغانغا ئوخشاشتۇر. ھەرقانداق بىر جەمئىيەت-نىڭ رەئىسى (باشلىقى) مۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، باشلىققا (رەئىسكە) خىزمەت تەكلىپ قىلىد-دىغان ماھىيەتتە بولۇپ قالماسلىقى ۋە بۇ باشقۇرۇش سەنئىتىدىن تېخىمۇ يۇكسەك بولغان بىر سەنئەت ئۆزىگە نىشان قىلغان غايە ئېتىبارى بىلەن باشقا سەنئەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ماھى-يەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەردىكى پۈتۈن ئىش-لارنىڭ نىشانى رەئىسنىڭ دەل ئۆزى بولۇشى كېرەك. ئۇ باشقى-لارنىڭ ھۆكۈمى ئاستىغا كىرمىگەن بىر ئىنسان بولۇشى لازىم. لېكىن رەئىس (باشلىق) شۇنداق مۇكەممەل بىر ئىنسان بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېرەككى، ھەم ئاقىل بولسۇن، ھەم ھەقىقىي ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسۇن. بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ئۆز تەبىئىتى بىلەن مۇكەممەللىكىنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىگە يەتكەن بولسۇن، ھەم بۇ قۇۋۋەت پائال ئەقىلنىڭ جۇزىياتى (بۆلەكلىرى) بولغىنىغا ئوخشاش ياكى سىمۋول قىلىنىغان بىر ھالدا ئويغاق ۋە ياكى ئۇيقۇلۇق ئەسنادا قوبۇل قىلسۇن، پاسسىپ ئەقلى (مۇنفائىل ئەقىل) پۈتۈن ئۇيغۇنلۇقلار (ماقۇلـلار) بىلەن مۇكەممەللەشكەن بولسۇنكى، ئۇلاردىن ھېچبىرى سىرتتا قالماستىن، ئەمەلىي ئەقىل (بىلىپپىئىل ئەقىل) بولـسۇن، چۈنكى پاسسىپ ئەقلى (مۇنفائىل ئەقىل) پۈتۈن ئۇيغۇنـلۇقلار (ماقۇللار) بىلەن مۇكەممەللەشكەن ھەربىر ئىنسان ئەمەلىي ئۇيغۇنلۇق ۋە ئەمەلىي ئەقىل بولغانسېرى ۋە ئۆزىدىكى ئەقىلـگە ئۇيغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىغانسېرى، ئۇنىڭدا ئەـمەلي بىر ئەقىل ھاسىل بولىدۇكى، بۇ [ئەقىل] مەرتىۋە جەھەتـتىن پاسسىپ ئەقىلدىن (مۇنفائىل ئەقىل) ئۈستۈندۇر. ماددىـدىن تېخىمۇ تولۇق ۋە قەتئىي بىر سۈرەتتە پەرقلىقتۇر ۋە پائال ئەقىلگە ناھايىتىمۇ يېقىندۇر.

بۇ ئەقىلگە ئېرىشىلگەن ئەقىل (مۇستەفاد ئەقىل) دېيىلىـدۇكى، پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئوتتۇرا ھالدا بولىدۇ. بۇ ئەقىل بىلەن پائال ئەقىل ئوتتۇرىسىدا باشقا بىر ۋاستە يوقتۇر. شۇ سەۋەبتىن پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ (مۇستافاد ئەقىل) ماددىسى ئورنىدىدۇر. تەبىئىي بىر شەكىل بولغان نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ پاسسىپ ئەقىلنىڭ ماددىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئىنساننى ئىنسان قىلغان دەسلەپكى باسقۇچ، بۇ تەبىئىي شەكىلنىڭ پائال (ئاكتىپ) بولۇشىدىكى ئىستېداد ۋە قابىلىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇمۇ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئاساسـ

نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئىككى باسقۇچ بار: بىرى، پاسسىپ ئەقىلنىڭ ئەمەلىي ھاسىل بولۇشى، يەنە بىرى، ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر.

ئىنسانلىقنىڭ بۇ يۇكسەك مەرتىۋىسىگە ئۇلاشقان كىشى بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا يەنە ئىككى باسقۇچ بار بولۇپ، ئۇلار شۇنداقكى، مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن پاسسىپ ئەقىل (مۇنفائىل ئەقىل) بىلەن تەبىئىي شەكىل ـ ماددا بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىشىشىدىن، يالغۇز بىر شەيئى ھالىغا كەلگەندە ۋە بۇ بىرلىشىش بىلەن ئەمەلىي (ھەقىقىي) ھاسىل بولغان پاسسىپ ئەقىل ئىنسان شەكلىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا بىر باسقۇچ قالىدۇ.

تەبىئىي شەكىل ـ ئەمەلىي ئەقىل ھالىغا كەلگەن پاسسىپ ئەقىلنىڭ ماددىسى بولغاندا ۋە پاسسىپ ئەقىل ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ماددىسى بولغاندا ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسى يېگانە بىر شەيئى ھالىتىدە قوبۇل قىلىنغاندا، ئۇ ۋاقىتتا شۇ ئىنسانغا پائال ئەقىل سىڭىپ كىرگەن (ھۇلۇل) بولىدۇ.

بۇ ھال ئۇ ئىنساننىڭ نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ھەر ئىككى قىسمىدا يەنى ئەمەلىي ۋە نەزەرىيى قىسىملىرىدا ۋە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىدە پەيدا بولغاندا، ئۇ ئىنسانغا ۋەھىي نازىل بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇلۇغ ۋە ئەزىز تەڭرى ئۇنىڭغا ئەقىل ۋاستىسى بىلەن ۋەھىي بېرىدۇ. بۇ سۇرەت بىلەن ھەممىدىن ئۇستۈن ۋە مېھرىبان ئاللادىن چىققان ۋەھىي پائال ئەقىلگە كېلىدۇ. پائال ئەقىلدىن ئېرىشىلگەن ئەقىل ۋاستىسى بىلەن چىققان ۋەھىي پاسسىپ ئەقىلگە ۋە تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە كىرىدۇ.

ۋەھىي بىر ئىنساننىڭ پائال ئەقلىدىن پاسسىپ ئەقلىگە ئۆتكەندە، ئۇ ئىنسان تولۇق مەنىدە ھەكىم، پەيلاسوپ ۋە ئەقىل ئىگىسى بولىدۇ. ۋەھىي بىر ئىنساننىڭ پائال ئەقلىدىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە ئۆتكەندە ئۇ ئىنسان پەيغەمبەر بولىدۇ ـ دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئىلاھنىڭ بىلدۈرگەن بارلىقى بىلەن كۆز ئالدىدىكى جۇزئىيات (قىسمەنلىكلەر) ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئىنسان ئىنسانلىق مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە بەختنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىمۇ تاكامۇللىشىپ باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، پائال ئەقىل بىلەن بىرلەشكەن بىر ھالدا بولىدۇ ۋە بەختكە ئېرىشتۇرىدىغان ھەرقانداق پېئىلدىن (ھەرىكەتتىن) خەۋەردار بولىدۇ.

رەئىسلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى مانا شۇدۇر. ئاندىن ئۇنىڭ تىلىدا شۇنداق بىر قۇدرەت بولۇشى لازىمكى، بىلگەنلىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىسۇن، بەخت ـ سائادەتنى ۋە بەختكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ئۆگەتسۇن، ئۇ بۇ يولدىكى ئايرىملىقلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

## 28. پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ (رەئىسىنىڭ) سۈپەتلىرى توغرىسىدا

بۇ، ئۇستىدە ھېچقانداق ئادەم بولمايدىغان رەئىستۇر (باشلىقتۇر). ئۇ پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ رەھبىرى ۋە رەئىسىدۇر. ئۇ ھەم پەزىلەتلىك مىللەتنىڭ رەئىسى ھەم ماكان بولغان يەر يۈزىنىڭ رەئىسىدۇر. بۇ ھال پەقەت تۇغۇلۇشىدىن ئون ئىككى خىل سۈپەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ.

ئالدى بىلەن بەدىنى ساغلام ھەم ھەممە ئەزالىرى تولۇق ۋە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلىيالايدىغان بولۇشى لازىم.

ئاندىن ئۆزىگە سۆزلەنگەن ھەربىر نەرسىنى تەبىئىتى بىلەن ياخشى ئاڭقىرىپ چۈشىنىش كېرەككى، ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ

مەقسىتىنى، ھەم سۆز تېمىسى نېمە ھەققىدە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىكى لازىمدۇر.

ئاندىن خاتىرىسى قۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەككى، چۈشەنگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغان ھەربىر نەرسىنى ئېنىق ئېسىدە ساقلىشى ۋە ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى كېرەككى، ئۇچراتقان ھەربىر ئۇششاق دەلىللەرنىمۇ ئوبدان پەرقلەندۇرۇپ، ئۆز ئورنىدا قوللىنىشى، بىلىشى لازىم.

چىرايلىق سۆھبەتلىششىنى بىلىش لازىمدۇركى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىكى ھەربىر نەرسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىزاھلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈش، بۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بولۇشى ۋە ھەربىر نەرسىنى تېز ئۆگىنىشى لازىمدۇركى، ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن نە ئىزتىراپ چېكىدىغان، نە ھېرىپ ـ چارچاپ قالىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

يېمەك ـ ئىچمەككە ۋە ئاياللارغا بېرىلگەن بولماسلىقى ۋە تەبىئىتى بىلەن ئويۇن ـ تاماشىدىن ئۆزىنى تارتقان بولۇشى لازىم.

راستچىللىقنى ۋە سەمىمىي، راستچىل ئادەملەرنى سۆيۈشى، يالغانچىلىقتىن ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى لازىم.

ئۇلۇغ بولۇشى ۋە ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى لازىمدۇركى، خىجالەتتە قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى، تەبىئىتى بىلەن يۈكسەك نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇشى، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلار ۋە باشقا دەپى ـ دۇنيالارغا ئۆزىنى ئۇرماسلىقى لازىم.

ئادالەتنى ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى سۆيۈشى، ئىستىبداتتىن، زۇلۇمدىن، زالىملاردىن نەپرەتلىنىشى لازىمدۇركى، ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھەققەت ئىزدىشى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنى ھەققانىيەتكە دەۋەت قىلىشى، ئىستىبىدات قۇربانلىرىنىڭ دەردى ـ ھالىغا يېتىشى، گۈزەل ۋە ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

ئوتتۇراھال (مۆتىدىل) مىجەزدە بولۇشى كېرەككى، ئۆزىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا قەھرى ـ غەزەپ كۆرسەتمەسلىكى، ئەتتىكلىك ۋە تەتۇرلۇك قىلماسلىقى، لېكىن ئىستىبىداتقا ۋە يامانلىققا دەۋەت قىلىنغان ھامان قەھرى ـ غەزەپ، تەتۇرلۇك كۆرسىتىشى لازىم.

ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە ئۇلۇغ بىر ئىرادە ئىگىسى بولۇشى كېرەككى، زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسەرەت كۆرسىتىشى، ھەرگىزمۇ قورقۇنچاق ياكى يۇمشاق قول بولماسلىقى لازىم.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر كىشىدە توپلانغان بولۇشى قىيىن بولغاچقا، بۇنداق يارىتىلغان كىشىلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئەگەر پەزىلەتلىك شەھەر مۇشۇنداق بىر كىشى بولۇپ ۋە ئۇ چوڭ بولغان ھامان يۇقىرىدا بايان قىلغان رىياسەت (باشلىقلىق) شەرتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئالتىسىنى ياكى بەشىنى ھازىرلىغان بولسا، بۇلاردىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىگە ئائىت بولغان باشقا خىلدىكى سۈپەتلەر ئۇنىڭدا ھازىرلانمىغان بولسىمۇ، رەئىس بولسا بولىدۇ. بۇنداق بىر ئادەم زادى تېپىلمىسا، ئۇ شەھەرنى باشقۇرۇشقا كەلگەن بىرىنچى رەئىس (باشلىق) بىلەن ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى كۆرسەتكەن شەرىئەت ۋە سۈننەتلەر بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئاخىرقى رەئىسمۇ تۇغۇلۇشىدىن ۋە بالىلىقىدىن باشلاپلا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شەرتلەر توپلانغان بولۇشى لازىم. چوڭ بولغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا ئالتە خىل ئالاھىدىلىك ھازىرلانمىقى شەرت:

بىرىنچىسى، ھەكىم (دانىشمەن) بولۇشى لازىم.

ئىككىنچىسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەھەردە ئورنات-

قان قانۇن ـ نىزاملارنى تولۇق بىلىشى ۋە ھەممە ئىشلىرىدا شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى، بۇ قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

ئۈچىنچىسى، بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاي-رىم مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى قىياسلارنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى ۋە بۇ قىياسلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى لازىم.

تۆتىنچىسى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەبىئىتى بىلەن مەشغۇل بولمىغان كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك زېھنىغا ۋە سەزگۈرلۈكلەرگە ئىگە بولۇشى، چىقارغان ھۆكۈملىرى شەھەر مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى لازىم.

بەشىنچىسى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزلىرى ئورناتقان ياخشى ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىتىشنى بىلىشى كېرەك.

ئالتىنچىسى، ھەربىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆ-رۈر بولغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە ھەربىي ماھارەت-نىڭ ئاساسلىق ۋە نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىشى لازىم.

ئەگەر بۇ شەرتلەرنى ئۆزىدە توپلىغان يالغۇز بىر ئادەم تېپىل-ماي، ئىككى ئادەم بولۇپ قالسا، ھەم بۇلارنىڭ بىرسى ھەكىم (دانىشمەن) بولۇپ، يەنە بىرسى باشقا شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولسا، ھەر ئىككىسى رەئىس بولىدۇ.

ئەگەر بۇ شەرتلەر ھەرخىل كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغان بولسا، ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىدە ھېكمەت، ئىككىنچىسىدە ئىك-كىنچى شەرت، ئۈچىنچىسىدە ئۈچىنچى شەرت، تۆتىنچىسىدە تۆتىنچى شەرت، بەشىنچىسىدە بەشىنچى شەرت، ئالتىنچىسىدە ئالتىنچى شەرت ھازىرلانغان بولسا ھەم ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنى چۈشەنگەن ۋە ماسلاشقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەئىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولسا بولىدۇ.

لېكىن، ھېكمەت رىياسەتنىڭ (باشقۇرۇشنىڭ) شەرتى بو- لۇشىدىن چىقىرىۋېتىلگەن كۈن ـ باشقا شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر بولسىمۇ، پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقسىز (رەئىسسىز) قالىدۇ. شەھەرنى باشقۇرغۇچى رەئىس، شاھ بولمىغاندا، شەھەر تەھلىكە ئاستىدا قالىدۇ. ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان بىر ھەكىم (دانىشمەن) بولمىغان شەھەر ئۇزۇن ئۆتمەي ھالاك بولىدۇ.

## 29. پەزىلەتلىك شەھەرگە قارىمۇ قارشى بولغان شەھەرلەر توغرىسىدا

پەزىلەتلىك شەھەرگە قارشى بولغان شەھەرلەر ـ جاھىل شەھەر، پاسىق شەھەر، ئۆزگىرىپ كەتكەن شەھەر، نادان شە- ھەرلەردىن ئىبارەتتۇر. پەزىلەتلىك شەھەرگە قارىمۇ قارشى بول- غان كىشىلەرنىمۇ شەھەرنىڭ بالايىئاپەتلىرى [بالا ـ ئاپەت كەل- تۈرىدىغان كىشىلەر] دەپ ھېسابلىماق كېرەك.

جاھىل شەھەر شۇنداق بىر شەھەردۇركى، ئاھالىسى بەخت- نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارغا ئۆگىتىلسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار پەقەت سالامەتلىك، بايلىق، شەھۋەت، ئەركىن ـ ئازادە بولۇش، نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش قاتارلىق زاھىرى نەرسىلەرگە ھاياتنىڭ نىشانى سۈپىتىدە قارايدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەربىرىنى جاھىل شەھەر ئاھالىسى بەخت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ زور بەخت ـ سائادىتىمۇ مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ بىر يەردە جەم بولۇشى- دىن، ئىبارەت خالاس.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەختنىڭ زىت تەرەپلىرى — بەختسىزلىك، كېسەللىك، نامراتلىق، لەززەتلەردىن مەھرۇم بولۇش، خالىغان ئىشنى قىلالماسلىق ۋە ئېتىبارسىز قېلىشتىن

ئىبارەتتۇر. بۇ شەھەرمۇ يەنە بىر تۇركۇم ئايرىم شەھەرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

زۆرۈرىي شەھەر ـ بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ۋە خوتۇن قاتارلىقلارنى پەقەت زۆرۈرىي (ئېھتىياجلىق) بولغان مىقداردا ئېلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ ھەم بۇ شەيئىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ـ بىرلىرىگە ياردەم قىلىدۇ.

تېگىشتۈرگۈچى (بەد دالە) سەرراپ (سودىگەر) شەھەر ـ بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پەقەت بايلىق ۋە مال ـ دۇنيالىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈنلا تىرىشىدۇ. يىغقان بايلىقلىرىنى باشقا ئىش يولىدا پايدىلانماستىن، ئۇنى ھاياتنىڭ مەقسىتى قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تىنىمسىز ھالدا بايلىقلىرىنى ئارتتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ.

پەسكەشلىك ۋە بەختسىزلىك (سەت ۋە شىكۋەت) شەھىرى ـ بۇ شەھەرنىڭ خەلقى تۇرمۇشنىڭ ماددىي ئىنتىلىشلىرىگە قۇل بولغاندۇر. يېمەك ـ ئىچمەك، شەھۋەتپەرەسلىك قىلماق، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى، بەزمە ـ مەشرەپ، كۈلكە ـ چاقچاقلارنى ھەممە نەرسىدىن ۋە ھەممە تەرەپتىن ئۈستۈن قويىدۇ.

نام ـ ئابرۇي (ھايسىيەت) شەھىرى ـ بۇ شەھەرنىڭ خەلقى باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ئابرۇي ۋە ئېتىبار قازىنىش، ماختىلىش، ھۆرمەتلىنىش ۋە شان ـ شۆھرەتلىرىنى ئاشۇرۇش يولىدا بىر ـ بىرىگە قول بېرىدۇ. ياتلار ۋە ئۆز خەلقى ئارىسىدا ئۇلۇغلىنىشنى ئىزدەيدۇ. ھەربىر ئادەم قولىدىن كېلىشىچە ئىززەت ـ ئېكرام كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

زومىگەرلىك شەھىرى ـ بۇ شەھەرنىڭ خەلقى باشقىلارنى ئېزىشكە، ئەمما باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلمەسلىككە تىرىشىدۇ. پۈتۈن ئىشتىياقلىرى غەلىبە ۋە زورلۇقتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شەھۋەتپەرەسلىك (جىمائىي) شەھىرى ـ خەلقى ئەركىن-لىكتە ياشاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆزلىرى خالىغانچە ياشايدۇ ۋە خالىغىنىنى قىلىدۇ.

بۇ جاھىل شەھەرلەر ئومۇمەن مۇتلەق ھوقۇقلۇق ئەمىرلەر-نىڭ مەيىل ـ خاھىشى بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ. بىز بۇ شەھەر-لەرنىڭ غايىلىرىنى جاھالەت ئەھلىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتتۇق.

پاسىق شەھەر بولسا، كۆز قاراشلىرى ئېتىبارى بىلەن پەزى-لەتلىك شەھەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللانى، سەۋا-نىينى (ئىككىنچى ئورۇندىكى ئۇلۇغ بارلىقلار)، پائال ئەقلنى ۋە پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى بىلىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان نەرسە-لىرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. ئەمما قىلغان ئىشلىرى جاھىل شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئايىنىغان (ئۆزگىرىپ كەتكەن) شەھەر بولسا، خەلقى بۇ-رۇندىنلا پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىگە ئوخشاش چۈشەنچىدە بول-غان ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلغان بولسىمۇ، باشقا پىكىرلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئايىنىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە باشقىچە يول بىلەن مېڭىشقا باشلىغان.

نادان شەھەرنىڭ ئاھالىسى بولسا، بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىن كېيىن بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئاللا ھەققىدە، سەۋانىي (ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇقەددەس بارلىقلار) ۋە پائال ئەقىل ھەققىدە بولمىغۇر پىكىر-لەردە بولىدۇ. دۇرۇس بولمىغان بۇنداق پىكىرلەرنىڭ مۇتلەق ھالدا تەمسىل ۋە خىيال قىلىنىشىغا ئەسىر بولۇش شەرت ئەمەس-تۇر. ئەمما شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقى، ئۆزىگە ۋەھىي چۈش-كەنلىكىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ ھەقتە يالغان سۆزلەشتىن، ئالداش ۋە ئالدىنىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ.

بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر ئەمىرلىر-

نىڭ ئەكسى، رەئىسلىرىمۇ (باشقىلىرى) پەزىلەتلىك شەھەر رەئىسلىرىنىڭ ئەكس ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىسى ھەم شۇنداقتۇر.

پەزىلەتلىك شەھەرگە ئوخشاش بولمىغان ۋاقتىدا باش بولغان ئەمىرلەر گويا يالغۇز بىر ئەمىردەكلا بولۇپ، ھەر ۋاقىت ياشايدىغان يېگانە بىر ئەمىرگىلا ئوخشايدۇ. بۇلار ئوخشاش بىر شەھەردە ياكى ھەرخىل شەھەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا شۇ ھالەتتىدۇر. خەلقلىرى گويا يېگانە بىر ئەمىردەك، روھلىرىمۇ گويا يالغۇز بىر روھتەكتۇر. شەھەر خەلقىنىڭ ھەربىر قاتلىمى ھەم مۇشۇ ھالەتتىدۇر. يەنى ئوخشاش بولمىغان زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت ئوخشاشلا بىر روھ كەبىدۇر. بۇلار تۈرلۈك شەھەرلەردە ياشىسىمۇ، مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بۇ تەبىقىلەر قايسى مەرتىۋىدە بولسا بولسۇن، مەيلى ئەمىر بولسۇن، مەيلى خىزمەتچى بولسۇن، گويا بىر روھتەكلا ياشايدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى بىلىدىغان ۋە قىلىدىغان ئورتاق نەرسىلەر بولغىنىغا ئوخشاش، بىلىم ۋە ئىشتا ھەم تەبىقىنىڭ ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس نەرسىلىرىمۇ باردۇر. ئۇلار بەخت باسقۇچىغا مۇنۇ ئىككى نەرسە بىلەن يېتەلەيدۇ. بىرى، ھەربىر ئادەمنى باشقىسىغا باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن، يەنە بىرى، شۇ ئادەمنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان تۈركۈمگە باغلاپ تۇرغان باراۋەرلىك بىلەن. ھەربىر كىشى بۇ بەختكە ئۇلاشماق ئۈچۈن ئەجىر قىلسا، روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ئۈستۈن سەۋىيىگە بارىدۇ. مۇشۇ يولدا تىرىشقانسېرى روھىي ئۈستۈنلۈكى ئارتىپ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەزىلەت قۇۋۋىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەمەلدە يەتتىمۇ چىرايلىق خەت يېزىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چىرايلىق خەت يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلىگىنىمىزدىن كېيىن يازغانسېرى ماھارىتىمىزدە بالاغەت ۋە ئۈستۈنلۈك كۆرۈلىدۇ. روھنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكتىن ھېس قىلغان زوقى ئارتقانسېرى خەتتاتلىققا بولغان ئىشقىمۇ ئارتىپ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماھىيەتتە بولۇپ، ئىنسان ئۇلار بىلەن قانچىلىك كۆپ مەشغۇل بولسا ۋە قانچە كۆپ تەكرارلىسا، شۇنچە قۇۋۋەتلىك ۋە شۇ قەدەر ئۈستۈن ھەم مۇكەممەل بىر بەخت مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ماددىدىن تامامەن بىزار بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ ـ دە، ماددىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش، نە ماددىنىڭ باقىي قىلىشى بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ، ئۇنىڭغا موھتاج بولۇش دېگەندەك ھالەتلەر بولمايدۇ.

روھ ماددىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغاندا، جىسىملارغا تاشقى كۆرۈنۈش بولغان ھاللاردىن خالاس بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جىمجىت ياكى ھەرىكەت ھالىتىدە دېيىش توغرا ئەمەستۇر. ئۇنىڭ توغرىسىدا پەقەت جىسىم بولمىغان نەرسىلەرگە خاس بولغان ئىپادىلەرنى قوللىنىش لازىم. بۇ ئايرىلغان روھنىڭ ھالىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جىسىملارنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خالىي (بوش) ئىبارىلەرنى قوللىنىشتىن چېكىنمەك لازىمدۇر. بۇ ۋاقىتتىكى ھالەتنى چۈشىنىپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىندۇر. چۈنكى [روھ] ئادەتتىكى نەرسىلەردىن ئەمەستۇر. روھ ماددىدىن ئايرىلغاندا، جىسىملارغا خاس بولغان پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى تاشلايدۇ.

[شۇنىڭ بىلەن بىللە] ماددىدىن ئايرىلغان روھلار ھەرخىل ماددىي جىسىملار (ھەيۋانى) ھالىتىدە بولىدۇ. روھىي (نەپسانى) شەكىللەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر بارلىقلارنىڭ مىزاجلىرىغا تەئەللۇق بولغانلىقتىن، ھەربىر روھىي شەكىل (نەپسانى ھەيەت) شۇ بارلىقنىڭ (ۋۇجۇدنىڭ) مىزاجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، روھلار ۋە تۈرلۈك شەكىللەر نامايان بولىدۇ. ۋۇجۇد (بارلىق) لار چەكسىز ئۆزگىرىش ئىچىدە بولغىنىغا ئوخشاش، روھلار ھەم چەكسىز ئۆزگىرىشچاندۇر.

## 30. روھلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بىرلىشىشى توغرىسىدا

بىر تائىپە كۆچۈپ ۋۇجۇدلىرى يوق بولغاندىن ۋە روھلىرى قۇتۇلۇپ سائادەتكە ئۇلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۇلار بىلەن ئوخشاش مەرتىۋىدە بولغان كىشىلەر كېلىدۇ ھەم ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇلارمۇ كۆچۈپ ئارىدىن يوقالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال كۆچكەنلەرگە ئوخشاش بەخت مەرتىۋىسىگە ئۇلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىقدار ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولغان [روھقا] قوشۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىسىم بولۇشتىن خالاس بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلغان ۋاقىتتا ـ مەيلى قانچىلىك كۆپ بولسا بولسۇن، ئورۇن جەھەتتىن تارلىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ماكان ئىچىدە ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ ئۇچ-رىشىشى ۋە بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇشى جىسىملاردىكىگە ئوخشاش يۈز بەرمەيدۇ. بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان بۇ پەرقلىق روھلار بىر ماقۇلىنىڭ (ئۇيغۇنلۇق) يەنە بىر ماقۇلغا قوشۇلۇش قابىلىيە-تى ئارتىپ كۆپەيگەنسېرى، ھەربىرىنىڭ زوقلىنىش ئىمكانىيىتى ھەم شۇ نىسبەت بويىچە ئارتىپ بارىدۇ.

يېڭىلىرىنىڭ كونىلىرىغا قوشۇلۇشىدىن ھەم يېڭىلىرى مەم-نۇن بولىدۇ، ھەم كونىلىرى مەمنۇن بولىدۇ. ھەربىر بىرلىك ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆز ئوخشىشىنى بىلىدىغان بولغانلىقتىن، بىلىنگەن شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارتىدۇ. بۇ ئارتىش خۇددى خەتتاتنىڭ يېزىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن كاتىپلىق ماھارىتىنى قۇۋۋەتلەندۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. تەكرارلاش كاتىپ-نىڭ قەلىمىگە قۇۋۋەت ۋە ئۆزگىچىلىك بەخش ئېتىدۇ. ئارقىدىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىرلىكنىڭ قۇۋۋىتىنى ئارتتۇرمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمما، چەكسىز نىسبەتتە ھۇزۇرنى ئارتتۇرىدۇ. ھەربىر كۆچ-كەن تائىپەنىڭ ھالى مۇشۇنداقتۇر.

## 31. سەنئەتلەر ۋە بەختلەر توغرىسىدا

بەختلەر بىر ـ بىرلىرىدىن ئۈچ جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. تۇرى (خىلى)، مىقدارى (سانى) ۋە خۇسۇسىيىتى (سۈپىتى) جەھەتتە، بەختلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن بولۇشى تۈر جە-ھەتتىكى ئىختىلاپتىن ۋە بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن ياخشى بولۇشىدىن تۇغۇلىدۇ. توقۇمىچىلىق، باپكارلىق، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەش، ئەخلەت توشۇش (تازىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش)، ئۈسسۇلچىلىق، قانۇنچىلىق، پەلسەپە، ناتىقلىق سەنئەت-لىرى ۋە بۇ سەنئەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئارىسىدىكى ئۈس-تۈنلۈك پەرقلىرى مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

ئوخشاش بىر سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار ئارىسىدىمۇ مىقدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈك پەرقى بولىدۇ. مەسىلەن: كاتىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىككى كىشىدىن بىرسى يەنە بىرسىدىن بىلىملىكرەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەنئەت تىل بىلەن ناتىقلىق-نىڭ ۋە چىرايلىق يېزىش بىلەن ھېساباتنىڭ بىر يەرگە كېلىشى-دىن تەشكىل تاپقىنى ئۈچۈن، ئىككى كاتىپ ئارىسىدىكى ئۈستۈن-لۈك پەرقىنى بەلگىلەش مۇمكىندۇر. مەسىلەن: ئۇلاردىن بىر-سى يالغۇز ناتىقلىقنى ۋە خۇشخەتنى بىلسە، يەنە بىرسىمۇ ناتىق-لىقنى ھەم خۇشخەتنى، ھەم لۇغەتنى ياخشى بىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۈچىنچى بىرسى بەلكى كاتىپلىق شەرتلىرىنىڭ تۆتىنى تولۇق ھازىرلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

خۇسۇسىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقلۇق مۇنداق بولىدۇ: ھەر ئىككى كاتىپ كاتىپلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسلىرىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، بىرسى يەنە بىرسىگە قارىغاندا ناھايىتىمۇ قۇۋۋەت-

لىك (كۆچلۈك) ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. بەختلەرمۇ مۇشۇ ئاساسلارغا ئاساسەن بىر ـ بىرىدىن ئۇستۇن بولىدۇ.

باشقا شەھەرلەرنىڭ خەلقىگە كەلسەك، بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يامان بولغانلىقتىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئۇلاردا يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ قويغان، ئەمەلىيەتتە، كاتىپلىق ئىشلىرىدا خاتا ۋە يامان بىر تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرىش، ئىنسانغا يامانلىقنىڭ يامىنى بولغان ناچار ۋە بۇزۇق بىر خەتتاتلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ يولدا كېتىۋەرسە، سەنئەتنىڭ قۇسۇرلىرى كۆپىيىدۇ. بۇ شەھەرلەردە ئولتۇرغانلارنىڭ يامان خۇيلىرىمۇ روھلىرىغا مۇشۇنداق يامان خاھىشلار بېغىشلايدۇ. شەھەر ئادەملىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ روھىي خاسلىقلىرىمۇ مۇشۇ نىسبەتتە ئارتقان بولىدۇ. ئاخىر بېرىپ شۇنداق بولىدۇكى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ روھىدا بىر خەستىلىك (كېسەللىك) شەكلىگە كىرىدۇ ۋە بۇ يامان خاھىشلاردىن ھۇزۇر ئېلىشقا باشلايدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن بەزىگەك كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان خەستىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىزاج (مىجەز) بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن كىشىگە خۇش كەلمەيدىغان نەرسىلەردىن ھۇزۇر ئالىدۇ. تاتلىق ۋە لەززەتلىك نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ ۋە بۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنى چۈشەنمەيدۇ.

روھىي كېسەل بولغانلار ـ ئىرادە ۋە ئادەتلىرى بىلەن ئېرىشكەن ئەخمىقانە خىياللار سەۋەبىدىن يامان ئىشلارغا ۋە يامان خاھىشلارغا ئىنتىلىدۇ. گۈزەل ۋە ئۇلۇغ نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ.

ئاغرىقلار (خەستىلەر) ئىچىدە دەردىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ساغلام ھېسابلاپ ۋە بۇ قارىشىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن تېۋىپنىڭ سۆزلىرىگە ئەسلا قۇلاق سالمايدىغان كىشىلەرمۇ بولغىنىغا ئوخشاش، روھىي كېسەللەر ئارىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، ئەكسىچە، ئۆزىنى ئۇستۇن ۋە روھى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى ساغلام ھېسابلايدىغان ھەم ھەرقانداق بىر يېتەكچىنىڭ، مۇ-ئەللىمنىڭ ياكى تەربىيىچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان كىشىلەرمۇ باردۇر.

## 32. بۇ [جاھىل] شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا

جاھىل شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى روھىي جەھەتتىن كەمتۈك قالغانلاردۇر. روھى پۈتۈنلەي ماددىغا بېرىلگەندۇر. چۈنكى ئۇ-لارنىڭ روھلىرىدا ماقۇللار (ئۇيغۇنلۇقلار) قالدۇرغان ھېچبىر ھەقىقەت يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ھايات تايانچى بولغان ماددىنىڭ پار-چىلىنىپ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ماددىدىن قۇۋۋەتلەنگەن ھايات-لىق ئىمكانلىرى ھەم پارچىلىنىپ يوقىلىدۇ. لېكىن ماددىنىڭ [باشقا بىر شەكىلدە] داۋاملىشىشىغا خىزمەت قىلىدىغان قۇۋۋەت-لەر ھايات قالىدۇ. بۇمۇ پارچىلىنىپ بۆلۈنگەندە، قالغان شەيئى پارچىلىنىپ بۆلۈنگەن شەيئىنىڭ شەكلى بولىدۇ. بۇ پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈش داۋاملىشىش بىلەن ھاسىل بولغان شەيئى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەرسىنىڭ شەكلىنى ئالىدۇ. نىھايەت، بۇ پارچىلى-نىش ۋە بۆلۈنۈشلەردىن ئۇستۇقۇسلار (ئېلېمېنتلار) ھاسىل بولىدۇ. ئېلېمېنتلارمۇ پارچىلىنىپ، شەكىللىرى ئەبەدىي قالى-دۇ.

ئېلېمېنتلارنىڭ پارچىلىنىش ۋە بۆلۈنۈشلىرىدىن پەيدا بول-غان ئەڭ كىچىك بۆلەكلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئىنساننى شەكىللەندۈرىدىغان سۈرەتتە بىر ـ بىرلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىنسان شەكلىدە جەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىش-لىرى جانلىق ۋە جانسىز باشقا تۈرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان سۈرەتتە بىرىككەندە، بۇ تۈرلەرنىڭ شەكىللىرىدە توپلىنىدۇ. ھالاك بولغاندىن كېيىن يوقىلىدىغان شەيئىلەر گۆش ۋە ئوت يەيدىغان ھايۋانلار بىلەن يىلانلار تۈركۈمىدىكى نەرسىلەردۇر.

ھەممىسىنىڭ تەقدىرىگە پۈتۈلگەن ئاقىۋەتتى مۇشۇنداقتۇر. لېكىن پەزىلەتلىك شەھەر خەلقىنىڭ ئەجدادلار پىكىرلىرىدىن ئالغان روھىي ھاللىرى ئۇلارنى ماددا بولۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. رەزىل ئىشلاردىن پەيدا بولغان نەپسانىي يامان ھاللا ئالدىنقى ھاللار بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى بۇلغايدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمۇ قارشى بىر ھالەتتە بولىدۇ. بۇ خىل قارىمۇ قارشى ھالەتتىن روھ ئاجايىپ زور بىر ئازاب چېكىدۇ. ياخشى ھاللار يامان ھاللارغا قارشى بىر ھالەتتە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن روھ يەنە ئىزتىراپ چېكىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن روھ ئىككى چوڭ ئازاب ئىچىدە تولغىنىدۇ.

جاھىلانە ئىشلاردىن پەيدا بولغان ھاللار ھەقىقەتەنمۇ روھ-نىڭ نۇتۇق قىسىملىرىغا ئاجايىپ زور بىر زۇلۇم ئەكېلىدۇ. لېكىن نۇتۇق قىسمى تۇيغۇلار يەتكۈزگەن [تەسىرلەر] بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، بۇ زۇلۇمنى تۇيۇمايدۇ. بۇ ھال ۋە شەكىللەر-نىڭ زۇلۇملىرىنى سەزمەسلىك ئۈچۈن، يالغۇز قېلىپ تۇيغۇلار-نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلماق لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بۇلارنى ماددا بولۇشتىن قۇتۇلدۇرغان ۋە تۇيغۇلار بىلەن سىرتتىن كېلە-دىغان پۈتۈن تەسىرلەرنى ئايرىۋەتكەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەق-دىر - پېشانىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئىنسان تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆزىگە يوللىغان نەرسىلىرى بىلەن ئاۋۇنۇپ، تەقدىرلىرىنى ئۇن-تۇيدۇ ياكى ئۇلارنى تۇيۇمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەردكە قايتا مۇپتىلا بولۇشى ئۈچۈن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن بىر مەھەل قۇتۇلۇش لازىمدۇر. ئازاب چېكىۋاتقان بىمار ھەم مۇشۇ ھالەتتە-دۇر. بەزى نەرسىلەر بىلەن ئاۋۇنسا ئازابى يېنىكلەپ، ئۇنى تۇيۇماي قالىدۇ. مەگەركى، ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشى بىلەن تەڭ ئاغرىق ئازابىنى يەنە سېزىدۇ ياكى ئاغرىق ئازابى ئۇنى قايتىدىن باسىدۇ.

نۇتۇق قىسىممۇ مۇشۇنداقتۇر. تۇيغۇلىرى ئەكەلگەن نەرسى-لەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا، ناچار شەكىللەرنىڭ (كۆرۈنۈشلەر-

www.uyghurkitap.com



نىڭ) بىرىدىغان ئىزتىراپىنى تۇيۇمايدۇ. پەقەت پۇتۇنلەي يالغۇزلۇقتا چۆكۈپ، تۇيغۇلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن ھالقىپ چىققان ۋاقىتتا بولسا، بۇ ھاللارنىڭ ئەكىلىدىغان ئىزتىراپلىرى ئۇنىڭغا زاھىر بولىدۇ، ئۇنى قىينايدۇ ۋە ھەر ۋاقىت ئۇنى ئازابلايدۇ. [نۇتۇق قىسمىغا] ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كەلتۈرگەن ئىزتىراپلىرى قوشۇلغاندا، چېكىدىغان جەبرى - زۇلۇملىرىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ ئارتىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى چۈشىنىلگەندە، بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئىچكى جەھەتتىن چېكىدىغان زۇلۇمنىڭ قانچىلىك زور بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ. مانا بۇ ھال بەختىنىڭ ئەكس تەرىپى بولغان بەختسىزلىكتۇر.

نادان شەھەر ئاھالىسىگە كەلسەك، ئۇلارنى ئازدۇرغان ۋە بەختىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، جاھىلانە مەقسەتلەر يولىدا بۇ شەھەر ئاھالىسىنى بەخت - سائادەت يولىدىن چەتلەشتۈرگەن ئادەم - پاسىق شەھەر ئاھالىسىدىن بىرسى ھېسابلىنىپ، بەختسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلقى بولسا جاھىل شەھەر ئاقىۋىتىگە دۇچار بولۇپ، نادان ھالىتىدە قالىدۇ.

خاتا ۋە يېڭىلىش ھالدا بەختنى تەرك ئەتكەن ھەرقانداق ئىنسان ھەم مۇشۇ ھالەتتە بولىدۇ. ئەمما پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىدىن بولۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن جاھىللارچە ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغانلار ئىچىدىن قىلىشنى خالىماي تۇرۇپ قىلغان بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب ھېس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مەجبۇر قىلىنغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئۇلارغا ياخشى بىلىنگەن روھىي شەكىللەرگە زىت شەكىللەرنى پەيدا قىلالمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرغان روھىي شەكىللىرىنى بۇلغاشتەك بىر ھالمۇ پەيدا قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار پاسىق شەھەر ئاھالىسىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالمايدۇ. بۇلار زورلۇق بىلەن قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەرىكەت-

لىرى ئۇچۇن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ. چۇنكى ئۇلارغا خۇش كەلمەيدىغان بۇ زورلۇق يا پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ ئەكسى بولغان شەھەرلىكلەردىن بىرىگە مەنسۇپتۇر ۋە ياكى ئۆزلىرى شۇ زورا۔ ۋانلارنىڭ ئىستىبدات ۋە ھۆكۇمرانلىقىغا تەۋە بولغان شەھەردە ياشاش زۆرۈرىيىتىدە قالغانلىقىدىن بولغاندۇر.

## 33. پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىگە ئورتاق بولغان نەرسىلەر توغرىسىدا

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەربىر ئادىمى بىلىشى زۆ۔ رۈر بولغان نەرسىلەر بۇلاردۇر: ئالدى بىلەن بىرىنچى سەۋەبنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن ماددىدىن ئايرىم بولغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ سۈپەتلىرى، دەرىجىلىرىنى ھەم پەرقلىق ھالەتتىن پائال ئەقىلگە بارغانغا قەدەر بولغان پېئىللىرىنى (ھەرىكەتلىرىنى) بىلىشى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن جەۋھەرلەرنى ۋە ھەربىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىن جەۋھەر۔ لەرنى ۋە ھەربىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئاندىن بۇلارنىڭ ئاستىدا بولغان تەبىئىي جىسىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغان۔ لىقى، قانداق بۇزۇلىدىغانلىقىنى ھەم بۇ تەۋە بولۇش ھادىسىلى۔ رىنىڭ مۇكەممەل ئېھتىياتلىق دانا بىر تەدبىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ تەدبىردە بىپەرۋالىق، كەمتۈكلۈك، ئادالەت۔ سىزلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلىشى لازىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشىنى، روھىي قۇۋۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى۔ نى ۋە پائال ئەقىلنىڭ بۇلار ئۈستىدە نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى بىلەن دەسلەپكى ماقۇللارنىڭ (ئۇيۇنۇلۇقلارنىڭ) ۋە ئىرادىي ئىختىيارنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن پەزىلەتلىك شەھەر بىلەن ئاھالىسىنى، روھلىرىنىڭ ئېرى۔ شىدىغان بەختىنى، پەزىلەتلىك شەھەرگە زىت بولغان شەھەرلەر۔

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نى، روھلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دۇچار بولىدىغان ئاقىۋىتىنى ۋە قايسىلىرىنىڭ سائادەتكە، قايسىلىرىنىڭ يوق بولۇشقا يۈزلىنىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئاندىن كېيىن پەزىلەتلىك ئاھالىلەر ۋە بۇلارنىڭ قارىمۇ قارشىسى بولغانلارنى بىلىشى لازىمدۇر.

بۇ نەرسىلەر ئىككى يول بىلەن بىلىنىدۇ. يا [خەلقنىڭ] روھىدا بولغان ۋە بولىدىغانغا ئوخشاش ھالدا قايتا گەۋدىلىنىشى بىلەن ياكى مۇناسىۋەت ۋە تەمسىل يولى بىلەن، يەنى ئوخشاش مىسالىلىرى ئارقىلىق روھلارغا ئەكس ئېتىشى بىلەن پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ ھاكىملىرى بۇ شەھەرنى روھلىرىنىڭ بوھرانلىرى ۋە سەگەكلىكى بىلەن بىلىدۇ. ھاكىملارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەر بولسا، ھاكىملارغا تەۋە بولۇشى بىلەن، ئۇلارغا ئىشىنىپ تايىنىش بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ھاكىملارنىڭ نەزىرىدە قانداق بولسا شۇ بويىچە قوبۇل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىر تېپىدىكىلەرمۇ بۇ نەرسىلەرنى شۇلارنى بىلدۈرىدىغان مىساللىرى بىلەن بىلىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدە چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدە نە يارىتىلىشتا بېرىلگەن نە كۆنۈكۈش ـ ئادەتلىنىش ئېلىپ كەلگەن [روھىي] بىر ھال تېپىلمايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھاكىمنىڭ چۈشىنىش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭكىدىن ئۈستۈندۇر. بىلدۈرگۈچى مىساللار بىلەن چۈشەنگەنلەرنىڭ بىر قىسمى بۇ نەرسىلەر يېقىن كېلىدىغان مىساللار بىلەن، بىر قىسمى بولسا ئۇزاق مىساللار بىلەن، بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق مىساللار بىلەن، يەنە بەزىلىرى ناھايىتىمۇ ئۇزاق مىساللار بىلەن بىلىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ۋە ھەربىر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئالدىدىكى مىساللار بۇ نەرسىلەرنى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ياخشى بىلگەن شەيئىلەرگە ئوخشىتىلغان مىساللاردۇر. شۇ سەۋەبتىن تۈرلۈك مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ خۇسۇسلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ياكى بىر قىسمىدا ئوخشىماسلىقلار (ئىختىلاپ) چىقىشى مۇمكىن. ھەربىر مىللەتنىڭ قوبۇل قىلغان مىساللىرىنى ئىپادىلىگەن ئۇقۇم باشقا

مىللەتلەر ئارىسىدا ئەينى شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن پەزىلەتلىك مىللەتلەرنىڭ ۋە پەزىلەتلىك شەھەرلەرنىڭ مەزھەپلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بۇ پەرق ھەممىسىنىڭ ئەينى شۇ بىر مەقسەتنى كۆزلىشىگە توسقۇن ئەمەستۇر.

بۇ ئورتاق نەرسىلەر دەلىل ـ ئىسپاتلىرى (بۇرھانلىرى) بىلەن بىلىنگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ۋاقىتتا ـ مەيلى يېڭىلىش، مەيلى چۈشىنىكسىزلىك يۈزىسىدىن بولسۇن، سىر ۋە ئىشەنچ تېمىسى بولالمايدۇ. چۈنكى ئىشەنگۈچى كىشى ئۆز ئىچىدە مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى ئەمەس، خاتالىقىنى چۈشەنگەن بولىدۇ. لېكىن بۇلار ئوخشاتقۇچى مىساللىرى بىلەن بىلىنگەن بولسىمۇ، بۇ مىساللاردا ئىشەنچ سەۋەبلىرى بەزەن ئاز، بەزەن كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بەزىلىرىگە بىلىنگەن بولىدۇ. بەزىلەرگە بولسا يوشۇرۇن پېتى قالىدۇ. بۇ شەيئىلەرنى ئوخشاتقۇچى مىساللىرى بىلەن تونۇغان كىشىلەرنىڭ ئۇ نىسبەتلەردىكى ئىشەنچ ۋاقىتلىرى بىلىش ھالىتىدە تۈرۈشى دائىملىق ئىشلاردۇر. بۇ كىشىلەرمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ.

بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆگىنىشكە تەشنا بولۇپ، بىر نەرسىدىن شۈبھىلەنگەندە، ئۇلارنى خەلققە يېقىنلاشتۇرىدىغان مىسال تېپىلسا ئىشەنچلىرى يوققا چىقىدۇ. قانائەت قىلمىغان تەقدىردە، ئۇلارغا باشقا مىساللار كۆرسىتىلىدۇ. قانائەت قىلىنسا تېخى ياخشى، بولمىسا ئۇلارغا باشقا بىر مىسال تەقدىم قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھەربىر بېرىلگەن مىسالدىن شۈبھىلەنگەندە، ئۇلارغا تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. بېرىلگەن پۈتۈن مىساللار ئۇنىڭ شۈبھىلىرىنى يوقىتالمىسا، ئۇلاردىكى ھەقنى تونۇش ئارزۇسى ئاشكارىلانغان بولىدۇ ۋە ھاكىملارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ھېكمەتكە تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، ھېكمەتنى ئۆگىنىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر قىسمى بولسا ئېتىبار، باياشادلىق، مال سەۋداسى ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا جاھىلانە غايىلەرنىڭ قۇلى بولىدۇ. بۇلار پەزىلەتلىك شەھەر قانۇنلىرىنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ قانۇنلارنى ـ مەيلى ئۇ ئادالەتكە ئۆرنەك بولسۇن، مەيلى ئادالەتنىڭ نەق ئۆزى بولسۇن، يوق قىلماق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مىساللار ئىككى خىل شەكىلدە يوق قىلىنىدۇ.

بىرسى ئىشەنچ ماۋزۇلىرىدىن بىرىنى مۇنازىرە تېمىسى قىلىش بىلەن، يەنە بىرسى ئېزىقتۇرۇش ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىك بىلەن، ھەققانىيەت پەقەت ئېزىقتۇرۇش ۋە مەككارلىق بىلەن يوقىتىلىشى مۇمكىن. بۇنى قىلغانلار جاھىللارچە ۋە چىركىن مەقسەتلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلۈشىنى خالىمىغانلاردۇر. بۇنداق ئادەملەر پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى جامائەلىرى ئارىسىدا بولمايدۇ.

بىر قىسمى پۈتۈن مىساللارنى ئىككى تەرەپتىن يوقىتىشقا باشلايدۇ. بىرى، مىساللار ئۆز ئىچىگە قامرىغان ئىشەنچنىڭ ئۆزى بىلەن، يەنە بىرى ئەخمىقانە ئويلايدىغانلىقلىرى ۋە خاتا چۈشەنگەنلىكلىرى ئۈچۈن، مىساللاردىكى ئاشكارا ھەقىقەتنى خاتا چۈشىنىش بىلەن بۇ سۈرەت بىلەن ئىشەنچى ئەسلا كېرەك بولمىغان مىساللار ئۇنىڭ قارشىدا ئاساسسىز ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ھەقنى بىلىش ئۈچۈن ھەق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئەخمىقانە چۈشەنچىلىرى ئۇلارنى كولدۇرلىتىدۇ. ھەقىقەت بولمىغان باشقا نەرسىلەرنى خىيال قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ھەق بولمىغان نەرسىنى ھەق ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق چۈشەنچىسى نەزەرلىرىدە سۆكۈت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، سۆكۈت قىلغان شەيئىنىڭ ئۆزى يېگىلىش چۈشەنچىلەر بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتنىڭ نەق ئۆزى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ھەقىقەتنى ئۆگىنىش ئىدد-

يىسىدە بولغانلارنى سۈيقەست ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن باشلىق-لىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىق دەپ قارىشىدۇ.

بۇ ھال بۇلارنىڭ پەزىلىرىنى ھاماقەتلىككە ئېلىپ بارىدۇ. پەزىلىرى بولسا بىر نەرسىنى يىراقتىن ياكى بولمىسا چۈشىدە كۆرگەنگە ئوخشاش، ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەمما بىر مۇنچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىدراك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ھەقىقەت دەپ بىلگەن نەرسىنى قەستەن يالغانغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلىرى سېستىپ يوققا چىقارغان بۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ ياكى شۇنداق چۈشىنىدۇ.

## 34. جاھىل ۋە نادان شەھەر ئاھالىسىنىڭ پىكىرلىرى توغرىسىدا

جاھىل ۋە نادان شەھەرلەر كونا ۋە پاسىق پىكىرلەرگە تايانغان مەزھەپلەرنىڭ ئەسىرلىرىدۇر، بۇلارنىڭ قوۋملىرىدىن بىرى شۇنداق دەيدۇ:

بىز مەۋجۇتلۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھەربىر مەۋجۇتلۇق باشقىسىنى ھالاك قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەربىر ۋۇجۇد پەيدا بولۇشتىنلا ئۆز بارلىقىنى پارچىلىنىشتىن ساقلايدىغان بىر ئىقتىدارغا ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، ئالدىدىكى قارشىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ يوق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغدايدىغان بىر ئىقتىدارغىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قارشىسىنى (زىتتىنى) ھالاك قىلىپ، ئۇنى تۈرىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ھەربىر شەيئىنى ئۆزىنىڭ ئۈستۈن بارلىقىغا كېرەك بولىدىغان ۋە ئەبەدىيلىكنى قوغدايدىغان بىر شەكىلدە سۇندۇرۇشتەك ئىستىبداتقا ئىگە بولىدۇ. كۆپىنچە مەۋجۇداتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستۇنلۇك ۋە ئۆزىنىڭ زىتلىرىغا قەھرىلىنىدىغان ئىستىداتقا ئىگە بولىدۇ.

ھەربىر مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز زىتىغا ۋە ئۆزىدىن باشقا ھەرقان- داق شەيئىگە قارىتا بۇ ھالەتتە بولۇشى، بىزنى تۆۋەندىكىدەك يول بىلەن چۈشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ھاياتتا ھەربىر بارلىق ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشاشنى مەقسەت قىلىدۇ ياكى باشقا بارلىقلار ئارىسىدا ئەڭ ئۇستۇن ھاياتلىقنىڭ يالغۇز ئۆزىگىلا بېرىلگەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۆزىگە زەرەرلىك ۋە پايدىسىز بولغان ھەربىر شەيئىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەربىر شەيئىدىن پايدىلىنىش مۇمكىنچە- لىكى بېرىلگەندۇر. بىز كۆپىنچە ھايۋانلارنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى كېرەكسىز ۋە پايدىسىز يەرگە قوغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ساقلاش خاھىشىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھايۋانلار گويا ئالەمدە ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلار يوقتەك ياكى بولمىسا ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغاندەك، باشقا ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇ- شىنى ياقتۇرمايدىغان تەبىئەتتە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ھايۋاننىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق يامانلىقى يوقتۇر. يارىتىلىش ۋە تەبىئىتىدە بۇنداق بولمىغان بۇ مەۋجۇد- لۇقلار بىر - بىرىنى شەخسىي مەنپەئەت يولىدا ئەسىر ۋە قۇل قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەربىر تۈرنىڭ باشقا تۈر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ ئاساسقا تايانغان بولىدۇ. شۇ بىر تۈرنىڭ ئىچىدىمۇ ھەربىر شەخسنىڭ باشقا شەخس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم مۇشۇ ئاساسقا تايىنىدۇ. ماھىيەتتە، بۇ بارلىقلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە بىر - بىرىنى قوغلاش تەبىئىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈكى يەنى باش- قىلىرىنى ئېزىدىغىنى تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرىدۇ. بۇلاردىن دائىم غالىب چىققانلار يا بىر - بىرىنى يوق قىلىدۇ. چۈنكى

ھەربىرى باشقا بارلىقنى ئۆز بارلىقىغا نۇقسان ۋە زەرەر يەتكۈزىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ ياكى بىر ـ بىرىنى قۇلغا ئوخشاش ياللاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭ پەقەت ئۆز-لىرى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ كىشىلەر بىر تۈركۈم شەيئىلەرنىڭ تەرتىپسىز (قائىدە ـ نىزامسىز) يۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە مەۋجۇتلۇق-لارنىڭ دەرىجىلىرىگە ئەمەل قىلىنمىغانلىقىنى ھەم بەزى ئادەم-لەرنىڭ مەۋجۇتلۇقتا لايىق ئەمەسلىكىنى ۋە توغرا بولمىغان يەرگە بەزى ئىمتىيازلاردىن پايدىلانغانلىقىنى، ھەتتا ئىمتىياز دېگەن نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئويدۇرما نەرسە-لەردىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ھېسابلىشىدۇ. بىز كۆرگەن ۋە بىلگەن مەۋجۇتلۇقلار مانا شۇنداقتۇر، دېيىشىدۇ.

بۇ ھەقتە باشقا بىر قەۋم شۇنداق دەيدۇ: بۇ ھال مەۋجۇتلۇق-لارنىڭ تەبىئەت ۋە يارىتىلىشلىرىدىنلا شۇنداقتۇر. تەبىئىي جى-سىملارنىڭ ئىجرا قىلغان ھۆكۈملىرىنى ئىرادە ۋە ئېھتىيات ئىگىسى بولغان ھايۋانلار ئۆز ئارزۇ ۋە ئىرادىلىرى بىلەن ئورۇن-لايدۇ. ئەقلى بىلەن چۈشىنىش ئارقىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-چۈن بۇ ئادەملەر بۇنى شۇنداق چۈشىنىدۇ. شەھەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە دۈشمەنلىشىش ۋەزىيىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نە قائىدە ـ نىزام، نە رەت، تەرتىپ بولمايدۇ. ھېچبىر شەخسنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئېتىبارى ئۇنى ئىمتىيازغا ئىگە قىلماي-دۇ. ھەربىر ئىنسان ئۆز ياخشىلىقىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۆزىگە پايدىلىق ھېسابلىغان ياخشى-لىقنى ئارزۇ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلمىقى كېرەك. ئەڭ بەختىيار ئىنسان كۈرەش ئاخىرىدا پۈتۈن رەقىبلىرىنى يې-ڭىپ، غەزەپ ياغدۇرغان ئىنساندۇر.

بۇ جاھىللارچە پىكىرلەر ئاخىر بېرىپ شەھەرلەردە باشقا پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بەزى قوۋملار شۇنداق دېيىشىدۇ: [مەۋجۇتلۇقلارنىڭ] بىر ـ
بىرلىرىگە يېقىنلىشىشى ۋە بىر ـ بىرلىرىدىن يىراقلىشىشى نە
تەبىئەت، نە ئىرادە ئەمرى ئەمەس. ئەكسىچە، ئىنسانىنىڭ ئىنـ-
سانىي ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك قىلىشى توغرىدۇر. ئىككى
ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن پەقەت زۆرۈرىيەت تۈپەيلى چۈشىنىدۇ
ۋە ئېھتىياج سەۋەبىدىن بىرلىشىدۇ. بۇ بىرلىشىش ۋە چۈشىنىش-
نى مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەب نېمە بولسا بولسۇن، بىرلەشكەن
مەزگىلدە ئۇلاردىن بىرسى مۇتلەق غالىب، يەنە بىرسى مۇتلەق
مەغلۇپ هالەتتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سىرتقا قارشى شەكىللەندۇر-
گەن بىرلىكى، ئۇلاردىكى قورقۇنچ داۋاملاشقان مۇددەتكىچە داۋام
قىلىدۇ. قورقۇنچ، ۋەھىمە يوقالغان هامان، دەرهال ئايرىلىشلىـ-
ـرى ۋە بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىشلىرى توغرىدۇر. ئىنسانلىق
پرىنسىپلىرىدىن «دائو سەبىئى (داء سىجى= d âü sebì) هايۋا-
نىيلىق خۇمارى» دەپ ئاتىلىدىغان پرىنسىپ مانا شۇدۇر.

يەنە باشقا بىر قوۋم بولسا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى يالغۇز
پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەمچىلىرىگە
موهتاج بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان هالدا، بىرلىشىشنىڭ
زۆرۈرلىكىگە قايىل بولىدۇ. لېكىن يەنە بىر قوۋم، بۇ بىرلىـ-
شىشنىڭ پەقەت زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىـ-
شىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موهتاج بول-
غان كىشى، بىر قىسىم ئادەملەرگە زورلۇق بىلەن قەھىر ـ
غەزەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ. ئاندىن بۇلار-
نىڭ ۋاسىتىسى بىلەن باشقىلارغا زورلۇق ئىشلىتىپ قۇللىرىنىڭ
سانىنى كۆپەيتىدۇ. بۇ ياردەمچىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا
بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇلارمۇ ئۇ تەرەپتىن زورلۇق بىلەن
قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن كىشىلەردۇر. مەسىلەن: ئۇ ئۆزى بۇلار-
نىڭ ئارىسىدا جىسمانىي جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشى
قورال ـ ياراققا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن كۆزگە چېلىققان ئادەمنى

يېڭىپ ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئارقىلىق باشقىلىرىغا زورلۇق ئىشلىتىپ قۇل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنە باشقىلىرىغا زورلۇق قىلىپ، مۇشۇنداق زەنجىرسىمان شەكىلدە ئۆزى خالىغانچە ياردەمچى تاپىدۇ. ئاندىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ كەيپى ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرى يولىدا قورال ئورنىدا ئىشلىتىدۇ.

يەنە باشقا بىر قەۋم بولسا، بۇ خىل ئۇيۇشۇشنىڭ، سۆيۈشۈشنىڭ ۋە ماسلىشىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل توپلىنىشنىڭ قانداق كۈچ تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغانلىقى مەسىلىسىدىكى پىكىرلىرىدە ئىختىلاپ بار. بەزىلىرى بىر ئاتىدىن كېلىپ چىققان بولۇشنى بۇ خىل ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش، ماسلىشىش، سۆيۈشۈشنىڭ ۋە باشقىلارنى يېڭىش ياكى باشقىلار تەرىپىدىن يېڭىلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ھېسابلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئايرىلىش ۋە نەپرەت ئاتىنىڭ ئايرىملىقىدىن تۇغۇلىدۇ. ئەڭ كۈچلۈك تۇتاشتۇرغۇچىنى ئەڭ يېقىن ۋە ئۆز دادىسىنىڭ بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ بىرلىك كېڭەيگەنسېرى ئادەملەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. ئاخىر شۇنداق دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئارىدىكى بۇ باغلىنىش پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قارشىلىق نەپرەت ھېسلىرى ئىگىلەيدۇ. زۆرۈرىيەت ئۇلارنى پەقەت تاشقى قورقۇنچنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن چوڭ بىر جامائەت ھالىتىدە توپلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بەزىلىرى بۇ ئۇيۇشۇشنى ئەۋلاد قالدۇرۇش - باراۋەرلىكنىڭ نەتىجىسى دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، بىر تائىپىنىڭ ئوغۇل باللىرى يەنە بىر تائىپىنىڭ قىزلىرىدىن باللىق بولىدۇ، بۇنى (ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقان بولۇش) (مۇستاھارەت) دېيىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەزى كىشىلەر بولسا، بۇ ئۇيۇشۇشنىڭ سىرىنى، ئۆزلىرى-نى دەسلەپتە يىغىپ تەدبىر كۆرسەتكەن، ئۇلارنىڭ زەپەر قازىنىپ جاھىللارغا خاس مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن كاتتا رەئىسلەرنىڭ (باشلىقلارنىڭ) ئەتراپىغا توپلىنىشتا، دەپ قارايدۇ.

باشقىلىرى بولسا، بۇ ئۇيۇشۇشنى ياۋلارنى يېڭىش ۋە ئۇلار-نىڭ زوراۋانلىقىنى يوقىتىش مەقسىتى بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلماسلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق توغرىسى-دا بەرگەن ۋەدىسى ۋە ئىچكەن قەسىمىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىشى-دۇ.

بەزىلىرى بۇ ئۇيۇشۇشنىڭ ئەخلاقى ئوخشاشلىق، مىجەزدىكى ئوخشاشلىقتا، تىل ۋە شىۋە ئوخشاشلىقىغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەر بىر ـ بىرىدىن ئۈچ جەھەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتلەردىكى پەرق باشقا جەھەت-لەردىكى پەرقلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

باشقا كىشىلەر، بۇ ئۇيۇشۇشنى ئەينى بىر مەھەللە ۋە ئەينى رايوندا بىللە ئولتۇرغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇلار ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۆي بىرلىكى، ئاندىن كوچا بىرلىكى، ئاندىن مەھەللە بىرلىكى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەب-تىن قوشنىلار بىر ـ بىرىگە يار بولىدۇ، دېيىشىدۇ. قوشنا بىز بىلەن بىر مەھەللە، بىر كوچىدا ئولتۇرغان كىشىدۇر. ئاندىن كېيىن، شەھەرلەرنىڭ بىرلىكى، ئاندىن شۇ شەھەر جايلاشقان رايوننىڭ بىرلىكى كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كىچىكرەك بىر جامائەنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ياكى ئىككى كىشى ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇشنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئامىللار ئىچىدە، بىر يەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىش، ماكانلىشىپ قېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن مەسىلەك-داشلىق، دەرداشلىق قاتارلىق ئامىللارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىد-

مىز. دەردلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان دەرداشلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ئاجايىپ زور بىر تەسەللىي بۇلىقىدۇر! بۇنىڭدىن تاشقىرى، لەززەت ۋە بەزمە - مەشرەپ ئورتاقلىقى بىلەن ئۇزۇن ۋە خەتەرلىك يوللاردىكى سەپەرداشلىق ھەم بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

## [35. جاھىل شەھەر چۈشەنچىسىدىكى] ئادالەت

ئېيتىشىچە، قەبىلىنىڭ قەبىلىدىن، شەھەرنىڭ شەھەردىن، پىرقىنىڭ پىرقىدىن ۋە مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن [قىسقىسى] ھەرقانداق بىر تائىپىنىڭ باشقا بىر تائىپىدىن ئايرىلىشى (پەرقلىشى) بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىدىن ئايرىلىشىغا ئوخشايدۇ. تائىپىلەرنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئادەملىرى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆز ئىچىدىمۇ سوقۇشۇش، ئۇرۇشۇشلار بولۇشى تەبىئىي.

ئارىلىرىدىكى تالاش - تارتىش تېمىسى، سالامەتلىك، شان - شەرەپ، بايلىق، لەززەت ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارغا ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىلەردۇر.

شۇ سەۋەبتىن ھەربىر تائىپە باشقا تائىپىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلىرىنى يۇلۇۋېلىشنى ئويلايدۇ. ھەربىرىنىڭ باشقىسىغا قارشى ۋەزىيەتتە بولۇشى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەندۇر. قايسىسى باشقىسىنى بويسۇندۇرۇپ ئەزسە غەلىبە قىلغان، شەرەپ قۇچقان بەختىيار شۇ بولىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ۋە ھەربىر تائىپىنىڭ روھىدىكى بۇ خىل تەبىئىي خاھىشلار، مەۋجۇداتلارنىڭ ئەسلى تەبىئىيتى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ھەربىر تەبىئىي شەيئى ئادالەتكە ئۇيغۇنلۇقىدىن، پەيدا بولۇشىنىلا ئادالەتنىڭ نەق ئۆزى بولىدۇ. ئادالەت باشقىلارنى ئەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەكتۇر. مەغلۇپ بولغۇچى بولسا يا بەدىنىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ ياكى هالاك بولۇپ، ئۆلۈمگە يەر تۇتۇپ غالىبقا ئۆز هاياتىنى بىكارغا تاپشۇرىدۇ ياكى بولمىسا، مۇشكۇل بىر ئەھۋال ياشاش شەرتى بىلەن غالىب تەرىپىدىن قول ئورنىدا پايدىلىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غالىبنىڭ ياخشىلىقى ۋە مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئېتىبار بىلەن غالىبنىڭ مەغلۇپ بولغۇچىنى ئىشلىتىشى ئادالەت ھېسابلانغىنىغا ئوخشاش، مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ غالىبقا خىزمەت قىلىشى ھەم ئادالەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ بابتىكى تەبىئىي ئادالەت پەزىلەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. مۇشۇ سۇرەتتە ھەرىكەت قىلىشمۇ پەزىلەتلىك پېئىللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

غالىب تائىپە بۇ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئەڭ زور تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە ئەڭ زور ئۈلۈش بېرىدۇ. تائىپىنىڭ ئۇتۇقى شۆھرەت ۋە شەرەپتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەڭ كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىگە شەرەپنىڭ ئەڭ چوڭى بېرىلىدۇ. ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى مالدىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ مال بېرىلىدۇ. باشقا ئولجىلارمۇ شۇ تەرتىپتە تارقىتىلىدۇ. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ قارىشىدا، تەبىئىي بىر ئادالەتتۇر.

ئۇلار ئېيتىشتىكى، ئېلىش ـ بېرىشتە، ئامانەتلەرنىڭ قايتۇرۇلۇشىدا غەزەپلىنىش ۋە زورلۇق قىلىشنى تەرك ئېتىشتە، ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئىشلاردا، قورقۇش، ئاجىزلىق ياكى تاشقى زۆرۈرىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە شەخس بولسۇن، مەيلى تائىپە بولسۇن، ھەر ئىككى تەرەپ كۈچ جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زورلۇق قىلغان تەقدىردە، بۇ سوقۇشۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى ۋە ھەر بىرىنىڭ بۇ سەۋەبتىن تارتىدىغان ئازابلىرىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى تەبىئىيدۇر. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە

يېقىنلىشىپ ئارىلىرىدىكى ئىنساپ توغرىسىدا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، ھەربىرى باشقىسىغا تالاش - تارتىش قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەربىرىنىڭ كۆزقاراش ۋە ئىشەنچلىرىدە ئۆزگىرىش بولمىغان ھالدا، ھەربىرى مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا يەنە بىرىنىڭ قولىدىكى مېلىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە چېقىلماسلىققا كېلىشىم ھاسىل قىلىشىپ، مۇرەسسەلىشىپ سۈلھى تۈزىدۇ.

ئۆزئارا ئىچىنىش ۋە ھەمكارلىشىش قاتارلىقلارغا كەلسەك، بۇلار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنى شۇ دەرىجىدە ئاجىز ھېس قىلىشى ۋە بىر - بىرلىرىدىن قورقۇشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. بۇ ھال داۋاملاشسا، ئارىلىرىدىكى باراۋەرلىك داۋام قىلىدۇ. مۇبادا ئىككى تەرەپتىن بىرى ئۆزىنى قارشى تەرەپتىن كۈچلۈك سەزسە، شۇ زامان شەرتلەرنى بۇزۇپ، ئىلگىرىكى زوراۋانلىققا قايتىدۇ.

ياكى ھەر ئىككى تەرەپ سىرتتىن كەلگەن ۋەھىمىنى پەقەت ئۇرۇشۇپ يوقىتىشقا ۋە قول تۇتۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسە، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ.

ياكى بولمىسا، ئۇلاردىن ھەربىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىگە پەقەت باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى ماقۇل كۆرىدۇ.

ئەمدى، بۇ سەۋەبلەر يۈزىسىدىن باراۋەرلىك داۋام قىلىۋاتقان مەزگىلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەۋلادلار كۆرگەنلىرى ۋە ئۆزلىرى ئىچىدە ياشىغان نەرسىلەرنى ئادالەت ھېسابلايدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئادالەتنىڭ قورقۇنچ ۋە ئاجىزلىق ئاساسىغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى تەتبىق ئېتىشتىن غۇرۇر ھېس قىلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ نەرسىلەرگە قىممەت بەرگەن كىشى يا ئاجىزدۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياكى ئىنتىلگەن [زورلۇقنىڭ] ئاقىۋەتلىرىدىن شەخسەن زەخمەت يېيىشتىن قورققان كىشىدۇر.

## [36. جاھىل شەھەر ئاھالىسىنىڭ قارىشىدىكى] ئىتائەتمەنلىك

ئىتائەتمەنلىك دېمەك ـ ئالەمنى بىر ئىلاھنىڭ ياراتقانلىقىغا، دىندارلارنىڭ پۈتۈن ئىشلارنى ئىدارە ۋە كونترول قىلىدىغانلىقىغا، ئىلاھنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ، تەسبىھ ئېيتىپ مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىغا، ئىنسانىنىڭ غەپلەتتە تۇرماستىن ئىبادەت قىلسا ۋە ھاياتتىكى كۆڭۈل بەرگەن بۇ دۇنيالىقلىرىدىن كەچسە، مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ھەم ئۆلگەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ كۆپ نېمەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىبادەتنى تاشلاپ، ھاياتنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرىگە بېرىلىپ، بۇ دۇنيالىق ئىشلار بىلەن قىزىقسا، ئاخىرەتتە جازالىنىدىغانلىقى ۋە ئېغىر ئازابلارغا دۇچار قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىر گۇرۇھنىڭ يەنە بىر گۇرۇھنى ئالداش ۋە تىزاقا چۇشۇرۇش ئۈچۈن توقۇپ چىقارغان ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە ئالدامچىلىقتىن باشقا نېمە بولاتتى. بۇ نەرسىلەر دۇنيا نېمەتلىرى ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارا كۈرەش قىلىشقا ئاجىز كىشىلەرنىڭ قورقماستىن، ئويدۇرۇپ چىقارغان تەرتىپ ۋە تىزاقلىرىدىن ئىبارەتتۇر. دۇنيا لەززەتلىرىنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ تەلەپ قىلىشقا، قولى ۋە ئەسۋاب ـ ياراقلىرىنى ئىشلىتىپ بىر نەرسىگە ئېرىششكە، ھېچ كىشىدىن ياردەم سورىماستىن قولغا كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيدىغانلارنىڭ نەيرەڭلىرىدۇر، خالاس.

[خەلقنى] بۇ دۇنيالىقنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بىر قىسمىدىن ۋاز كەچتۈرۈش مەقسىتى بىلەن قورقۇنچ ۋە تەھدىت سېلىشى،

دۇنيا مەئىشەتلىرىگە يول ئېچىش ئۈچۈندۇر. دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىنتىلىشتىن ۋە ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن قورقىدىغان كىشى كۆرۈنۈشتە بۇ دۇنيالىقلارنىڭ قۇلى بولمىغان ھېسابلىنىپ، ھۆرمەتكە لايىق كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقمايدۇ، گۇمانلانمايدۇ. ھېچكىشى ئۇنى ئەيىبلىمەيدۇ. مەقسىتى يوشۇرۇن بولغىنى ئۈچۈن ھەرىكىتى ۋە ئورۇنۇشلىرى خۇدا يولىدا بولۇۋاتىدۇ دەپ قارىلىدۇ. [دىندارلارنىڭ] قىلىق ۋە قىياپەتلىرىدىمۇ بۇ دۇنيالىق مەئىشەتلەرگە ئىنتىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قىلىقى ۋە قىياپەتلىرى ئەمەستۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئېتىبار قىلىنىپ، مال ـ دۇنيا ئاتىلىدۇ ھەم ھەربىر كىشى يۈرىكىدىن ئۇلارغا باغلانغان بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى تەرىپىدىن سۆيۈلگىنى ئۈچۈن، نەپسىگە قانچىلىك قۇل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەپۇ قىلىنىدۇ. قىلغان پۈتۈن ئەسكىلىكلىرى خۇش كۆرۈلىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن ئېتىبار، رىياسەت، مال ـ مۈلۈك، لەززەت ۋە ھەرخىل مەئىشەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇلار ھەركىمدىن كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن ۋەزىيەتتىدۇر. گوياكى پۈتۈن نەرسىلەر ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈنلا بولغاندەك.

ھايۋانلار ئوۋ ئولجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھىيلە ۋە قىلتاق ئويلاپ چىقارسا [دىندارلارمۇ] دۇنيا مەئىشەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشاش ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋە تۇزاقلاردىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەم بالىسى بۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى، بىز يۇقىرىدا ئېيتقان مەقسەتلەر يولىدا ئەمەس، بەلكى باشقا مەقسەتلەر يولىدا بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلاردىن گۇمانلانمايدۇ، قاچمايدۇ ۋە قورقمايدۇ. ھېچكىم ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار مەقسەتلىرىنى ئاسانلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. [ئىنتائەتمەنلىك] دەيدىغان بۇ نەرسىگە داۋاملىق ھالدا ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېغىشلىماقچى بولغانلار، ماددىي مەقسەتلەرگە يەتمەك، يەنى دۇن-يا مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشمەك ئۈچۈن تاشقى كۆرۈنۈشتە سوپىلار-دەك كۆرۈنۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئېتىبار ۋە ھۆرمەت-نى، ئەقىل - ھېكمەت، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن دەستەكلىنىۋې-لىشنى بىلسە، خەلق نەزىرىدە تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە تېخىمۇ شۆھرەت-لىك بولىدۇ.

بۇ دۇنيالىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆز نەپسى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلغان كىشى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالدانغان، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان، بەختسىز، ئەخمەق، ئەقىل-سىز، مەنپەئەتىنى ئويلاش ئىقتىدارى يوق، قەدىر - قىممەتتىن مەھرۇم ۋە بەتتام ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى چاقچاق بىلەن كۆپتۈرىدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ رىقابەت دائىرىسىدىن چەتتە ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مال - دۇنيالىرىدىن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پايدى-لىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ يولدا داۋاملىق مېڭىشىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئۇ-نىڭ بۇ يولدىكى پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىنى ماقۇل كۆرىدۇ. يەنە باشقىلار بولسا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالدانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ.

بارلىقلاردا كۆرۈلگەن بۇ ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جاھىلانە پىكىرلەر نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ روھلىرىدا يىلتىز تارتقان بولى-دۇ. ئۇ كىشىلەر مەزكۇر مال - دۇنيالارنى زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇلارنى كېيىمەيتمەي ساقلاش ۋە داۋاملىق ئارتتۇرۇشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۇنيا نېمەتلىرىنى ھەم بىر - بىرلىرىدىن، ھەم باشقىلاردىن يۇلۇش پىكرىدىدۇر. بۇلارنى ساقلاش ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن يا ئۆزئارا ئېلىش - بېرىش ۋە ئالماشتۇرۇش قىلىدۇ ياكى بۇلارنى باشقىلاردىن زورلۇق بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. بىر قىسىم كىشى-

لەرمۇ بۇ نېمەتلەرنى ھەر ئىككى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئارتتۇرۇش پىكرىدىدۇر. يەنە باشقىلىرى بۇ پىكىرنى قوللاش بىلەن بىرگە كۈچلىرىنى ئىككىگە بۆلىدۇ. بىر قىسمى بۇ نېمەتلەرنى ئىشلىتىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىدارلىرى بىر - بىرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى گۇرۇپپا شەكىللەنىدۇكى، بىرى ئۇرۇشتا، يەنە بىرى ئىرادىي ئىشلاردا [قابىلىيەت كۆرسىتىدۇ]. يەنە باشقىلىرى بولسا ئىرادىي ئىشلارنى خوتۇنلارغا قالدۇرۇپ، ئۇرۇشنى ئەركەكلەرگە يۈكلەش پىكرىنى ياقلايدۇ. ئەركەكلەردىن جەڭدە ئاجىزلىق قىلغانلارنى ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇۋېتىدۇ. بۇ يەردىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، كېرەكسىز پارازىتلار ئارىسىغا كىرىدۇ.

يەنە بىر قىسىملىرى، ئىش كۆرگەنلەرنىڭ، يېڭىلگەن ۋە قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن كىشىلەردىن تاللانماسلىقىنى ياقلىشىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن ماللارغا قارىغۇچى قىلىش ھەم ماللارنى قوغداش بىلەن ئىشلىتىپ كۆپەيتىشكە مەسئۇل قىلىش كېرەك، دېيىشىدۇ. باشقا بىر قىسىملار بولسا، بارلىقلار ئارىسىدىكى جەڭ ھەرخىل جىنسلار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، دېيىشىدۇ.

ئەينى بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى بىرلىكى، ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشنى توسۇپ، سۈلھى - كېلىشىم بىلە ياشىشىغا دەۋەت قىلىدۇ. پەقەت ئۇلاردىن پايدا كۆتكەن كىشىلەر بىلەن سوقۇشۇپ، پايدا ئۈمىد قىلمىغان تۇردىكىلەردىن قالدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىيانلىق (خەتەرلىك) كۆرۈنگەنلەرنى يوقىتىپ، زەرەرسىز بولغانلارنى قويۇپ قويۇش لازىمدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرىدىن كۆتكەن نېمەتلەرنى ئىرادىي مەسىلىلەر يولى بىلەن باشقىلاردىن ئىزدىگەن نېمەتلىرىنى كۈچ يولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن قولغا كەلتۈرۈشلىرى مۇمكىن. كېيىنكىلەرنىڭ تىلى بول-مىغانلىقى ئۈچۈن ئىرادىي ھەرىكەتتىن مەھرۇمدۇر.

[بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىپ] ئېيتىمدۇكى، تەبىئىي ئىنسان مانا شۇنداق بولىدۇ. ھالبۇكى ھەربىي ئادەم جەڭ قىلى-ۋاتقاندا تەبىئىي ئەمەستۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا تەبىئىيلىكتىن يىراق بىر مىللەتنىڭ ياكى بىرەر تائىپىنىڭ بولۇشى كېرەك بولسا، ئۇ تائىپىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ باشقا تائىپىلەرنى يوقى-تىپ، قوللىرىدىكى ماللىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى لازىم-دۇر. مانا شۇنداق ئويلايدىغانلار، تەبىئىي مىللەت ۋە ياكى تەبى-ئىي بىر تائىپىنىڭ ـ پەقەت سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزدىن قوغدىنىش ئۈچۈن، ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئايرىپ، تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرۈش ياكى تارتىۋېلىن-غان ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىر تائىپە ئىككى خىل ئايرىم كۈچتىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى جەڭ قىلىپ ئۆزىنى قوغداي-دۇ. يەنە بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇڭا مۇداپىئەگە ئاجرات-قان بۇ كۈچ ئۆزىنىڭ ئىستەك ۋە ئىرادىسى بىلەن ئۇرۇش قىلماي-دۇ. پەقەت چەتتىن كەلگەن تاجاۋۇزنى يوقىتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن جەڭ قىلىدۇ.

بۇ تەرىزدە چۈشىنىدىغانلار ئالدىنقى تائىپىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىدۇر. بۇلار سۈلھىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تاشقىرىدىن ھېچقانداق تاجاۋۇز بولماسلىقى لازىم دەپ قارىشىدۇ. يەنە بىرلى-رى بولسا ئۇرۇشنىڭ سىرتىنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلغۇچى شەھەرنىڭ نەزەرىيىسىمۇ مەيدانغا چىققان بولىدۇ.

## 37. جاھىل شەھەرلەر توغرىسىدا

جاھىل شەھەرلەرنىڭ بىر قىسمى زوْروْرىي، بىر قىسمى ئوْزگەرتىلگەن (ئاينىتىلغان)، بىر قىسمى چوْشكوْن، بىر قىسمى ئابروْيپەرەس، بىر قىسمى بولسا (ئىجتىمائىيدوْر). ①

ئىجتىمائىي شەھەر ئاھالىسى ھېسابقا ئېلىنمىغاندا، قالغان شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى غايىدە ئورتاقلىقتا ئىگىدوْر. ئىجتىمائىي شەھەرنىڭ مەقسەتلىرى ناھايىتىموْ كوْپتوْر. مەقسەتلىرى - ئوْروْش قىلىش ۋە قوغدىنىشقا مايىل بولغانلىقى ئوْچوْن، موْرەسسەچى شەھەرلەرنى ئوْز ئارىلىرىغا ياكى ئوْزىگە تەئەللوْق شەھەرلەر دائىرىسىگە كىرگوْزوْش زوْروْرىيىتى بىلەن قالدوْروْپ قويىدوْ. شوْڭا، بوْ شەھەر ئاھالىسى ئىككى گوْروْپپىغا بوْلوْنىدوْ. بىر گوْروْپپىسى بوْ ئىمكانىيەتتىن مەھروْم بولىدوْ. بوْ [شەھەرلەر] ئوْزلىرىنىڭ مال ۋە نېمەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى موْشوْ يوسوْندا قوغدايدوْ. جاھىل شەھەرلەر توْركوْمىگە كىرگەن بوْ سوْلھىچى تائىپىنىڭ خەلقى پاك، روھلوْقتوْر. چوْنكى ئوْلار ئوْروْش ۋە تالىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدوْ. ئوْروْشنى ئوچوْق - ئاشكارا ياكى مەخپىي ھالدا ئېلىپ بارىدوْ. ئوْروْش قىلىشقا قادىر بولغانلار ئاشكارا ھەرىكەت قىلىدوْ. قادىر بولمىغانلار بولسا ھىيلە - نەيرەڭ، ئالدامچىلىق، يالاقچىلىق، جازانىخورلوْق، ئېزىتقوْلوْق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدوْ. لېكىن سوْلھىچى شەھەر ئاھالىسى بولغان يەنە باشقىلار بەخت ۋە تاكاموْللوْققا ئېرىشىش موْمكىنلىكىگە، بوْنىڭ ئوْچوْن

---

① توپلوْمجوْ - بوْ سوْزنىڭ مەنىسى ئىجتىمائىي دېگەنلىك بولىدوْ. روْسچە تەرجىمىدە «شەھوْەتپەرەس» دەپ ئېلىنغان. ئىبراھىم ئوْمەرىموْ شوْ بويىچە «شەھوْەتپەرەس شەھەر» دەپ تەرجىمە قىلغان. لېكىن توْركچە نوْسخىسىدا بولسا «توپلوْمجوْ» (ئىجتىمائىي)، «توپلوْمجوْ شەھەر» (ئىجتىمائىي شەھەر) دەپ ئېلىنغان. مەن بوْ بابنىڭ ئوْموْمىي مەزموْنىغا ئاساسەن توْركچە تەرجىمىدىكى «ئىجتىمائىي شەھەر» دەپ ئېلىنغىنىنى توغرا دەپ ھېسابلىدىم ھەم ئوْيغوْرچىغىموْ شوْ بويىچە «ئىجتىمائىي شەھەر» دەپ ئالدىم.

www.uyghurkitap.com



دۇنيادا پەزىلەتنى سۆيۈش ۋە پازىل ئىشلارنى قىلىش لازىملىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇلار ئەتراپلىرىغا قارىغاندا، نەزەرلىرىگە تاشلانغان تەبىئىي بارلىقلارنىڭ ئىنكار ۋە گۇمانغا ئورۇن قالدۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئېيتىدۇكى، ھەرقانداق شەيئى تەبىئىيلىكنى پەقەت كۆزگە كۆرۈنگەن قىياپەتتە پەيدا قىلسا، جاھالەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلماق لازىمدۇر. ئەمما بىزنىڭ مۇشۇنداق چۈشەنگىنىمىز توغرا بولىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن تەبىئىي بارلىقلارنىڭ بۇگۈنكى ۋۇجۇدلىرىدىن (بارلىقىدىن) باشقا ۋۇجۇدلىرىمۇ باردۇر. بۇگۈنكى ۋۇجۇدلىرى تەبىئىي بولماستىن، ھەقىقىي تەبىئىي بولغان يەنە بىر ۋۇجۇدلىرى بىلەن زىددىيەت ھالىتىدە بولىدۇ. تەبىئىي مۇكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى بولغان يەنە بىر ۋۇجۇد (بارلىق) نىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن، بۇگۈنكى ۋۇجۇدنىڭ يوق بولۇشى لازىمدۇر. چۈنكى زاھىرى ۋۇجۇد (بارلىق) كامالەتكە ئۇلىشىشىمىزغا توسقۇندۇر. پەقەت ئۇنىڭ يوقىلىشى بىلەنلا كامالەتكە يېتىش مۇمكىن بولىدۇ.

يەنە باشقىلىرى تۆۋەندىكىدەك ئويلايدۇ. بارلىقلار بۇگۈنىنىڭ مەھسۇلىدۇر. لېكىن ئۇلارغا بىر تۈركۈم شەيئىلەر قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنى بۇزۇپ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا توسالغۇ بولغان، خىلى كۆپلىرىگە ئەسلىدىكى سۈرەتلىرىدىن باشقىچە سۈرەتلەر بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بولمىغانلار ئىنسان دەپ قارىلىپ، ئىنسان بولغانلارمۇ ئىنسان بولمىغان ھېسابلانغان. ئىنسانىي پېئىللارنىڭ بىزگە تەۋە ئەمەسلىكى ۋە ئىنسانىي پېئىللاردىن بولمىغان شەيئىلەرگە بىزگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار بۇگۈنكى كۈندە قىلىنماسلىقتا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشقا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلماسلىققا باشلىدى. [شۇنىڭغا ئوخشاش] سادىق بولمىغان نەرسىلەر سادىق ھېسابلىنىپ، مۇمكىن بولىدىغان شەيئىلەر مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىۋاتىدۇ.

ھەر ئىككى نەزەرىيىنىڭ ئىگىلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىدا ئور- تاق پىكىردىدۇر. كۆز بىلەن كۆرۈلگەن بارلىق (مەۋجۇتلۇق) يوقىلىشى كېرەككى، بۇنىڭدىن يەنە بىر تەبىئىي بارلىق ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىي بارلىقلاردىن بولۇش بىلەن بىر- گە، ھازىر تەبىئىي بارلىقنى ياشىمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي بار- لىقى بۈگۈنكى بارلىقىدىن باشقىدۇر. بۈگۈنكى بارلىقى ھەقىقىي بارلىقى بىلەن زىت ھالەتتە بولۇپ، ئەسلى بارلىقىغا قايتىش يولىدىكى توسالغۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر ياشاۋاتقان بىر ئىنساننىڭ بۈگۈنكى ھالىتى تەبىئىي ئەمەستۇر.

يەنە بەزى كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىدۇ: روھنىڭ تەنگە كىرىشى تەبىئىي ئەمەستۇر. ئىنسان ئەسلى روھتۇر. تەننىڭ روھ بىلەن بىرلىشىشى ئۇنى بۇزۇپ، پېئىللىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. خۇنۇكلۇك تەننىڭ روھ بىلەن بىرلىشىشىدىن تۇغۇلىدۇ. روھ- نىڭ مۇكەممەللىكى ۋە پەزىلىتى تەندىن قۇتۇلۇشىدۇر. ئۇ بەخت سۈپىتىدە تەنگە موھتاج بولمىغىنىغا ئوخشاش، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ نە تەنگە، نە تەننىڭ سىرتىدىكى مال ـ مۈلۈك، دوست، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە شەھەر ئاھالىسى قاتارلىقلارغا موھتاج ئە- مەستۇر. چۈنكى تەننىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرگە ۋە شەھەر جاما- ئەلىرىگە پەقەت جىسمانىي بارلىق موھتاج بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ نەزەرىيە ئىگىلىرى روھنىڭ جىسمانىي بارلىقتىن قۇتۇلۇشى لازىملىقىنى ياقلايدۇ.

باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەر تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىدۇ: تەن ئىنساننىڭ تەبىئىي بارلىقىدۇر. ئۇنىڭدا ھەقىقىي تەبىئىي بولمى- غان نەرسە روھنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىدۇر. (ئارزۇلىرى) بەختكە ئۇلاشتۇرىدىغان كەم ـ كۈتىسىز پەزىلەت بولسا بۇ (رو- ھىي) كۆرۈنۈشلەرنى (ئارزۇلىرىنى) ھالاك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ ھالنى ئاچچىق (غەزەپ) شەھۋەت ۋە شۇلارغا ئوخشاش بولغان كۆرۈنۈشلەرگە تەتبىق قىلىدۇ. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۆرۈنۈشلەر ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغان- لىقى ئۈچۈن، بۇلارنى يوق قىلىشنى توغرا تاپىدۇ.

بەزى كىشىلەر، بۇ پىكىرنى يالغۇز ئاچچىق ۋە شەھۋەت تۈرىدىن بولغان نەرسىلەرگە تەتبىق ئېتىپ، پەزىلەت ۋە مۇكەم- مەللىكلەرنى بۇلارنىڭ ھالاكىتىدە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. باشقا كىشىلەر، قىزغانچۇقلۇق، پىخسىقلىق قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر (ئارزۇ) ھەققىدىمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ.

شۇڭا بەزى كىشىلەر شۇنداق دەيدۇ: تەبىئىي بارلىققا پايدى- لىق بولغان شەيئىلەر، بۇگۈنكى بارلىقىمىزغا پايدىلىق بولغان شەيئىلەردىن پەرقلىق بولىدۇ. شەھۋەتنى، ئاچچىقنى ۋە باشقا روھىي ئارەزلەرنى (كۆرۈنۈشلەر) مەيدانغا كەلتۈرگەن سەۋەبلەر نۇتۇق قىسمىغا پايدىلىق بولغان سەۋەبلەرگە زىتتۇر. بۇنىڭ سە- ۋەبىنى ئېپىدوكل[①] غا ئوخشاش كىشىلەر ئىش قىلغۇچىنىڭ زىتلىقىغا يۆكلەيدۇ. بۇ قاراش پارمېنىد[②] ۋە باشقا تەبىئەتشۇناس- لارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا چېلىقىدۇ. بۇ قاراشلار- دىن بىرى قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، خۇلاسىسى شۇنداقتۇر: «ئىرادە بىلەن ئۆل، تەبىئىتىڭ بىلەن ياشايسەن». چۈنكى ئۇلار ئىككى تۈرلۈك ئۆلۈم بار دەپ قارىغان بولۇپ، بۇلار تەبىئىي ئۆلۈم ۋە ئىرادىي ئۆلۈمە- دۇر. ئىرادىي ئۆلۈمدىن مەقسەت شەھۋەت ۋە غەزەپلىنىشكە ئوخشاش روھ ئارەزلىرىنى (تاشقى كۆرۈنۈشلەرنى) يوق قىلماق- تۇر. تەبىئىي ئۆلۈمدىن مەقسەتمۇ روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. [ئەمەلىيەتتە] تەبىئىي ھاياتتىن مەقسەت مۇكەممەل- لىك ۋە بەختكە ئېرىشىشتۇر. بۇ پىكىردە بولغۇچىلار، شەھۋەت ۋە غەزەپلىنىش قاتارلىق روھ ئارەزلىرىنىڭ ئىنساندا، شۇبھە-

---

① ئېپىدوكل (Empedokles) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 492 — 432 ـ يىللار، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى، تەرجىماندىن.

② پارمېنىد (parmenides) تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن (515 ـ 445) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى، تەرجىماندىن.

سىز، ئارزۇغا خىلاپ ھالدا بىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

قەدىمكىلەر قاراشلىرى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا نەقىل قىلغان بىر قىسىم ناتوغرا قاراشلار، نادان شەھەرلەردە مەزھەپ ھالىتىدە ساقلانغاندۇر.

بەزى كىشىلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تەبىئىي بارلىق-لارنىڭ ئەھۋالىنى مۇشاھىدە ئېيتىپ (كۆزىتىپ)، بارلىقلارنىڭ ھەرخىل ۋە قارىمۇ قارشى بولىدىغانلىقى ۋە بارلىقلارنىڭ بەزىدە بار بولۇپ، بەزىدە يوق بولىدىغانلىقى ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدۇكى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېس قىلىنغان (مەخسۇس) ۋە ئەقىلغە مۇۋاپىق بولغان (ماقۇل) بارلىقلار، چەكلىك، جەۋھەرلەرگە ھەم ھەر بىرى ئايرىم خۇسۇ-سىي تەبىئەتكە ئىگە ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرى تەبىئىتى-نىڭ ئۆزىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەيئى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار شۇنى كۆردىلەركى، ئۇ بارلىقلاردىن ھەربىرىنىڭ مەسىلەن: ئىنساننىڭ جەۋھىرى ـ چەكسىز نەرسە-لەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇ سۆزدىن جەۋھەرنىڭ چەكلىك بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز نەرسىلەردىن تەشكىل تاپىدى-غانلىقى ئايدىڭلاشتى. بۇ شۇنچىلىك دەرىجىدىكى، ئىنساننىڭ جەۋھىرىدە بىز ھېس قىلغان نەرسە، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ھېس قىلىنغان (مەخسۇس) نەرسىدۇر. بىز چۈشەنگەن نەرسىمۇ ئۇ-نىڭدىن چۈشەنگەن نەرسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھېس قىلىنغان (مەخ-سۇس) ۋە ئەقىلغە ئۇيغۇن بولغان (ماقۇل) نەرسىدىن باشقا بىر نەرسە بولماسلىقىمۇ توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھازىر بولغان بىر نەرسىنىڭ يەنە بولۇشىمۇ جائىزدۇر (توغرىدۇر). ئۇنىڭ جەۋھىرى يالغۇز بۇ ماقۇل سۆزىدىن ئىبارەت ئەمەستۇر. لېكىن بۇنى ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە سەزمىگەنلىكىمىز ۋە چۈشەنمى-گەنلىكىمىز ئۈچۈن، باشقا شەيئىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇبادا ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان شەيئىنىڭ ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



دەسسىگەن بولىسىدى، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى تويغان ۋە چۈشەنگەن بولاتتۇق. قولىمىزدا بار نەرسە شۇ تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟!

شۇڭا بىر كىشى: «تەبىئەت ھەربىر سۆزنىڭ ئاڭلاتقان مەنە-سىنىڭ تەبىئىتىدۇر. ھازىر بىز چۈشەنگەن شەيئىنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر. لېكىن چەكسىز ھالدا باشقا شەيئىلەردىن ئىبارەتتۇر» دېگەندە، ئۇ مۇشۇدۇر. ئەمما بىز بىلگەن شەيئى باشقا بىر شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن دېسە، [ئىككى سۆز ئارىسىدا] ھېچبىر پەرق يوقتۇر. چۈنكى جائىز (كېرەك) بولغان شەيئى بىلەن بولۇشى پەرىز قىلىنغان شەيئىنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولماسلىقى شەرت ئەمەستۇر. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ قارىشىمىزدا ئۇنىڭدىن باشقىسى جائىز (كېرەك، توغرا) ئەمەستۇر، دېيىش بىلەن، ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇمكىندۇر دېيىش، بىزنى ئوخشاش نەتىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ باشقا شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقلا بۇ شەيئىنىڭ مۇتلەق ھالدا ئۆزى بىلەن كۆپەيتىلگەن بىر سان تۇرىدىن، يەنى «ئۈچ كەرە ئۈچ توققۇز بولىدۇ» دېگەن تۇرىدىن بولۇشى شەرت ئەمەستۇر. بۇ ئۇنىڭ جەۋھىرى بولماس-لىقى بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن تۇغۇلغان ساندىكى باشقا بىر شەيئى بولىدىغانلىقى ياكى بىز سەزمىگەن ۋە بىلمىگەن باشقا بىر شەيئى بولۇشى، ياكى بولمىسا بىز ھازىرغىچە سەزمىگەن ۋە بىلمىگەن چەكسىز ھالەتلەردىن ۋە ماقۇللاردىن (ئۇيغۇنلۇقلاردىن) بولۇشى ۋە ياكى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن سېزىلىپ بىلىنمىگەن بىر شەيئى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىگە لازىملىقىنى، جەۋھەر بىرلىكى كېرەكلىكىنى، يوق دەپ لازىم قىلمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا شۇ شەكىلدە دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا، تاشقىرى بىر تەسىر ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن بىرەرسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ئۇ ھالدا باشقىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەرتلەر ھازىرلانغاندا مەۋجۇت بولغان ھەربىر ھال ئۈستىدە ھاسىل بولىدۇ. ھەممىسى-

مۇ يا دۇچ كېلىپ قېلىشنى نەتىجىسىدە شۇنداق بولىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە سىرتتىن كەلگەن بىرەر تەسىر ۋۇجۇد (بارلىق) ئاتا قىلغان بولىدۇ.

سۆزىمىز ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ئورنىدا، بۇگۈن بىز بىلەلمەيدىغان باشقا بىر شەيئىنىڭ ھازىر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. سىرتقى تەسىرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى، ئۇ شەيئىنى بۇ ماقۇلنىڭ (ئەقىلگە ئۇيغۇنلۇق) قىياپىتىدە قويمىسا، ئۇنىڭ سۇرىتىدە باشقا كىشىنى كۆرۈش ۋە بىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا چۈشەنگەنلەرنىڭ قارىشىدۇر: بۇگۈن چۈشەنگەن ھەربىر شەيئىنىڭ زىتى ۋە قارىمۇ قارشىسى توغرا بولىدۇ. مۇبادا بۇگۈن كۆرگەن شەيئىنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى يا تاسادىپىي ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالدا گۇمان قىلغان بولايلى، ئىنسان سۆزىدىن چۈشىنىلگەن شەيئىنىڭ بۇگۈن باشقا بىر شەيئى ئىكەنلىكىنى ياكى چەكسىز شەيئىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولايلى، گەرچە بۇ شەيئىلەرنىڭ ھەربىرى بىز چۈشەنگەن زاتىنىڭ تەبىئىتى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ شەيئىلەر بىلەن بۇگۈنكى ماقۇل (ئۇيغۇنلۇق، مۇۋاپىقلىق) سان جەھەتتىن شۇ بىر شەيئى بولسا ۋە ئەگەر ئۇلار بىر شەيئى بولماي كۆپلۈك بولسا ھەم دائىرىسى تۇرلۇك بولسا، بۇ ئىنسان دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بىر توپنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھاياتتا بىر يەردە كۆرۈنۈشلىرى مۇمكىن بولسا، بۇگۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن پەرقلەندۈرگۈچى سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا چەكسىز شەيئىلەرمۇ سان جەھەتتىن بىر بولىدۇ. ئەمما بىرلا ۋاقىتتا بولماي ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلغان بولسىمۇ، پۈتۈنلۈك ھالدا بىر ـ بىرىگە زىت ۋە قارىمۇ قارشى ھالەتتە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە چەكسىز ياكى چەكلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغان بولسا، بىزنىڭ قارىشىمىزدا، «ئۆزىدىن باشقىسى ياكى قارىمۇ قارشىلىقى توغرا بولمىغان شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈك ھالدا قارىمۇ قارشىسى، زىتى ياكى تاقابىل (قارشى) تۇرغۇچىسى بولىدۇ» دېيىش تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما [بىر شەيئىنىڭ] بەدىلى ياكى قارشىسىغا كەلسەك، ئۇ توغرىدىكى ھېچقانداق سۆز توغرا بولماسلىقى كېرەك بولغاندەك، سۆزلەنگەن ھەربىر سۆزنىڭمۇ راست بولۇشى ۋە كائىناتتا ھېچقانداق مەۋجۇت بولماسلىقى لازىمدۇر. چۈنكى بىر شەيئى باشقا بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتىگە كىرگەندە، بۇگۈن ئۇنىڭ سۆزىدىن مەقسەت قىلىنغان نەرسىدىن باشقىسى بولمايدۇ.

بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىر شەيئىنىڭ تەبىئىتىمۇ؟ سىزىش ئۇچۇن بىلىش ياكى چۈشىنىش ئۇچۇن ئۇنىڭ بارلىقى ئېھتىماللىق ھېسابلىنامدۇ؟ بۇگۈن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، ئەقىلغە ئۇيغۇن (ماقۇل) بولمىسا، نېمە ئىكەنلىكىنى بىز بىلمىگەن بۇ شەيئى ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن، ئۇنىڭ زىتى ياكى قارشى تۇرغۇچىسى بولۇشى مۇمكىندۇر دەپ ئويلايمىز ھەم مۇشۇنداق. بىزنىڭ قارىشىمىزدا يوق ھېسابلانغان شەيئىنىڭ يوق قىلماسلىقىمۇ مۇمكىنچىلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بۇلارغا ئوخشاش پىكىرلەر ھېكمەتنى بۇزۇپ يوققا چىقىرىدۇ. روھلاردا ئەكس ئەتكەن شەيئىلەرنى يوق قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇلار ھەقىقىي ۋە جەۋھەرلىرى ئېتىبارى بىلەن بار شەيئىلەردۇر. بارلىقلار جەۋھەر ۋە ئارەزلىرى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز ئارا زىت ۋە چەكسىز ۋۇجۇدلاردىن تەشكىل تاپىدۇ ۋە ھېچبىر شەيئىنىڭ يوق بولۇشىغا ئەسلا ئېھتىماللىق قالدۇرمايدۇ.

# ئەرەستۇ پەلسەپىسى
# (فەلسەفەتۇ ئەرىستۇتالىس)

## بىرىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئىنسان بەركامالىلىقىنى خۇددى ئەفلاتۇنغا ئوخشاش، بەزىدە كەڭرەك تەھلىل قىلىدۇ. ئەمما ئەرەستۇ ئۆزى چۈشەندۈرەلمىگەندە ياكى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئىلمىي يېقىنلىقتا ئېرىشتۈرۈشكە قادىر بولغۇدەك دەلىللەر ياردىمىدە ئاسانلاشتۇرالمىغاندا، ئەفلاتۇن (ئادەتتە) باشلايدىغان ھاللاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئاۋۋالقىلىرىدىن باشلاش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ ئارزۇ قىلىنىدىغان بولۇپ كۆرۈنگەن ۋە ۋاقىت نۇقتىئىنەزىرىدىن باشقا تىلەكلەردىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئەزگۈلۈك دەپ بىلىنىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان (ئادەملەرنىڭ) مەقسەتلىرى تۆت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار: تەن ساغلاملىقى، تۇيغۇ (ئەزالىرىنىڭ) ساغلاملىقى، تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئىدراك ئېتىشكە بولغان قابىلىيەت ساغلاملىقى (بۇ قابىلىيەت بارلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇ ساغلاملىقمۇ بولىدۇ) ئىنتىلىشكە بولغان قابىلىيەت ساغلاملىقى، (بۇ قابىلىيەت بالىقى ئۈچۈن ئەنە شۇ ساغلاملىقمۇ بولىدۇ).

بۇلارنىڭ (ھەممىسى) بىلىش زۆرۈر بولغان پايدىلىق بىلىمدۇر. زۆرۈرى پايدىلىق ۋە پائال ئىنتىلىش — بۇ ئالدى بىلەن شۇنداق ئىنتىلىشكى، ئۇنىڭدا شۇ ئىنتىلىش باشقا بىرسىنىڭ ئىنتىلىشى بىلەن قوشۇلۇپ مەزكۇر ئادەم ئۈچۈن بولىدۇ ياكى (شۇ ئىنتىلىش) مەزكۇر ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى بىلەن قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇلۇپ باشقا بىرسى ئۇچۇن بولىدۇ ۋە بۇ ئىنتىلىش بىرەر ھەرىكەت ياكى مۇلاھىزە بولامدۇ ـ يوقمۇ، بۇنىڭ پەرقى يوق. ئەگەر ئىنتىلىش ھەرىكەتنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ دەسلەپكى (بىرىنچى) ۋە پايدىلىق (ئىنتىلىش) بولىدۇ. ئەگەر ئىنتىلىش مۇلاھىزە بولسا، ئۇ ھالدا مۇلاھىزە سۈپىتىدە پايدىلىق بولىدۇ. ئەرەستۇ ئېيتىدۇكى، ئىنتىلىدىغان بۇ تۆت مەقسەت ئىنسان سالامەتلىكىنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب ھالەتلىرىدۇر. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ. (بۇرۇلۇش ياكى كامالەتكە يېتىش تەرىپىگە قاراپ.)

ئەرەستۇ يەنە ئېيتىدۇكى، ئاسمان ۋە يەردىكى تۇيغۇ بىلەن ھېس قىلىنىدىغان نەرسىلەر ۋە كۆزگە كۆرۈنىدىغان ھالەتلەرنى ھەمدە روھنىڭ ئۆزىدىكى تۇيغۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبلىرىنى بىلىشكە روھ دائىما ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. روھ يەنە روھىيەتتە پەيدا بولىدىغان باشقا غايىلەر ۋە ئەستەلىكلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى، خاھ ئۇلار مەزكۇر ئادەم روھىدا پەيدا بولۇۋاتقان بولسۇن، خاھى باشقا بىر ئادەم روھىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا (مەزكۇر ئادەمگە) مەلۇم بولغان بولسۇن، بەرىبىر بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋالقى ئەسلىنىۋاتقان مەقسەتلەر (مەجمۇئەسىگە) كىرمەيدۇ. ئۇلارنى ئىدراك ئېتىش بىلەن روھ ۋە ساغلاملىق ۋە قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇچۇن پايدا تاپمايدۇ. ئۇلاردىن روھ پەقەت بىلىمنى بىلىم سۈپىتىدىلا ئۆزلەشتۈرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان نەرسىلەردىن بىر نېمىنى بىلىپ ئالغان ئادەم شادلىق ۋە ھوزۇر تاپىدۇ.

ئەگەر ئىنسان خەيرىخاھلىق، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقتا باشقا ئادەملەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزى ۋە ئۆز روھى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت نەرسە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بولسا، ئادەم ھەقىقەتەنمۇ خەيرىخاھلىق ۋە كامالەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم سەزمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ

روھى ئۇلۇغۋار ۋە ئالىيجاناب بولىدۇ؛ ئۇ ئادەم بۇ پەزىلەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئادەم مەلۇم بىر دەرىجىدە شۇ خەيرىخاھلىقلارنى ئۇنىڭغا خەلق بەخشەندە قىلغان دەپ ئويلايدۇ ياكى ئۆزىدىكى پەزىلەتلەرنىڭ بەركامالىقى، ئۇلۇغۋارلىقى ئالقىشقا سازاۋەرلىكىگە، بولۇپمۇ كۆپچىلىك ئادەملەر ئېرىشەلمەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان خەيرىخاھلىقلارغا ئېرىشكىنىگە خەلق سەۋەبچى دەپ ئويلايدۇ.

ئەمما كۆپچىلىك يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان نەرسىلەر ۋە مەلۇماتلارنى بىلىش شەرت ئەمەس. ئىزدەلگەن مەقسەتلەرگە ئۇلارنىڭ پايدىسى تەگمەيدۇ. ئەكسىنچە ئۆزىنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى بىلەن ئارتۇقچىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار بۇ بىلىمنى ئۇلۇغۋار ۋە ئالىيجاناب دەيدۇ. ئىنسان ئىنتىلىدىغان بىلىمنى ئۇلار ئالدى بىلەن ئىككى خىلغا بۆلىدۇ: 1) ئىزدەلگەن شۇ تۆت مەقسەتتىكى ساغلاملىققا ئېرىشىشتە ئىنسان پايدا تېپىش ياكى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى ساغلاملىققا ئىگە بولۇشتا ياردەم بەرگۈچى، ئېھتىياجلىق بىلىم؛ 2) ئۆزى ھەرقانچە پايدىلىق بولسىمۇ ئارتۇقچە بولغان بىرەر نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىچە خاھلىنىدىغان بىلىم. بىلىمنى بۇنداق بۆلۈش توغرا، چۈنكى ئۇ روھلار ئارىسىدا ئالاقە ئورنىتىلىشتىن خېلى بۇرۇن روھلارنىڭ ئۆزلىرى (ئايرىم ـ ئايرىم) بىلىملەرگە ئىنتىلىشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. ئاشۇ بىلىملەردىن بىرىگە ھەرىكەتنى (ئۇنىڭ ياردىمىدە) ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىدۇ، باشقا بىلىمدىن ئۆزلىرىنى تارتىدۇ. بىلىمنىڭ بىرىنچى خىلى «ئەمەلىي»، «ئىككىنچىسى بولسا «نەزەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما ئادەملەر ئاشۇ ئىزدەلگەن تۆت مەقسەتتىن نېمىلەر پايدىلىق ئەمەسلىكىنى پەملەش ئۈچۈن بەزەن ئۆز ھېس ـ تۇيغۇلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلار سەزگۇ ـ ھېسسىيات ئارقىلىق ئىد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



راك ئېتىلگۈچى نەرسىلەرنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنى ئۆز سەزگۈلىرى ئارقىلىق ئىدراك قىلىسىمۇ، مەسىلەن: ھەيكەلتىراشلىق، نازۇك رەسىملەر، ئارامبەخش كۈيلەر، خۇشبۇي ھىدلار، نازۇك بۇيۇملارنى بىلگەندەك بىلىسىمۇ، ئۇلاردىن ئىزدەلگەن مەقسەتلەرگە (ئېرىشىش) ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى پەقەت زوق ئېلىش ئۈچۈنلا پايدىلىنىدۇ. بۇ ھالدا زوقلىنىشنىڭ مەنىسى خەيرىخاھلىقتا ئېرىشىشى، خەيرىخاھ (زوقتا) ئېرىشىش ماقۇل كۆرۈلگىنىدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ھۇزۇرغا ئېرىشمەي ھۇزۇرلىنىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا سەزگۈ - تۇيغۇ ئارقىلىق ئېرىشكەندىلا ئۇ نامايان بولىدۇ ۋە سەزمەي تۇرۇپ تۇيغۇسىز ھۇزۇر ئېلىپ بولمايدۇ. باشقا سەزگۈ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بىلىملەرمۇ شۇ يوسۇندا مەۋجۇتتۇر. بەزەن ئىنسان ئىدراك ئېتىش ۋە بىلىش ئارقىلىق زق ئالىدىغان، سەزگۈ - تۇيغۇ ئارقىلىق ئىدراك ئېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبىنى (كۆرسەتكۈچى) بىلىملەرگە نىسبەتەن بۇ بىلىملەر (يەنى، پەقەت ھېس قىلىپ ئالىدىغان بىلىملەر) تاشقى بىلىملەردۇر. ئەمما ئىنسان ئەپسانىلەر، لەتىپىلەر، ۋە خەلق رىۋايەتلىرىنى بىلىشتىنمۇ شادلىنىپ ھۇزۇر ئالىدۇ. بۇنىڭ (ھەقىقىي) قۇۋانچ ئېلىش ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق. ھېكايە قىلغۇچى، ئەپسانىلەرنى ئېيتقۇچىلار، شېئىرىيەت ۋە خەلق رىۋايەتلىرىنى ئاڭلىغۇچى، كېيىن باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگۈچىلەرگە نىسبەتەن بولغان پىكىرمۇ شۇنداق. ئادەمگە ئېيتىپ بېرىلگەن ۋە ئوقۇلغان شېئىرىيەت ئەپسەنىلەردىن پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتلار ئۇ ئالىدىغان قۇۋانىچ، ھالاۋەت ۋە ھۇزۇرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ھېسسىياتلاردۇر. ئەڭ يۈكسەك، كامالەتكە يەتكەن بىلىم (دەرىجىسىگە ئېرىشكەن ھەربىر ئىنسان ئەڭ يۈكسەك ھۇزۇرغا مالىك بولىدۇ. ئۇ روھىدا بەركامال بىلىمگە ئېرىشكەن چېغىدا ئۇنىڭدىن ئالىدىغان ھۇزۇرىمۇ تولۇق ۋە بەركامال بولىدۇ. بۇ بىلىم ۋە كامالەت

پەقەت ئۆزىچە بىلىم ۋە كامالەت بولۇپ قالىدۇ ۋە ھوزۇرنى ئىزدەلگەن تۈپكى مەقسەتتە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئاشۇ بىلىم ۋە كامالەتتىن) ئالىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئادەملەر ئۇلار-دىن پەيرىلىنىدۇ. ئىزدىلىنىدىغان تۈت مەقسەت ئۈچۈن ھوزۇر-لىنىشقا ئېرىشىش نىيىتىدە ئۇلاردىن پايدىلىنىش تاسادىپىي بىر ھالدۇر.

كېيىن ئەرەستۇنىڭ پىكرىچە زۆرۈر بولغان بۆلۈملەر خۇددى ئادەم بىلەن دۇنياغا كەلگەندەك، تۇغۇلغاندىن بېرى ئۇنىڭغا تەئەل-لۇقتۇر. ئۇلار ھېس ـ تۇيغۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەندىن كۆپرەك تەبىئەتتىن ئېھسان قىلىنىدۇ. بەزىدە ئىنسان شۇ ئىزدىلىۋاتقان مەقسەتلەرنىڭ ساغلاملىقىغا يېتىشمەك ئۈچۈن ھېس ـ تۇيغۇدىن ئالغان بىلىملىرىدىن پايدىلىنىدۇ. كېيىن ئەرەستۇ ئېيتىدۇكى، ئىنسانغا ئېرىشىلگەن بىلىملەر يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئىنسان تۇغما بىلىملەردىن پايدىلىنىشقا ئىنتىلىدۇ. ئەگەر ئۆزد-گە زۆرۈر بولغان جەھەتلەرگە چوڭقۇر نەزەر تاشلايدىغان بولسا، ئۇ ئۆزى بېجىرىش زۆرۈر ۋە موھتاجلىق ھېس قىلغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇغما بىلىملەرنىڭمۇ يېتەرلىك ئەمەس-لىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭدا ئىنسان بىلىملىرىنىڭ باشقا كۆپ تۈرلىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە تاكى ئۇلار ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمەي، ئۆگىنىپ چىقماي ھېچ ئىشقا قول ئۇرمايدۇ. ئۇ ئۆز تەشەببۇسى بىلەن دائىما باشقىلار ئۈچۈن نەپ يەتكۈزۈشنى خالايدۇ، باشقىلارنى سوئاللارغا تۇتىدۇ. ئۆزى ئويلىغان ئىشلار توغرىسىدا باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ كەشپىياتى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسى توغرىمۇ ـ يوقمۇ، بۇنى بىلگۈسى كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىملەرنى باشقۇرغۇچى تۇغما قابىلىيەت قۇۋۋىتىنىڭ كۆرسەتكۈچىدۇر. پىكىر قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش تۈپەيلى ئادەم ئۆزىدە بۇرۇندىن نامەلۇم بولغان بىلىملەرنى تاپىد-دۇ. كۆپىنچە ئۇ قايسى خۇلاسە پايدىلىق، قايسى زىيانلىق ئىكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىكىنى بىلمەي، ھەيران قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. كۆپىنچە ئۇ تەھلىل، تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە كەشپىياتى ئاۋ- ۋال ئۆزى سەزمىگەن بولسىمۇ، خاتا ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىدۇ.

ئىنسان پەنلەرگە ھەۋەس قىلىپ، ئاۋۋال ئۇنى ئۆگىنىپ، تەھلىل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ بوش ۋە ئەھمىيەتسىز ئى- كەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز ئىزلىنىشلىرى سەۋەبى- لىك ھەقىقەتكە ئېلىپ بارغۇچى يولدا تۇرغان بولسا، ئۇ ئىدراك ئەتمەكچى بولغان نەرسە ھەققىدىكى كامالەت دەرىجىسى بولىدۇ. بۇ بەركامەللىق ئۆزىنىڭ ھەققانىيلىقى بىلەن ئاخىرىغا يېتىپ بارمىغان. بىر چېگرا، ئۆزىدىن كېيىن يەنە بىر چېگرىسى بار مەنزىلدۇر. ئەمەلىي پەنلەرگە ئېرىشىش جەھەتتە ئىنساننىڭ ھا- لىتى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئەرەستۇ ئەمەلىي پەنلەرگە ئېرىشىشنىڭ ئۈچ ئۇسۇلى بار دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار: 1) ھېس ـ سەزگۇ ياردىمىدە؛ 2) سەزگۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىلىملەردىن مىقدار جەھەتتىن كۆپرەك بولغان بىرىنچى (تۇغما) بىلىم ياردىمىدە؛ 3) تەھلىل، تەكشۈرۈشلەر ياردىمىدە نەزەرىيە پەنلىرىدە شۇلار بار. ئېرىششنىڭ ئۈچ ئۇسۇلىغا ئىدراك قىلىش- نىڭ ئۈچ ئۇسۇلى توغرا كېلىدۇ: 1) ھېس ـ سەزگۇلەر؛ 2) ھېس ـ سەزگۇدىن ئېلىنغان بىلىم مەلۇماتىدىن كۆپرەك بولغان بىرىنچى بىلىم مەلۇماتلىرى؛ 3) تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلار. تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە ئېلىنغان بىلىملەر دەسلەپ تەكشۈرۈلمىگەن بىلىم- لەردىن ئېلىنىدۇ. ئۆگىنىپ، تەكشۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال ئۇلار ئىزدىلىۋاتقان مەقسەتتە بولىدۇ ۋە «ئىدراك ئېتىش نۇقتى- لىرى» دەپ ئاتالغانلاردۇر. پەن تەلەپ قىلغان تەرەپلەرنى ئېنىق- لاش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان دەسلەپكى مەلۇماتلار «مۇقەددىمات»

دەپ ئاتىلىدۇ. پەن تەكشۈرىدىغان نەرسىلەرنى «مەتلۇب ۋە مەقسەت» دەپ، ئۆگىنىلگەنلىرىنى بولسا، «خۇلاسات» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ نەرسىنىڭ ھەممىسى ئالدىدىن مەۋجۇتتۇر.

ئەرەستۇ ئىنسان پايدىلىق نەرسىلەر ھەققىدىكى بىلىم ھەققىدە يېتىشەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشى قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە پايدىلىق نەرسىلەردىن قايسى بىرىگە ئىنتىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلەلەمدۇ، ئىنتىلىشنىڭ چېگرىسى ۋە بۇ چېگرا ئېنىقلانغانمۇ، نەتىجىسى بارمۇ - يوقمۇ، ئۇنىڭغا نامەلۇمدۇر. ئەمما بىز ئىنساننىڭ ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن ئىزدەنگۈچى مەقسەتلىرىنىڭ ساغلاملىقتا ئېرىشىشكە ئىنتىلىشلىرىنى بىلىمىز. ئەگەر ئىنسان ئېنىق بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىلەردىن قايسى بىرى كېرەكلىكىنى، كۆرۈپ ئۆتۈلگەن تۆت مەقسەتتىن قايسى بىرى زۆرۈرلىكىنى ئېنىقلاشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرسە، ئۇنىڭدا مەسىلەن: تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا، ھېس - سەزگۇ ساغلاملىقى بەدەن ساغلاملىقىغا باغلىقمۇ - ئەمەسمۇ؟ ياكى بەدەن ساغلاملىقىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ھېس - سەزگۇ ساغلاملىقى زۆرۈرمۇ ۋە ھېس - سەزگۇ تۇيەيلىدىن بەدەن ساغلاملىقى بەرقارارمۇ - ئەمەسمۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايرىم بىر پايدىلىق نەرسىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن كېرەكمۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەشكە ئەھدى قىلغىنىدا ئۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى.

ئەگەر سەزگۈلەر مەقسەتنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلاردىن بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىش كېرەك بولماس ئىدى، چۈنكى بەدەننى ھېس - سەزگۈلەرنىڭ ھەممىسىنى تەمىنلىگۈچى بىر ئۇسكۇنە ياكى ۋاستىچى، يا بولمىسا ئەشيا دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. بەدەن ساغلاملىقى ۋە ئىنتىلىشلەر قۇۋۋىتى ساغلاملىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىنسانغا خاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قابىلىيەت ۋە ئىنتىلىشلەر قۇۋۋىتى ھېس ـ سەزگۈلەر ساغلاملىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بار بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بەزەن سەزگۈلەر تەسىرى ۋە شۇ ھېس ـ سەزگۈلەر سەۋەبلىك بولىدىغان ئىنسان ئىستىكى ۋە ئەمەلىي مەقسەتنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خۇلاسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش مۇمكىن. ئەمما بىلىمىزكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ بەدىنىمىز ۋە باشقا بارچە نەرسىلەرنى ساغلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بەرگۈچى نەرسىگە ئېرىشىش نىيىتىدە ئۆز ھېس ـ تۇيغۇ، سەزگۈلىرىمىزدىن پايدىلىنىمىز ياكى ئۇلاردىن بىرى (يەنى ھېس ـ سەزگۇ)، باشقا بىرى (يەنە بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش) ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر، دەپ ھېسابلايمىز. شۇنداق قىلىپ ئايلىنىۋېرىدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلىرى ئۈچۈن ۋە باشقىلىرى تۈپەيلىدىن مەۋجۇتتۇر.

ئىنسان مەقسەتكە يېتىپ بارماسلىق ياكى مەقسىتى بولمىغان نەرسە ئالدىغا يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ مەلۇم بىر مەقسىتى بولۇشى ئۈچۈن ھەقىقەتكە يېتىشنى خالايدۇ. ئۆزىنىڭ روھى تەبىئەتتىن بەدەن ساغلاملىقى ۋە روھ ـ تۇيغۇ ساغلاملىقىغا باغلىقلىقىنى ۋە ساغلاملىقىنىڭ بۇ ھالەتلىرى ئىسپات تەلەپ قىلىشنى كىشىلەر چۈشىنىدۇ. ئۆزلىرى ھەققىدە ئەۋۋەلەن تۇگەل بىلىم بەرمەيدىغان، ئەمما بۇ بىلىمنىڭ ئەرزىمەس ئۆلۈشمنى بەرگۈچى نەرسىلەرنىڭ بار بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئېيتىش مۇمكىنكى، ئىنسان كامالەتكە ئېرىشىشكە يا تەبىئەتتىن ياكى ئىستەك ۋە سۇباتى بىلەن ئىنتىلىدۇ.

ئەمما بەدەن ساغلاملىقى ۋە ھېس ـ سەزگۇ ساغلاملىقىدىن ئېلىنىدىغان نەرسە ئادەمنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئېرىشىدىغان (نەرسىلەرگە) ئوخشايدۇ. بەدەن ساغلاملىقى ۋە ھېس ـ سەزگۇ ساغلاملىقىنىڭ قىسقىرىشى بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنىڭ قىسقىرىشىغا ئوخشىسا كېرەك. بەزىدە بەدەن

ساغلاملىقى باشقا بىر مەقسەتكە قارىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ھالدا ھېس ـ تۇيغۇ ساغلاملىقى، بەدەن ساغلاملىقىغا شەرت ـ شارائىت ياراتقۇچى، شۇ ساغلاملىققا ئېرىشىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان مەقسەتكە ئاساس بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئىنسان بەدەن ۋە ھېس ـ سەزگۇ ساغلاملىقلىرىنى، ئاشۇ ھېس ـ سەزەۋ ۋە بەدەن ساغلاملىقىنى تەمىنلىگۈچى پەرق ئېتىش كۈچى ساغلاملىقىنى چېگرىلەيدىغان بولسا، ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. كېيىن ئۇ بەدەن ساغلاملىقى ھالىتى ياخشىمۇ ياكى ھېس ـ تۇيغۇ ساغلاملىقى ھالىتى ياخشىمۇ، دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى. گەرچە كۆپچىلىك ئېيتقىنىدەك ئەڭ ئەۋزىلى ھېس ـ سەزگۇ، تۇيغۇ ساغلاملىقى بولسىمۇ، كېيىن ئۇ ئىنساننىڭ پەرق ئېتىش كۈچى ياخشىمۇ ياكى ئىنتىلىش كۈچى ياخشىمۇ دەپ ئويلاشقا چۈشەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىش ناھايىتى مۇشكۇل ئىشتۇر.

تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ئىنسان مۇلاھىزە قىلىپ چۈشىنىشى بەك قىيىن. ئەگەردە ئىزلىنىۋاتقان مەقسەتلەردىن ئەڭ زۆرۈرلىرى چەكلىنىپ قويۇلسا ياكى ئۇلارنى كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزۈلسە، بۇ ئىستەك ـ خاھىشلاردا ھەممىسىدىن ئۈتۈپ كېتىدىغان ۋە ئىنسانغا خاس بولمايدىغان نەرسىنى ئۇنىڭ روھى خاھلامدۇ ياكى ئۇنىڭ روھى ھەربىر ئىزدىلىۋاتقان مەقسەتلەردىن ھەربىرىنىڭ بەشەرىيات ئۈچۈن بەركامال ۋە ئىنسانغا خاس بولغان ئەڭ ياخشى ھالىتىگە ئىنتىلەمدۇ؟

روھىي ھەقىقەتلەرگە ئېرىشىشتە نېمىلەرگە ئىنتىلىشنى، روھىيەتتە نېمىلەر پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى، كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئاساسلىرىنى، ماھىيىتىنى بىلىشتە، بۇ ئاددىي ئىنسانىي بىلىمگە ئېرىشىشكە بولغان ئىنتىلىش ياكى نە پەنگە، نە ئادەمگە تەئەللۇق بولمىغان ھەددىدىن تاشقىرى خاھىشمۇ ياكى شۇ ئىزدىلىۋاتقان تۆت مەقسەتكە ئائىت بولغان، ھەقىقەتەنمۇ چىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنسانىي خاھىشمۇ؟ مۇنداق مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشتا، ئىنسان كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

ئاشۇ ئىنسانغا خاس، ئىزدىلىۋاتقان تۆت مەقسەت ھايۋانلارغىمۇ تەئەللۇقتۇر. چۈنكى ھەربىر ھايۋاننىڭمۇ بەدىنى، ھېس - سەزگۈسى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار ۋە شۇلار سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە ھېس - سەزگۈسىنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئەمما ھايۋاندىن ھېس - سەزگۇ ئارقىلىق ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلىشكە ۋە يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ (مەۋجۇتلۇقى) سەۋەبلىرىنى بىلىشكە بولغان ئىنتىلىش يوق. مەۋجۇتلۇقى سەۋەبلىرىنى بىلىشكە بولغان ئىنتىلىش پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەرگە ھايۋان ھېچ بىر ھەيران قالمايدۇ.

تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى مۇلاھىزە قىلغاندىمۇ ئىنسان كۆپ قىيىنىلىدۇ. ئىنساننىڭ بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ ئەگەر ساپ ئىنسانىي سۈپەت بولمىسا، ئىنساننى ھەقىقەت تەرەپكە ياشىغۇچى بىلىش، ئىدراك ئېتىشكە بولغان ئىنتىلىش قابىلىيىتى ۋە بىرىنچى دەسلەپكى بىلىملەر ئۇنىڭغا نېمىشقا بېرىلگەن؟ بەلكى بۇلار پەقەت ئادەمزاتقا خاس خىسلەتتۇر.

ئېھتىمال، ئادەمزات ئىچىدىن بەزى ئادەملەر يا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيەتلىرى ياكى تاسادىپ كۈچى تۈپەيلىدىن بىلىملىرى بىلەن ئەڭ بەركامال ئىنسان بولالىسا كېرەك. بەلكى بىلىش، ئىنسان ماھىيىتى ياكى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ تەسىرلىرىدىن بىرىدۇر. ئەگەردە بىلىش — ئىنسان ماھىيىتى تەسىرلىرىدىن بىرى بولسا، ئۇنىڭ ماھىيىتى، بۇ تەسىر (ھەرىكەت) يۈز بېرىۋاتقان چاغدا ئەڭ يۈكسەك بەركاماللىققا ئېرىشىشكە بولغان ئىنتىلىش ئىچىدە پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ تەسىرى (ھەرىكىتىدىن) ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاشۇ تەسىرىدىن (ھەرىكەتنى) پەيدا قىلغۇچى نەرسىنىڭ ئۆزى نېمە؟ ئۇنىڭغا

ئىزلىگۈچى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ئۇ ئىزدىلىۋاتقان مەقسەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ بۇنى بىلىۋېلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھەقىقەتەنمۇ ئادەملەر زۆرۈرىيەت ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياج سەزگەن ھالەتلەرنى بىلىشكە، ئىدراك ئېتىشكە ئىنتىلىدۇ. نەرسىلەرنى ئىدراك ئېتىش بىلىش ئۈچۈن زۆرۈرىيەت تۇغۇلماي تۇرۇپ، بىلىم خەيرلىك بولمايدۇ. يەنە بىلىم سۈپىتىنىڭ دەرىجىسى زۆرۈر بولغان دەرىجىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىنسان ئىنتىلىۋاتقان نەرسە ھەددىدىن زىيادىمۇ — ئەمەسمۇ؟ ئىنسانغا تەبىئەتتىن خاس بولغان بۇ ھەددىدىن زىيادە خاھىشنى چېگرىلاش ۋە بېسىپ تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇمۇمەن يوقىتىش زۆرۈرمۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى مۇلاھىزە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇلار بويىچە كۆپتىن - كۆپ تۈرلۈك پىكىرلەر مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ھەيرەتكە سالىدىغان مەسىلىلەردۇر، تۈرلۈك پىكىرلەر مەۋجۇت بولغان مۇلاھىزە ماۋزۇلىرىدۇر.

ئادەم ئەگەر بۇلاردىن (تۈرلۈك پىكىرلەردىن) بىرەرسىنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولسا، بۇ ئىشنى ئۇ يا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ياكى باشقا بىرىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۈرلۈك پىكىرلەر كۆپ. لېكىن ئۇنىڭغا خاس تۇرمۇش، ھايات كەچۈرۈش سۈپىتىنى چېگرىلاپ قويۇلامدۇ؟

ئەگەر ئادەم، بەدەن ۋە ھېس - سەزگۈ ساغلاملىقى، تەبىئەت ئېھسانى بولغان پەرق ئېتىش، بىلىش قابىلىيىتى ھەمدە ئەركىن تاللاشقا بولغان نىيەت ۋە قابىلىيەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىنسانغا تەبىئەت تەرىپىدىن، ھايۋانات، تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىكى باشقا نەرسىلەرگە بېرىلگەن قابىلىيەتلەر، بەدەن ۋە ھېس - سەزگۈ ساغلاملىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ - ئەمەسمۇ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

ئەگەر نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش مەقسەت بولسا، تەبىئەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېلىنغان قابىلىيەتلەر بىلەن ۋە ھېس ـ سەزگۇ ساغلاملىقىغا ئېرىشىش ئۇچۇن يېتەرلىك بولسا، ئۇ چاغدا نېمىشقا ئىنسانغا نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش (ئىمكانىيىتى) ئاتا قىلىنغان؟ بەلكى نىيەت ۋە ئەركىن تاللاشنى تەبىئەت ھەددىدىن ئارتۇق بەرگەندۇر. ئۇنداقتا ئۇنى چېگرىلاپ قويۇش كېرەك بولىدۇ. ئەمما تەبىئەت ئاتا قىلغان نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش (ئىمكانىيىتىنى) قانداق چېگرىلاش مۇمكىن؟ ئەگەر نىيەت (خاھىش)، ئەركىن تاللاش ئادەمگە خاس بولسا، ئۇلار تەبىئەت بەرگەن بەدەن ۋە ھېس ـ سەزگۇ ساغلاملىقىغا ئېرىشىشكە خىزمەت قىلامدۇ؟ ياكى ئىنسانغا تەبىئەتتىن خاس بولغان نەرسە نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش تۇپەيلىدىن ئىنساندا مەۋجۇت بولغان نەرسە ئۇچۇن خىزمەت قىلارمۇ؟ ياكى تۇغما ئادەت ۋە نىيەت بىللە ئىنسان باشقا بىر نەرسىگە رىئايە قىلىش ئۇچۇن خىزمەت قىلارمۇ؟ ئىنسان ئېرىشكەن ئەڭ يۇكسەك كامالەت، تەبىئەت ئاتا قىلغان كامالەت دەرىجىسىنىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدىكى كامالەت ئەمەسمۇ؟ ئىنسان ئېرىشكەن بەركامالliق، نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش نەتىجىسىمۇ ياكى ئۇلار ۋە يەنە تۇغما كامالەتلىكمۇ ياكى بۇ بەركامالliق باشقا بىر ئالاھىدە سۈپەتتە نامايان بولامدۇ؟

قىسقىسى، ئىنساننىڭ ئەڭ يۇكسەك بەركامالliقى بولغان مەقسەتنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇ ئەڭ يۇكسەك بەركامالliق ئىنساني ماھىيەتمۇ ياكى ئىنسان ئەسلى ماھىيەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان تەسىر (ھەرىكەت) مۇ؟ بۇنى ئېنىقلاش زۆرۈر. ئاشۇ ئەڭ يۇكسەك بەركامالliق ئىنسانغا تەبىئەت ئاتا قىلغان نەرسىمۇ ياكى تەبىئەتتىن ئېلىنغان ماددا (ماتېرىيە) بۇ بەركامالliق ئۇچۇن ئاساس ۋە مەنبەنى تەييارلاپ بېرەمدۇ ۋە ئۇلارنى (ئاساس، مەنبەلەرنى) ئىنسان ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى ۋاسىتىسىدە ئەنە شۇ ئەڭ يۇكسەك بەركامالliققا ئېرىشىش ئۇچۇن پايدىلىنامدۇ؟

ئادەمنىڭ بەدەن ۋە ھېس - سەزگۈ ساغلاملىقى ئۇنىڭ (ئادەمنىڭ) ماھىيىتىنى بەلگىلىگۈچى نەرسىنىڭ ساغلاملىقىمۇ ياكى ئۇلار (بەدەن ۋە ھېس - تۇيغۇ ساغلاملىقى) نۇقسانلىرىدىن ئىبارەتمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى بارچە ھايۋانلارغا تەئەللۇق بولغىنى ئۈچۈن بەدەن ۋە ھېس - تۇيغۇ ساغلاملىقى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىچە ماھىيەت كەسىپ قىلىشىغا تەييارلىق ۋە مەنبە بولۇپ قالىدۇ.

ئىنسان نەرسىلەر، بۇيۇملارنى بىلگەنلىكى سەۋەبلىك ئىنتىلىۋاتقىنى ھەمدە شۇ بىلىمگە ئىگە بولۇشى يولىدا پەقەت ھەقىقەتنى بىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشى ئىنساننىڭ ماھىيەت كەسىپ قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان بەركاماللىق ئۈچۈن پايدا كەلتۈرەمدۇ ياكى ھەقىقەتنى بىلىش ئىنسان ماھىيىتىنىڭ تەسىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئىنسانىي ماھىيەت بەركاماللىقتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەمدۇ؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈنمۇ ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك بەركاماللىقى قانداق، ئادەمنىڭ ماھىيەت كەسىپ قىلىشىغا ۋە ئەنە شۇ ئەڭ يۈكسەك بەركاماللىققا ئېرىشىشكە ئۇنىڭ (ماھىيىتىنىڭ) تەسىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىشقا ئادەم مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى، ئىنسانىيلىقى نېمىدە ئىكەنلىكىنى، بۇلارنى بىلىشكە ئىنتىلىش ئۈچۈن (ئەگەر شۇنداق ئىنتىلىش بولسا) ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى نېمىشقا يارىتىلغان ۋە نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالمىسا، ئىدراك ئەتمىسە، ئۇ چاغدا قانداق مەقسەتكە ئىنتىلىش زۆرۈرلۈكى مەۋھۇم (خىيالەن) بولۇپ قالىدۇ.

ئەرەستۇ ھەقىقىي ئىنسانىي پائالىيەت بولغان پائالىيەت (ھەرىكەت)، ئەگەر ئىنساننىڭ كائىناتتا يېتىلىشى سەۋەبى بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غان مەقسەت ئېنىق مەلۇم بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسان ئۆزىنىڭ (كائىناتنىڭ) بىر قىسمى ئىكەنلىكى ۋە شۇ كائىنات بىلەن بىر ئومۇمىيلىقنى تەشكىل قىلىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىشنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر توقۇمىچى، كاسىپ ۋە شەھەر پۇقراسىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمىسە، مەقسەت ۋە مەنپەئەت دەرىجىسى مەۋھۇم بولسا، ھەربىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم مەقسەتلىرىمۇ نامەلۇم بولىدۇ. بۇ خۇددى ئەگەر بۆلەكلەردىن ئىبارەت ئومۇمىيەتنىڭ مەقسىتى نامەلۇم بولسا، ئۇنىڭ بىر بۆلۈمىنىڭ مەقسىتىنى ئېنىقلاپ بولمىغانلىققا ئوخشايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى بەدەندىكى باشقا ئەزالار ئارىسىدا قولنىڭ ماھىيىتى، مەقسەت ۋە پائالىيىتى نامەلۇم قالار ئىكەن، بىر بارماقنىڭمۇ ماھىيىتى، مەقسەت ۋە پائالىيىتى نامەلۇم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىز ئاۋۋال پۈتۈن ۋۇجۇدنىڭ ئاخىرقى، ئەڭ يۇكسەك مەقسىتىنى بىلىپ ئېلىشىمىز زۆرۈر. شۇنداق قىلىپ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئومۇملاشمىسى، ھەربىر بۆلىكىنىڭ مەقسىتى ياكى شۇ بۆلەكنىڭ ئۆزى ۋە ياكى بارچە ئومۇمىيەت ئېرىشىدىغان ئاخىرقى مەقسەتكە سەۋەب بولغۇچى مۇقەررەر، زۆرۈرى پايدىلىق بىر نەرسە بولىدۇ.

مۇقەررەر، ئىنسان كائىناتنىڭ بىر بۆلىكى (قىسمى) ئىكەن ۋە ئەگەر بىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى، پائالىيىتىنى، پايدىلىقلىقىنى (ۋە پۈتۈن بارلىققا مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى) ئېنىقلىماقچى بولساق، بىز ئاۋۋال پۈتۈن كائىناتتىن كېلىپ چىقىدىغان مەقسەتنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر بولاتتى. شۇ چاغدا بىزگە پۈتۈن كائىناتنىڭ مەقسىتى بولغان مەقسەتكە ئېرىشىشتە، شۇ كائىناتنىڭ بىر بۆلىكى بولۇشىمىز زۆرۈرلۈكى روشەن بولاتتى. ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىنى بىلىش ئۈچۈن بىز ئادەمنىڭ مەقسىتىنى (ئۇنىڭدىن پەيدا بولغۇچى مەقسەتنى) ۋە ئىنساني بەركامالدىق (نېمە ئىكەنلىكىنى) بىلىشكە ئىنتىلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز پۈتۈن كائىناتتىن كېلىپ چىقىدىغان مەقسەتنى بىلىشكە مەجبۇرمىز. ئەمما بۇنىڭغا پۈتۈن كائىناتنى تەشكىل قىلغان بارچە بۆلەكلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىز بۇ مەقسەت نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، قانداقلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ۋە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشىمىز لازىم. بۇ پۈتۈن كائىناتنى تەشكىل قىلغان بارچە نەرسىلەر يىغىندىسىغا ھەم ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكىگىمۇ تەئەللۇقتۇر.

ئىنسانغا ئىككى نەرسە خاس. ئۇنىڭ بىرى — تەبىئەتتىن ئېلىنغان، يەنە بىرى — نىيەت (خاھىش) بويىچە. ئەگەر بىز تەبىئەتتىن ئېلىنغان بەركامالللىق ۋە شۇ بەركامالللىق مەھسۇلى بولغان مەقسەت ھەققىدە بىلىشنى خالىساق، ئۇ چاغدا بىز ئاخىرقى مەقسىتى ئىنسان بولغان تەبىئەت ئومۇملاشمىسى ھەققىدە بىلىشىمىز كېرەك بولىدۇ. (ئۆز نۆۋىتىدە) ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ شۇ كائىنات مەقسەتلىرى ئومۇملاشمىسىنىڭ (تۈپ يارىلىشىدىن شۇنداق بولغان) تۇغما قىسمىدۇر. دەرھەقىقەت، ئەگەر كائىنات تەبىئەتكە تەئەللۇق بولسا ۋە ئۇنىڭ كۆپلىگەن بۆلەكلىرىمۇ تەبىئەت ئەشيالىرىغا كىرسە، ئۇ چاغدا تەبىئەتتىن كائىناتنى بىلدۇرگۈچى ھەممە نەرسە — پۈتۈن ياكى بۆلەكلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدا ئىنسانغا خاس بولغانلىرى ھەققىدە تەتقىقات، مۇلاھىزە ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئايرىم پىكىر قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇنداق تەتقىقاتنى «تەبىئىي پىكىرلەش» دەپ ئاتايدۇ. ئىنسانغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نىيەت ـ خاھىش ئارقىلىق ھەمدە نىيەت خاسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان خاس نەرسىلەر تەتقىقات، مۇلاھىزە ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى «ئىرادىگە ئاساسلانغان ئىنسانىي بىلىم» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھالەت ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەمگىمۇ تەئەللۇقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگەر ئىنسان يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى بولغان بەركامالliق ئىنسانغا پەقەت تەبىئەتتىن خاس بولغىنىدا ۋە پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدا، ئۇ چاغدا بەركامالliقا يېتىشتۇر. گۈچى پائالىيەت ۋە هايات يوسۇنى پەقەت چىن ئىنسانىي پائالىيەت، ئەزگۈ ئىشلار ۋە پائالىيەتلەر گۈزەل هايات سۈرئىتى بولار ئىدى. ئەمما ئىنساننى بۇ بەركامالliقتىن مەھرۇم قىلىدىغان هالەتلەرمۇ بار. ئۇلار ئىنسانىي بولمىغان پائالىيەتلەر ۋە هايات يوسۇنى بولۇپ، ئۇلار مەرەز، خۇنۇك ۋە يامان ئىشلار ھەمدە يامان پائالىيەتلەردۇر. بىز ئۇلاردىن قايسى بىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە قايسى بىرىدىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسانغا تەبىئەتتىن خاس بولغان بىرەر نەرسە ۋاقىتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نىيەت ۋە ئەركىن تاللاشقا ئۆتسە، ئۇ چاغدا ئاۋۋال ئۇنىڭغا تەبىئىي تەئەللۇق بولغانلىرىنى، كېيىن ئەركىن تاللاش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرگىنىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. دېمەك، ئەگەر ئىنسانغا نىيەت ۋە ئەركىن تاللاش ئارقىلىق مۇناسىۋەتتى بولغان ياكى ئۇلار (نىيەت ۋە ئەركىن تاللاشنىڭ) مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسا؛ ئۇ چاغدا دەسلەپ ئىنسانغا تەبىئىي خاس پائالىيەتنى تەھلىل قىلىش كېرەك. ئىنساننىڭ ئېرىشمىكى زۆرۈر بولغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئۇنى بىلىشى شەرت دەپ قوبۇل قىلىنغان بىلىمنى ئىلىم ئىلمەلىيەقىنىيە (ئىشەنچ ئىلمى) دەيدۇ. ئىنسانغا تەبىئىي ۋە نىيەت ئارقىلىق مەنسۇپ نەرسىلەرنى ئىلىم ئىلمەلىيەقىنىيە تەتقىق قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان ئەمەل قىلىدىغان قائىدە قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەرەستۇنىڭ پىكرىچە، ئەۋۋەلا ئىلىم ئىلمەلىيەقىنىيەنى، بۇ ئىلىمنىڭ سالمىقى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق خىللىرى بارلىقىنى، قانداق ماۋزۇلارنى ئۆگىنىشنى،

ئۇنىڭ ئىزدىنىۋاتقان بىلەن قانداق قىلىپ ۋە نېمە سەۋەبتىن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. قەيەردە ۋە قانداق قىلىپ ۋە نېمىدىن ئۇلار پەيدا بولىدۇ؟ ئىلمەلىيەقىنىيەنى تەتقىق قىلىش پەيتىدە توساقلار، قارشىلىقلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ قارشىلىقلارنىڭ ئۆزى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئىلمەلىيەقىنىيەنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق شەكىللىرى بار؟ ئۇنىڭدا ئوقۇتىدىغانلار بۇ شەكىللەرنىڭ قايسى بىرىدىن پايدىلىنىدۇ؟ ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولغانلىرىنىڭ قايسى دەرىجە ۋە تۈركۈملىرى ئىشلىتىلىدۇ؟ ئېتىقاد، ئىشەندۈرۈشنىڭ ھەمدە تەسەۋۋۇرنىڭ شەكىللىرىدىن ئوقۇتۇش مەزگىلىدە پايدىلىنامدۇ؟ ئىلمەلىيەقىنىيەنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتىنى بەخش ئەتكۈچى سەنئەت قانداق سەنئەت، ئۇ نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ سەنئەتنىڭ قانچە تۈرى بار؟ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى قانداق؟ ئۆگىنىشنىڭ باشقا ھەممە تۈرلىرى بويىچە قابىلىيەت بەرگۈچى سەنئەت نېمىلەردىن ئىبارەت؟

كېيىن ئەرەستۇ، تۈرلۈك تۈركۈم، دەرىجىدىكى ئادەملەرنى قانداق، نېمىلەرگە، بىلىملەرنىڭ قايسى تۈرلىرىگە ئۆگىتىش زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تاكى ھەربىر ئادەم ئۆزى ئىنتىلىۋاتقان مەقسەتنى ياخشى تەسەۋۋۇر قىلسۇن، كوركرانە جاھىلىيەتتە قالماي، شۇ بىلىمنى ئۆزىگە رەھنەما، دەستۇر قىلىپ ئالسۇن.

كېيىن ئۇ بەس ـ مۇنازىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان سوفىزمىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇلار نېمىلەر بىلەن ئاجرالماس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، قانچە تۈرلىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۈرلۈك سوفىزملەر تەسىرىدىن بولغان ئىنساننىڭ يامان خىسلەتلىرى ۋە ھالەتلىرى ھەققىدە مىساللار كەلتۈرىدۇ. سوفىزمنىڭ قايسى تۈرلىرى قانداق خىسلەتلەرنى تۇغدۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. كېيىن ئۇ بۇ شۇ خىسلەتلەر ۋە ھالەتلەرنىڭ بەش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلاردىن قايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جەھەتتىن ئاگاھ بولۇش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پەقەتلا «ئەسسەنئەئىي مەنتىقىيە» (مەنتىق سەنئىتى) لا سوفىزمدىن ساقلايدۇ، ئۇ روھنىڭ ئاقىل قىسمى، ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا نۇتۇق ۋە سۆھبەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى، بەس - مۇنازىرە قانداق قىلىپ سوفىزمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىدىن پايدىلىنىپ، بىرىدىن ئاگاھ بولۇش لازىملىقىنى بىلىۋالىدۇ.

ئەرەستۇنىڭ پىكرىچە، نۇرغۇن پەنلەر ئارىسىدا بىر تۈرى (فارابىي بۇ تۈرنى «ئەل - جىنس» دەيدۇ) باركى، ئۇچ خىلدا نامايان بولىدۇ. ئۇلار «مەنتىق سەنئىتى»، «تەبىئەت ھەققىدىكى پەن»، «فىزىكا ۋە نىيەتلەر ھەققىدىكى پەن» لەردۇر①. مەنتىق سەنئىتى بۇ ئىككى پەندىن ئالدىنراق ۋە يۇقىرىراق تۇرىدۇ ۋە بۇ ئىككى پەنگە ئېرىشكەن ھەربىر ئادەمنى مەنتىق سەنئىتى سىنىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئىككى پەندە، يەنى تەبىئەت ھەققىدىكى پەن، فىزىكا ۋە نىيەتلەر ھەققىدىكى پەنلەرگە كەلسەك، مەۋجۇت بولغان ئۆز جىنسلىرى بىلەن بىر خىل نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەنتىق پېنى بولسا، ئاۋۋال فىزىكا ۋە نىيەتلەر ھەققىدىكى پەنلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەر توغرىسىدا بىلىم بېرىشكە ئىنتىلىدۇ. ماددا، ماتېرىيە ۋە مەۋجۇت ئەشيالار بۇ ئۇچ پەن ئۇقتىسىنەزىرىدىن بىر جىنستىكى نەرسىلەردۇر، دېگەن قاراش بار. مەنتىق پېنى بۇ ئىككى پەندىن پېشىۋاراق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇچ پەنگە ئۆز خاراكتېرىگە ئاساسەن بارچە مەۋجۇت نەرسىلەرنى ۋە نىيەت بويىچە بارچە مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئۆز تەبىئىتىگە ماس مەۋجۇت نەرسە، تەبىئىي نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈچى پەنگە تەئەللۇق بولىدۇ. مەۋجۇتلۇقى پەقەت نىيەتكە باغلىق نەرسىلەر نىيەت ھەققىدىكى پەن تەسەۋۋۇر ۋۇپىغا كىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار

① «نىيەتلەر ھەققىدىكى سەنئەت» دېمەك ئىنسانىنىڭ ئىدراك قىلىش، بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆگەنگۈچى «ئىدراك ئېتىش، بىلىش ئىلمى» نەزەرىدە تۇتۇلىدۇ.

بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇلارغا تەبىئەتتىن ۋە نىيەت تۇپەيلى ئېرىشىلسە، بۇ ھەرئىككى پەنگە تەئەللۇق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ مۇقەددىمات بەرگۈچى نەرسىلەرنىڭ جىنس تۈرلىرىنىڭ ئىزدىلىنىدىغان مەقسىتى بار دەيدۇ ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلارغا كۆپچىلىككە مەلۇم بولغان سۆز ئىشارىتى قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىغا ھېس ـ تۇيغۇ (شۇئۇر) (گۇۋاھلىق) بېرىدۇ. ھەربىر ئەقلەن ئىدراك ئېتىلىدىغان ماھارەت بولسا، ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ بۇ خىللىرى ئون جىنىسقا — تۈرگە بۆلۈنىدۇ ۋە ئۇلار سىنىپ ـ كاتېگورىيە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار «كاتېگودىياس» ياكى «كىتاب فىلمەئقۇلات» ناملىق رىسالىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ نەرسىلەر تەبىئىي پەنلەر ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يا «ماھىيەت» نى ياكى «قانچە» لىكنى ۋە ياكى «قانداق» ۋەھاكازا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ مەنتىق سەنئىتىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى تەھلىل قىلىدۇ.

ئۇ مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ خىللىرى، نەۋئىلىرىنىڭ قانداق تەپەككۇر ئېتىلىشىنى، ئۇلاردىن مۇقەددىمات كېلىپ چىقىشىنى، بۇ مۇقەددىمات قانچە خىلغا ئۆتۈشىنى، ئۇلاردىن ئىزدىلىدىغان مەقسەتنىڭ قانداق پەيدا بولۇشىنى، مۇقەددىمات ۋە ئىزدىلىنىدىغان مەقسەتلەر قايسى ۋاقىتتا بىر ـ بىرى بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىنى ۋە ئاجرىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەربىر ئىزدەلگۈچى مەقسەت ئومۇمىيىتى بىلەن، زۆرۈرىيەتتىن ھەقىقەت ۋە يالغاننى بىلدۈرىدىغان ئىككى قارىمۇ قارشى مۇلاھىزە ئۆگىنىدىغان ماۋزۇدۇر. ئۇلار ئۆگىنىشتە بۇ ئىككى قارىمۇ قارشى مۇلاھىزىلەرنىڭ قايسى بىرى ھەقىقەتلىكى نامەلۇم بولىدۇ. ھەقىقىي بىلىم ئىزدىلىنىدۇ ۋە تەخمىن قىلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارىمۇ قارشى مۇلاھىزىلەر) ئىككى زۆرۈرىي مۇقەددىماتقا بۆلۈنىدۇ. مۇقەددىماتنىڭ ھەربىرى مەۋجۇت بولماي قالمايدۇ. مەۋجۇت بولۇپمۇ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى زۆرۈرىي مۇقەددىماتقا بۆلۈنىدۇ.

مۇمكىن مەۋجۇت ۋە مۇمكىن مەۋجۇت ئەمەس مۇقەددىماتلارنى «مۇمكىننىي ئىمكانىي مۇقەددىماتلار» دەيدۇ. ھازىر مەۋجۇت ۋە مەۋجۇت ئەمەس (نامەۋجۇت)، شۇنىڭغا ئوخشاش كېلەچەكتىمۇ مەۋجۇت بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىن بولغان مۇقەددىماتلار «ئېھتىمال بولۇشى مۇمكىن مۇقەددىماتلار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار «بارىمىننەس» ياكى «كىتابۇل - ئىبارەتۇن» ناملىق رىسالىدە يېزىلغان.

كېيىن ئۇ، مۇقەددىماتلار قانداق بىر ياقلىق قىلىنىشىنى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قانداق يېقىن بولۇشىنى ئېنىقلىغانلىقىنى، ئۇلاردىن قانداق قىلىپ مۇلاھىزە پەيدا بولىدۇ، بۇ مۇلاھىزە قانداق قىلىپ مۇقابىل (قارىمۇ قارشى) مەقسەت ئارقىلىق مۇقابىل مۇلاھىزىلەردىن بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز قىياس دەپ تەخمىن قىلغىنىمىز ھەربىر ئىزدىلىدىغان نەرسىنى قانداق قىلىپ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى دېيىشىمىز مۇمكىن؟ ھەقىقەت مەنتىقە جەھەتتە شۇ قىياستىن ئاشۇ ئىزدىلىۋاتقان نەرسە ۋاستىسىدە كېلىپ چىقىدۇ؟ ئەگەر مۇلاھىزە بىز ئۈچۈن تەخمىنىي بولسا، ئۇ چاغدا بۇ مۇلاھىزە، مۇلاھىزىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىزدىلىنىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرغۇچى ھەقىقىي ئىزدىلىنىدىغان (نەرسىنى) مەنتىقىي جەھەتتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇلاھىزىمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەننى قانداق تەكشۈرۈشىمىز مۇمكىن بولىدۇ؟ ئەرەستۇ پىكىر قىلىش شەكلىنى تەكشۈرۈش ئۆز ماۋزۇسى بولغان مەنتىق سەنئىتى تەرىقىتىدىن بىرىنىڭ ئۇسۇللىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ روھىيەتتە پىكىر، ھەقىقىي ۋە ساختا بولماي تۇرۇپ ۋە يەنە ئەگەر ئەلۋەتتە ھەقىقىي ياكى ساختا بولسا،

قانداق پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن «كىتابۇل ئىبارەتۇن» رىسالىسىدە تەكىتلەپ ئۆتۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەستۇ، ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ھەربىر سەنئەتتىكى ھەربىر سۆھبەت ـ دىئالوگ، شۇ قاتارلىق بەس ـ مۇنازىرىدە پايدىلىنىلمايدىغان سۆھبەتنىڭ ھەربىر تۈرى، يا ئوقۇتۇشتا ياكى سوفىستىك (سوفىستانىتسىيە) دە ۋە ئوقۇتۇشنى قوبۇل قىلالمىغاندا ئېرىشىلىدىغان مەقسەتكە سەۋەب بولۇشىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇنانچە «ئانالىستىكا»، ئەرەبچە «كىتاب فىلقىياس» ناملىق رىسالىدە ئەكس ئەتكەن.

ئەرەستۇ ئومۇمەن ئالغاندا بىلىمنىڭ نېمىلىكىنى، ئىلمىي پەقىنىيەنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ خىللىرى قانچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، ئەرەستۇ ئىلمىي يەقىنىيە، نەرسىنىڭ، بۇيۇمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە نەرسە زاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبلىك مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ھەمدە بۇ بىلىم نەچچە خىلغا بۆلۈنۈشى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۇ بىلىمنىڭ ئۆزى نېمە، ئۇ نېمىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇ نېمە ئۈچۈن زۆرۈر دېگەن ئۈچ ھالنى ساناپ ئۆتىدۇ.

ئەرەستۇ ئىلمىي يەقىنىيەنىڭ بىرى مەۋجۇت بولغان مۇقەددىماتلار قانداق بولۇشى كېرەك، ئۇشبۇ ئىزلىنىدىغان ۋە مۇقەددىماتلارنى مۇجەسسەم قىلغۇچى ماددىلار ۋە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ئۆزى نېمىلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھالەتلىرى خۇددى شۇ ھالەت، شەرت ـ شارائىتلىرى خۇددى شۇ شەرت ـ شارائىت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلار مۇمكىن مەۋجۇت ۋە مۇمكىن مەۋجۇت ئەمەس زۆرۈرى مۇقەددىماتلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ماددىلار بېرىپ مۇجەسسەم بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىمكانىي (ئېھتىمالى) ۋە مۇمكىنىي مۇقەددىماتلار ئارقىلىق ئىلمىي يەقىنىيەگە ئېرىشىپ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەرسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەييارلايدىغان مۇقەددىماتلار ئۇلاردىن نەرسىنىڭ بارلىق سەۋەبلە-رى ھەققىدە ياكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى بىلىمنى ئالغان-لىقىمىز ئۈچۈن ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئۇ-نىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى بىلىمنى ئالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئوقۇ-تۇشنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە نەرسىنىڭ «مەۋجۇدىيىتى سەۋەبلىرى» ياكى «نەرسىنىڭ مەۋجۇدىيەت ئاساسى» دەپ ئاتىلى-دۇ.

ئۇ يەنە ئىزدىنىشۋاتقاندا بۇ ماددىلارنىڭ قايسى خىللىرى ۋە ئىلمىي يەقىنىيەنىڭ قايسى خىللىرى بارلىقىنى ۋە زۆرۈرىي مەۋ-جۇت نەرسىلەرنىڭ بىرەر خىلىدا ئىلمەلىيەقىنىيەنىڭ ھەر قانداق خىلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىپتىپ ئۆتىدۇ. ئەگەر نەرسىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئاساس ۋە سەۋەبلەرگە ئىگە بولمىسا، شۇ نەرسىنىڭ نىمىشقا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىلمەلىيەقىنىيەگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەمما نەرسىنىڭ مەۋجۇدىيىتى بار ئىكەن، ئىلمەلىيەقىنىيەگە يېتىشسە بولىدۇ.

ئەرەستۇ ئىلمەلىيەقىنىيەنى ئۆزىگە ماكان قىلىنۋالغان بۇ ماد-دىلار ۋە مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئۆگەنگۈچى سەنئەتنىڭ ماھىيىتى-نى، ئۇنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئىلمىي يەقىنىيەگە ئېرىشىشكە ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان، مەۋ-جۇت نەرسىلەرنى ئۆزىدە ماكان قىلدۇرغان زۆرۈرىي مۇقەددىمات-لار بىلەن، زۆرۈرىي ۋە ئىمكانىي (ئېھتىمالىي) مۇقەددىماتلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا ۋاستە بولغان ماددىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى (ماددىلارنى) تەھلىل قىلغۇچى سەنئەتلەرنىڭ ئوتتۇرى-سىدىكى پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەستۇ بۇ سەنئەتنى «فەلسەفە» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرەستۇ پەلسەپە دەپ ئاتالغان بۇ سەنئەتتىن تاشقىرى باشقا سەنئەتلەرمۇ بار ۋە ھەربىر شۇ سەنئەتكە (پەلسەپەگە) تەقلىد قىلغۇچى ھەمدە بىلىملەرنى، ئەمەللەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى

قوبۇل قىلغان باشقا سەنئەت ھەم پەلسەپە سەنئىتىگە ئوخشاشلىقى سەۋەبلىك پەلسەپە دېيىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خۇددى پەرىشتە ئىسمىلىك ئادەم ياكى پەزىلەتلىك ئادەم ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن پەرىشتىگە ياكى پەزىلەتلىك ئادەمگە ئوخشاشنى خاھلىغانلىقىدەك ئىش. ئىنسانىنىڭ ئۆز زاتىغا (ماھىيىتىگە) ۋە پائالىيىتىگە بولغان مۇناسىۋىتى پەزىلەتنىڭ ئۆز ئەسلى ماھىيىـ ـتىگە ۋە ئەمەللىرىگە (پائالىيىتىگە) مۇناسىۋىتى سۈپىتىدە كۆـ رۈلگىنى ئۈچۈن ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا سەنئەتلەر ئارىسىدا پەلسەپىمۇ ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاشۇ سەنئەتكە ئوخشاشلىقى نۇقتىئىنەزىرىدىن ۋە ئۇـ نىڭ ھەققىدە شۇ سەنئەت سۈپىتىدە قانداق پىكىردە بولۇنسا، شۇ دەرىجىدە ئاتىلىدۇ.

ئەرەستۇ بۇ سەنئەتنىڭ قانچە بۆلۈم ۋە خىللىرى بارلىقىنى، ھەربىر خىلى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ماھىـ يىتىنى، ئۇنىڭ ھەربىر خىلى ماددىلار ۋە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ قايسى خىللىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن (پەلسەپە بىلەن) مەخسۇس باغلىق ئىزلىنىدىغان مەقسەتلىرى قانداق ئۇنىڭ مۇقەدـ دىماتلىرى قانداق، ئىزدىلىنىدىغانلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىماتى ئىلگىرى قانداق بولۇشى كېرەك ئىدى، بۇ سەنئەتنىڭ ھەربىر خىلىدىن پەيدا بولىدىغان ئىزلىنىدىغاننى تەتقىق قىلىشنىڭ قانـ داق ئۇسۇللىرى بار، دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەربىر نەزەرىي سەنئەتكە ئۇنىڭ بىلەن مەخسۇس باغلانغان ماۋزۇدا ئىزدىـ لىنىدىغان مەقسەتلەر ۋە مۇقەددىماتى ئاۋۋال ماس كېلىدۇ. بۇلاـ رنى ئۇ «پەلسەپە» دەپ ئاتالغۇچى نەزەرىي سەنئەتلەرنىڭ ھەربىرى مىسالىدا چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ نەزەرىي سەنئەتلەرنىڭ ھەممە خىللىرىنىڭ قانداق تەرتىپتە بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرىـ نى، ئۇلاردىن قايسى بىرى كۆپرەك، قايسى بىرى كەمرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



راۋاجلانغانلىقىنى قايسىلىرى باشقىلىرىدىن پەسرەك تونۇشنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا باشقىلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك راۋاج تاپقان سەنئەت بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ بۇنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ بىر سەنئەتنىڭ باشقىدىن قانچىلىك تۆۋەن تونۇشنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە كۆپرەك راۋاجلانغان دەپ، ئالدىن ئېيتىلغان سەنئەت «پەلسەپە» ۋە «بىلىم»، «ئىلىم» دېگەن ئۇنۋانغا ئەڭ لايىق سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنى ئادەتتە مۇتلەق مەنەدە «پەلسەپە» ۋە «بىلىم» دەپ ئېيتىدۇ ياكى يەنە «پەلسەپەلەر پەلسەپىسى»، «بىلىملەر بىلىمى» دەيدۇ.

كېيىن ئۇ، سەنئەتتە ئىزدىلىنىدىغاننى تېپىش ئۈچۈن «مۇقەددىماتى ئەۋۋەل» دىن قانداق پايدىلىنىشنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ نەزەرىيىۋى سۆھبەت — بەھس (خىۋەرۇن نەزەردىيىۇن) قانداق ئۆتكۈزۈلۈشىنى، ئۇنىڭ قانچە خىلى بارلىقىنى، سۆھبەت ـ بەھس خىللىرىنىڭ نەزەرىي سەنئەتلەرنىڭ بىرەر خىلىغا خاس ھەربىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى، ئوقۇتۇش، تەلىم بېرىشنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قانچە خىلى بارلىقىنى، ئوقۇتۇش نېمە بىلەن باغلىق، ئوقۇتۇشنىڭ قايسى خىلى نەزەرىي سەنئەتلەرنىڭ قايسى خىلىغا بىۋاستە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ ئۇشبۇ سەنئەتكە قابىلىيەت كەسىپ ئېتىش ئۈچۈن ئىنسان ئوقۇتۇش — ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ سەنئەتنى ئىگىلەش ياكى بۇ سەنئەتنى پۇختىلاش ئۈچۈن ئىنسان قانداق تەبىئىي روھىي قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك؟ تەبىئەتتىن ئېلىنىدىغان روھىي قابىلىيەتنىڭ ئۆزى قانچە؟ كىمكى تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولمىسا، ئۇ ئۇشبۇ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. چۈنكى بۇ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ھەممە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەشكە قابىلىيەت بەرمەيدۇ. ئەگەر ھە-

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولسا، ئۇ چاغدا سەنئەت بىلەن بىرلىكتە ئىنسان ھالىتىنى ياخشىلايدىغان نەرسىلەرنى، ئۇنىڭ ئىرادىگە ئاساسلانغان تەبىئەتتىن بېرىلگەن خىسلەتلىرىنى باشقا بىر ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە بىلىمنىڭ باشقا خىلىغا ئاساسلىنىپ بىلىۋېلىش كېرەك بولىدۇ. ھەممە ئادەملەرمۇ ھەقىقەتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشكە قادىر. ئۇلار تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۆز روھىيەتلىرىدە ھەرخىل بىلىملەرنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. تەبىئىي تۇغما خىسلەتلىرى ۋە قابىلىيەتلىرى بارلار شۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگىنىدەك ھەقىقەتەن ئالاھىدە ئادەملەردۇر. ئالاھىدە قابىلىيىتى بولمىغان ئادەم ھەقىقەتەن ئاددىي ئادەمدۇر. يۇقىرىدىكىلەر ھەممىسى «ئىككىنچى ئانالىتىكا» (كىتاب قىلىبۇرخان) رىسالىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، باشقا بىر سەنئەت ھەققىدە توختىلىدۇ. بۇ سەنئەت سەۋەبىدىن ئىنسان ھەر قانداق ئىزلىنىدىغان مەقسەت ھەققىدە ئېھتىمالىي ئاخبارات بەرگۈچى ھەربىر قىياس (سىللوگىزىم) نى تېزلىك بىلەن ئېلىش قابىلىيىتىگە ئېرىشىش بويىچە مەشىق قىلىدۇ. بۇ سەنئەت مەۋجۇت بولغان بارچە نەزەرىيىۋى سەنئەتلەرنىڭ ھەر قاندىقى بىلەن ماس كېلىدۇ. تەتقىقاتچى بۇ قىياسلاردىن تاپقان نەرسە يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن كىتابتا ئەرەستۇ ئېيتىپ ئۆتكەن ئىلمىي قانۇنلارنى تېپىشقا قانداقتۇ تەييارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشى زۆرۈر. ئەرەستۇ ئۇلارنى (ئىلمىي قانۇنلارنى) تەكشۈرۈپ چىقىدۇ، ئۆزى ياقتۇرغانلىرىدىن پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىن نېمە پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ئاڭنىڭ باش مەنبە ئىكەنلىكىنى ئاۋۋالدىن باشلاپ تەھلىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئوي - پىكىرلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلار ياردىمىدە ئىزاھلاپ بېرىدۇ. دەلىل - ئىسپاتلار تۇپەيلى ئۇ ئىزدىلىۋاتقان نەرسە ھەققىدىكى ئىلمىي يەقىنىيەگە كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن ئېرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىلمىي يەقىنىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشى تەي-يارلاشقا ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلىي سەنئەت قابى-لىيىتىگە زۆرۈرىيەت سېزىدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆز تەتقىقاتلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرىدە پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولغان ھەممە قانۇنلار ھەق-قىدە بايان قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆزى ۋە روھىيىتى ئارىسىدا بولغاننى تەتقىق قىلىش ۋاقتىدا، بەزىلىرىدىن ئۆزى ۋە باشقا ئادەم ئارىسىدا بولغاننى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. بۇ سەنئەت ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە باشقا بىرسى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تېزلا قىياس (سىللو-گىزم) لارنى تېپىش قابىلىيىتىگە ئېرىشىشكە تەييارلىق كۆرۈش-تە بىر ۋاستە بولىدۇ. بۇنداق تەييارلىق ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ سەنئەتتىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىيىتى ئارىسىدىكى ھالەتنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قابىلىيىتىنى بېرىدۇ.

ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىيىتى ئارىسىدىكى ھالەتنى تەتقىق قىلىشتا ئىنسان ئۆز قابىلىيىتىدىن ناھايىتى ئېھتىياتكارلىق ۋە نازاكەت بىلەن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى ئادەم ئۆزى ۋە روھىيىتى ئارىسىدىكى تەتقىق قىلىنىۋاتقان ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان چې-غىدا، ئۇنى خۇددى بىرسى كۆزىتىۋاتقانغا، تەكشۈرۈۋاتقانغا ئوخ-شايدۇ. ئەقىلنىڭ نازاكىتىنى ۋە رەھمەتكە سازاۋەر ئېھتىياتچان-لىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزى ۋە باشقا بىر ئادەم ئارىسىدىكى مەۋجۇت ھالەتنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا، سوئال ۋە جاۋاب شەكلىدە تەييارلايدۇ.

ئۇشبۇ مەشقىي، پەننى ئۆگىنىشكە تەييارلىغۇچى ۋە تەتقىق قىلغۇچى سەنئەتنى «سەنەئىي جەدەلىيە»، «دىئالېكتىكا سەنئە-تى» دەپ ئاتايدۇ. بۇلار ھەققىدە ئەرەستۇ «كىتابىي تۇبىقە» ياكى «كىتاب بۇل جەدەل» رىسالىسىدە توختىلىدۇ.

مەشقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت بىرىنچى تەتقىقات مەۋجۇت

بولغانلىقىغا سەۋەبچى سەنئەت بولغانلىقىدىن سوئال ۋە جاۋاب شەكلىدە تەتقىقاتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋاسىتە بولۇپ قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئۆزى ۋە روھىيىتى ئارىسىدىكى ھەقىقەتنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، باشقا تەرەپكە باشلىغۇچى، ئىزدىلىۋاتقان مەقسەتتىن كېلىپ چىقىدىغان ھەقىقەتكە نىسبەتەن ئاداشتۇرغۇچى بىر نەرسىنى تېپىشقا ئىشەن- چى كامىل بولمايدۇ؟ چۈنكى مەشىققە ئاساسلانغان تەتقىقات ھە- قىقەتنى ئىزدەشكە ئەزەلدىنلا ئۇندەپ كەلگەن، خالاس. ھەر ھال- دا، شۇ سەۋەبلىك ئىنسان توغرا يولدا بولىدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىت- نىڭ ئۆزىدە ئۇ، مەشىققە ئاساسلانغان سەنئەت ئۇنى دەلىللەردىن پايدىلىنالايدىغان بولۇشقا تەييارلىغانلىقا قارىغاندا كۆپرەك ئادى- شىشقا مايىل بولىدۇ. دەلىللەر قوللىنىلغاندا ئادەم ئاداشمايدۇ ياكى ئاساسەن ئاداشمايدۇ تاكى ئۇ مەشىققە ئاساسلانغان سەنئەتتىن پايدىلىنىدىكەن، (بەزىدە) ئادىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ توغرا ئۇسۇللار دەپ ھېسابلىنىدىغان دەلىللەر ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، تەتقىق ئېلىپ بارىدۇ.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننى بۇ ئۇسۇللارنى ئۆزى ۋە باشقا بىرسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت- نى، بار نەرسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان تەتقىقاتلاردا سوئال ۋە جاۋاب شەكلىدە پايدىلىنىشقا تەييارلايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئۇسۇللارنى ئوقۇتۇش — ئۆگىنىشنىڭ شەكىللىرى دەپ بولمايدۇ. ئۇ بەھس - مۇنازىرىچىلەرنىڭ بەغەرەز بو- لۇش قابىلىيەتلىرىنى نامايان قىلىش شەكىللىرى دەپ بولمايدۇ. ئۇ بەھس - مۇنازىرىچىلەرنىڭ بەغەرەز بولۇش قابىلىيەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بىر مەشىق بولۇپ، ئەگەردە بەھس - مۇنازىرىچىلەردىن بىرى باشقىسىنىڭ پىكرىنى رەت قىلالىسا، ئۇ ئىلاجىسىز قېلىپ، ئۆز مەقسىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭغا ئوخ- شاش سوفىزملارنى (قۇرۇق سەپسەتىنى) رەت قىلغۇچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىمكانىيەتلىرى خىلى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ مەشىققە ئاساسلانغان پەقەت ئۆشبۇ سەنئەتنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى ۋە باشقا بىرسى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان نەرسىنى تەتقىق قىلىشتا توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچى ھەممە نەرسىلەردىن ھەقىقەتكە ئېرىشىشكە توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە توغرا يول ھەققىدە ئالدامچى تەسەۋۋۇر بەرگۈچى بەھس ـ مۇنازىرە ھەققىدە ئاگاھ ئەتكۈچى سەنئەتنى بايان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ سەنئەتمۇ شۇ سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، باشقا بىرسىگە مەنسۇپ پىكىرنى رەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلايدىغان بىر سەنئەت بولۇپ قالىدۇ.

مەشىقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت — ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بەھسلەشكۈچى ئىككىلا تەرەپ پايدىلىنىشقا تەييارلايدىغان بولغىنى ئۈچۈن، بۇ سەنئەت ئۇنىڭ ۋاستىسىدە سوفىزم ۋە ھەقىقەتكە ئېرىشىشكە توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋە يولدىن ئازدۇرغۇچى نەرسىلەرگە شۇبھە ئويغىتىدىغان سەنئەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ سەنئەت ئۆز ۋاستىسى بىلەن باشقا بىرسىدە نامايان بولىدىغان پىكىرنى رەت قىلىشقا تەييارلايدۇ.

ئەرەستۇ ئىككى سەنئەت ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ: ئۇنىڭ بىرى — مەشىقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت سەۋەبلىك يېتىشىدىغان توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچى باشقا بىر كىم تەرىپىدىن بىلدۈرۈلىدىغان پىكىرنى ئۆز تەسىرى بىلەن رەت قىلغۇچى سەنئەتتۇر. ھەقىقەتكە ئېرىشىش ۋە مەشىققە ئاساسلانغان سەنئەتنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەشىققە ئاساسلانغان سەنئەتتىن پايدىلىنىشقا، ئاشۇ ئىنسان ۋە باشقا بىرسى ئارىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنىڭ تەتقىقاتىغا ھەمدە پۈتۈنلەي مەشىققە بېرىلىشكە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى نەرسىلەرنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان سەنئەت — ئىككىنچى سەنئەتتۇر. ئەرەستۇ ئېيتىپ ئۆتكەن، ھەييارلىققا ئاساسلانغان بۇ سەنئەت

ئۇنىڭ پىكرىچە ئادەمنى ھەمدە باشقا بىرسى تەرىپىدىن بىلدۈرۈلى-دىغان پىكىرنى رەت قىلىش ۋە مەشقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت ۋاسىتىسىدىن چەتلەشتۈرگۈچى سەنئەت بولۇپ، ئۇنى ئۇ «ئەسسفستانىيە» (سوفستىكا) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسان باشقا بىرسىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئىمى-دىندۇر ئۆزلەشتۈرۈش مۇمكىن بولغان سەنئەت، مەشقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت بىلەن سوفىستانىيە سەنئىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىر سەنئەتتۇر. بۇ سەنئەتنى بىرىنچى مەقسەت پايدىسى ئۈچۈن (يەنى، ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن)، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىيىتى ئارىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ۋە باشقا بىرسى ئارىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىش-لىتىپ بولمايدۇ. ئۇ سوفىستانىيە يارىتىدىغان مەسلىھەتنى ئۆز-لەشتۈرگۈچى قابىلىيەت بولماي، بەلكى ئىنسان ئىرادىسى ئىنتى-لىدىغان نەرسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ۋە ئىنكار قىلغۇچى بىر قابىلىيەتتۇر.

بۇلار يا تەتقىقاتچىغا ياكى بەھس ـ مۇنازىرىدە غالىب كېلە-ۋاتقان تەرەپتىن ۋە ياكى شۇ يەردە بولغان فەيلاسوفتىن ئەگەر ئۇ يالغۇز بولسا ياكى پەيلاسوپلاردىن (ئۇلار بىرقانچە بولسا)، پايدىلانغۇچى باشقا ئاڭلىغۇچىلارغا تەئەللۇقتۇر. بۇ يەردە سوفىس-تىك بەھس ـ مۇنازىرە توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇ-چۈن ئاڭلىغۇچى پەقەت تاماشىچىلار ۋە جامائەت ئالدىدا سوفىيە-سىنىڭ (سوفستانىيونىنىڭ) پىكىر ـ مۇلاھىزىسى قانداق بولۇ-شىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. پەقەت كىمنىڭ ئاڭلىغۇچى جاما-ئەت ئىكەنلىكىنى ئاجرىتىپ ئېلىش زۆرۈر، دېمەكچى بولسا كې-رەك). ئۇ يا ھەقىقەت توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى بىلدۈرمەي، سۈكۈت ساقلىشى ياكى تاماشىچىلار ۋە پەيلاسوپلار ھۇزۇرىدا پىكرىنى بىلدۈرمەي سۈكۈت ساقلىشى ياكى تاماشاچىلار ۋە پەيلا-سوپلار ھۇزۇرىدا پىكرىنى ئېيتىشى كېرەك بولىدۇ. مۇشۇ سەن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ىئەت، مەشقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەت ۋە ئۇسۇللىرى بەھس ـ مۇنازىرىدىن ئىبارەت بولغان باشقا سەنئەتلەرگە كىرمەيدۇ.

سوفىستانىيە سەنئىتى بويىچە بەھس ـ مۇنازىرىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەربىرى قولىدىكى ئالتە نەرسىنى قوللايدۇ: 1. تەنبىھ (ئاگاھلاندۇرۇش)؛ 2. سەراسىمە (ھودۇقۇش)، تەمتىرەش؛ 3. تۆھمەت ۋە قەتئىيلىك؛ 4. نۇتۇقتا دۇدۇقلاشقا مەجبۇر قىلىش؛ 5. مەنىسىز سۆزلەردىن پايدىلىنىش، سەپسەتە؛ 6. سۇكۇتقا مەجبۇر ئېتىش، ھەتتا مۇنازىرىچى سۆزلەشكە قادىر، قابىلىيەتلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىشىنى مەنئى قىلىش. مۇنازىرىلەشكۇچى ئادەمنى سۆزلىمىگەن ياخشىراق دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرۈش ئۇچۇن شۇنداق قىلىنىدۇ.

تەنبىھ شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدا بىرىنچى ھالەتكە نىسبەتەن ئاداشتۇرغۇچى نەرسىلەر سەۋەبلىك يارىتىلىدىغان مۇقابىل (قارىمۇ قارشى) ھالەتنى ئاڭغا سىڭدۇرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ماھىيەتتە شۇنداقكى، ئەگەر ئادەم ئۆزى ۋە روھىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇلاردىن پايدىلانغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۇنى ئاداشتۇرىدۇ ۋە ھەقىقەتتەن مۇقابىل تەرەپكە بۇراپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھەقىقەت ئىنكار قىلىنىپ، ھەقىقەتكە مۇقابىل بىرەر نەرسە ماقۇللىنىدۇ.

سەراسىمە بۇنداق ئەمەس، ئىككى قارىمۇ قارشى پىكىر (چۇشەنچە) مەۋجۇت بولغاندا پەيدا بولغۇچى سەراسىمە ئىنسان تەبىئىتىگە خاس نەرسىدۇر. بۇ ھالەت ئادىشىۋاتقان بىر ئادەم ئۆزى ئىشەندۇرمەكچى بولغان پىكىرنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قارشى تەرەپنىڭ ئىشەندۇرمەكچى بولغان پىكرىنى ئۆزىچە ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق ھالەت «بۇ نەرسە شۇنداقمۇ ياكى شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېمۇ سورالغان پەيدا بولىدۇ. قانداق جاۋاب بەرسىمۇ تەنبىھ ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى سەراسىمىگە سېلىش ئۇسۇلىدۇر.

تەنبىھ بىر مۇقابىل تەرەپتىن باشقىسىغا ئۆزلەشتۈرۈش ئار-قىلىق ئۆتىدۇ. سەراسىمە (تەرەددۇت) بولسا، قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ سەراسىمىيلىك پىكىرلىرى بىرىنچىسىدىن ئىككىن-چىسىگە ئۆتىدۇ. ئىككىنچىسىدىن يەنە بىرىنچىسىگە، كېيىن يەنە بىرىنچىسىدىن ئىككىنچىسىگە ئۆتۈپ، بۇ ھال تاكى ھەر ئىككى مۇقابىل تەرەپنىڭ ئىككىلا چۈشەنچىسى (پىكرى) مۇ بىرلىككە كەلمىگەنگە قەدەر داۋام قىلىۋېرىدۇ.

تۆھمەت ۋە قەتئىيلىك (مۇلىھ) كە كەلسەك، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە تەرەپلەردىن بىرى پۈتۈنلەي ئېنىق نەرسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋە ئۆز ماھىيىتى بويىچە چۈشىنىشلىك ۋە روشەن ھالەت-لەرگە شۈبھە بىلەن قارايدۇ. بۇ ھالەت تاكى باشقا تەرەپ ئادە-شىپ، ھەقىقىي نەرسىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى دەلىل-لەرنى ھەمدە مەلۇم نەرسىلەر ۋە ھەقىقەتلىكى ئايان بولغان نەر-سىلەر ئۈستىدە خاتا تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلمىغۇنچە داۋام قىلىۋې-رىدۇ. بۇ، سوفىستانىيە سوفىستىك سەنئەتنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سەنئەتنىڭ مەقسىتى ھەقىقەتكە ۋە ئېنىق دەلىللەر ياردىمىدە بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشكە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ ئۈچ (تەنبىھ، سەراسىمە، تۆھمەت) ئەڭ يامان روھىي سۈپەتلەر بولۇپ، ئۇلارغا سوفىستانىيە سەنئىتى ۋاسىتىسىدە ئې-رىشىلىدۇ. قالغان ئۈچى بولسا، ئاڭغا تەسىر قىلماي پەقەت تىلنى كىشەنلەيدۇ، ئالدىنقى ئۈچى بولسا، ئاڭنى جاراھەتلەندۈ-رىدۇ.

بەھس - مۇنازىرىدە دۇدۇقلاشقا مەجبۇر بولغان ئادەم يا توغرا مەنادا تەبىئىي ۋە ئادەت بولۇپ قالغىنىدەك دۇدۇقلايدۇ ياكى باشقا خەلقنىڭ تىلىدا مۇنازىرە قىلىۋاتقان بولسا، مەجبۇرەن دۇدۇقلايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش دۇدۇقلاش يا توغرا مەنادا تەبىئىي ياكى تەلەپپۇزغا نوقسان يەتكۈزگۈچە يالغاندىن تەشكىل قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نەرسىلەر سەۋەبىدىن ئىنسانغا خاس بولىدۇ. بۇ ھالەت بىرەر باشقا خەلقنىڭ تىلىدىكى سۆزلەردىن كېلىپ چىقسا، ھەر ئىككى مۇنازىرىچى شۇ خەلق تىلىدا سۆزلىشىشى كېرەك.

سەپسەتىنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ شۇ تەرىقىدە يۈز بەرگەن. دۇ-دۇقلىنىش ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۇ-چۇن يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن مەنا-نى شۇنداق دەرىجىگە كەلتۇرۇش كېرەككى، ئىبارە قىسقا بولسۇن (بۇ يەردە فارابىي ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەردە — لەۋزىدە مەنانى تولۇق ئەكس ئەتتۇرەلمەسلىك نەتىجىسىدە، مەنانى ئىپادىلىگۈچى ئىبارە ۋە مەنا مەۋقىئىي مۇتاناسىپ بولمىغاندا دۇدۇقلاش پەيدا بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.)، بۇ سەپسەتە بولسا، ئىبارىنىڭ مەناسىنى كۆپەيتىدۇ، بۇنى كۇچەيتىۋ-رۇشتىن پەرق قىلىش كېرەك. (يەنى تۇرلۇك مەنالار زەنجىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېمەكچى). شۇنىڭ ئۇچۇن مەنا جەھەتتىن تەسىر ئۆتكۈزگۈچى ھالەت زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدا كۆپ مەنالار بولۇپ، ئۇلار پەقەت قايتۇرۇشلار (كۆپ تەكىتلەر) دىكى ئىبارىلەرگە تەئەللۇقتۇر. كۆپ تەكىتلەر بولسا، يا ئەمەل (ئىش - ھەرىكەت) ياكى قابىلىيەت تۈپەيلى بولىدۇ. بۇ قايتۇرۇش — تەكىتلەر بىمەنىچىلىكتىن ئىبارەت بولغان مەنا ئىپادىلىرىگە نىسبەتەن ئىنساننى ئىككىلەندۈرىدۇ. سوفىستانىيون (سوفىست) شۇ مىساللارغا ئوخشاش رەۋىشتە ۋە شۇ مىساللار نىسبىتىدە سەپسەتىنى قوللىنىشى مۇمكىن.

سۇكۇتكە مەجبۇر قىلىشقا كەلسەك، ئۇ سوفىستانىيونلارنىڭ ئەڭ پەسكەش ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭغا قورقىتىش، ئىزا تارتقۇزۇش ياكى ھاياجانغا سالغۇچى باشقا بىر نەرسە بىلەن ئې-رىشكىلى بولىدۇ. ئەرەستۇ بەھس - مۇنازىرە تەركىبىنى ۋە سوفىستانىيۇنلار مەقسىتىگە قانداق ئېرىشىشنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئۇ قانۇنلار توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۇلارغا رىئايە قىلسا، ئۇلار تۇپەيلى ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرىشتىن چەتلەشتۈرگۈچى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىرەر نەرسىدە ئاداشقان ئادەمگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. بۇلار ئۇنىڭ «سوفىستانىيە (سوفىستىكا) ناملىق رىسالىسىدە بايان قىلىنغان. بۇلارنى بايان قىلىشتىن مەقسەت ھەقىقەتكە ئېرىشىشتە ھېلىمۇ پايدىلىنىدىغان مەشىقلەرگە ئاساسلانغان سەنئەتنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۇچۇندۇر (بۇ يەردە سۆز جەدەلىيە سەنئىتىگە قارىمۇ قارشى تۇرىدۇ). سوفىستانىيە سەنئىتى دىئالېكتىكا سەنئىتىنى ھەقىقەتكە ۋە ئىلمىي يەقىنىيەگە ئېرىشىش يولى بولغان ئۇسۇللىرىدىن چەتلىشىدۇ. بۇ يولدا (تەرىقەتكە) ئەرەستۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇل تۇبىكە» (توپىكا) ئەسىرىدە بايان قىلغان سەنئەت تۇزىدۇ. بۇ سەنئەت ھەقىقەتكە ئېلىپ بارغىنى ئۇچۇن ھەقىقەتنىڭ بىر قورالى، خىزمەتكارى بولغانلىقى ھەمدە ئىلمىي يەقىنىيەنىڭ قورالى، خىزمەتكارى بولغىنى ئۇچۇنمۇ پايدىلىقتۇر.

شۇنداق قىلىپ ئەرەستۇ ئىلىم ئەل ـ يەقىنىيە بىلەن باغلىق مەسىلىلەر مەجمۇئەسىنى بايان قىلدى. ئۇنى «ئىلمەلىيەقىنىيە»گە ئېلىپ بارغۇچى يولنى كۆرسەتتى. ئىلمىي يەقىنىيەگە ئېرىشىشكە توسالغۇ بولغان نەرسىلەر توغرىسىدا سۆز قىستۇرۇپ ئاگاھلاندۇردى.

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئىلمى ئەل ـ يەقىنىيە مەسىلىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىلمەلىيەقىنىيەگە ئېرىشىش ئۇچۇن مەنتىق (لوگىكا) ئىلمىدىن پايدىلىنالمايدىغانلارنى ئۆگىتىشكە ئىنسانىنى قادىر قىلغۇچى سەنئەتلەرنىڭ تەھلىلىگە ئۆتىدۇ. ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسىگە تەبىئەتتىن ئالاھىدە قابىلىيىتى بولمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غانلار كىرىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇھقا خۇددى شۇنداق تەبىئەتتىن ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولمىغان، ئەمما تىنىمسىز مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ئۆز سەئىي - ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىلمەلىيەقىنىيەگە يېتىشىشكە ئىنتىلگۈچىلەر كىرىدۇ. ئەرەستۇ ئىنسانىي مەقسەت-كە، بۇ مەقسەتنى مۇكەممەل بىلگۈچى بۇ مەقسەتكە ئېرىشىسە ئۇنىڭ بىلەن نېمىلەر سادىر بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغۇچى ۋە ئىلمەلىيەقىنىيەگە ئېرىشىشتە تەبىئەتتىن تەييار ئادەملەرگىلا ئىن-تىلىش زۆرۈر دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما ئەرەستۇ بۇ مەقسەتكە ئىنتىلگۈچى باشقىلارمۇ ئىدراك قىلغانلىرىغىچە، شۇ مەقسەتكە ئىنتىلىشلىرى (يەنى، مەقسەتنى ئۆزلىرىمۇ ئىدراك قىلىپ، شۇنىڭغا يارىشا ئىنتىلىشلىرى زۆرۈر دېگەن غايە ئىلگىرى سۈرۈ-لۇۋاتقاندەك قىلىدۇ). ئۇلار مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدە ئىلمەل-يەقىنىيەگە ئېرىشىشنىڭ ئۆز ئۇسۇللىرى بولغان ئادەملەردىن ئوقۇتۇش جەريانىدا ئالغان بىلىملىرى بىلەن چېگرىلىنىپ قال-ماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەرەستۇ بارچە نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي نەرسىلەرگە خەلقنى ئىشەندۇرۇش مۇمكىن بولغان سەنئەت ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. خالايىق ئادەتتە ئومۇمىي ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن ئايرىم ھاللار بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق نەرسىلەركى، ئۇلار تۇپەيلى ئادەم يارىتىلىشىنىڭ سەۋەب-چىسى بولغان مەقسەتكە ئىنتىلىشتە ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەم مەۋجۇتتۇر.

ئۇ نەزەرىيىۋى سەنئەتلەر ياردىمىدە ئىدراك ئېتىلگۈچى ھال-لارنى ئىنسان خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا ياردەم بەرگۈچى سەن-ئەت ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ سەنئەت يەنە مەۋجۇت كۆرگەزمىلىك نۇسخىلار ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ۋە باشقا ئايرىم نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ساختا تەسۋىرلەش قابىلىيىتىنى ئويغىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن مۇلاھىزە ياردىمىدە تەسەۋۋۇر ۋە تەقلىد ئۇسۇل-

لىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ.
ئوخشاش نەرسە ۋاستىسىدە تەسەۋۋۇر ۋە تەقلىد خەلقنى كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى نەرسىلەرگە ئۆگىتىشتىكى ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. ئاددىي خەلق ئۇچۇن نەرسىلەرنى تەبىئىي نۇسخىلىرى ئارقىلىق خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىنچىلىقىدىن ئۇلار ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلماي، شۇ نەرسە ھەقىقەتەن ئۇلارغا قانداق نامايان بولسا، شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ۋە ئىدراك قىلىدۇ. ئەگەردە خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان نەرسىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدىيىتى بويىچە چۈشىنىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىش ناھايىتى قىيىنچىلىق بىلەن يۈز بېرىدۇ. بۇنداق پىكىر بىلىش، ئىدراك قىلىش ئۇسۇلى پەقەتلا نەزەرىيىۋى پەنلەرنى بىلگەن ئادەملەرگىلا تەئەللۇق ئەمەس.
ئىنسان ئۆزى ۋە روھىيىتى ئارىسىدىكى ھەمدە ئۆز ۋە باشقا بىرسى ئارىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى تەتقىق قىلىشتا، ھەممە ئىمكانىيەتنى ئىشلىتىپ، مۇنتىزىم رەۋىشتە مەشىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنى ئۇ ھەقىقەت ۋاستىلىرىنى ئىگىلەشتە سۇبات بىلەن يا ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ياكى بەھس ـ مۇنازىرە، ھىمايە ئۇسۇللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى زۆرۈر. مۇشۇ سەنئەت سەۋەبلىك ئېرىشىلگەن قابىلىيەتنى «مەنتىقىي قابىلىيەت» دەپ ئاتايدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

بۇ مەسىلىلەرنى كۆرۈپ چىققاچ، ئەرەستۇ تەبىئىي پەن ھەققىدە سۆزلەيدۇ ۋە «كىتاب فىلجەدەل» رىسالىسىدە تۈرلىرىنى بايان قىلغان مەۋجۇت نەرسىلەرگە قايتىدۇ.
ئۇ مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ بىرلىكىگە ھېس ـ سەزگۈ شۇنداق شاھادەت بېرىدۇكى، ئۇلاردىن ھاسىل بولغان تۈرلەر (كاتېگورد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىلەر) دىن بىز ئۆز ئىختىيارىي پايدىلىنىمىز، ئۇلارنىڭ بىرسى باشقىسى ئارقىلىق بىزگە مەلۇمات بېرىدۇ. بەزىلىرى باشقىلار تۇپەيلىدىن ياكى ئىنسانىنىڭ ئۆزى ۋە روھىيىتى ياكى باشقا بىرسى بىلەن بەھس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق ئىدراك ئېتىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

تەبىئىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىمىزگە باغلىق دەپ ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. تەبىئىي مەۋجۇتلۇق تەبىئىي سۈپەت ۋە ماھىيەتلەردۇر. بۇ ئۇلارنىڭ بىز ئىدراك قىلىدىغان ۋە ھېس قىلىدىغان بەلگىسىدۇر. بىز چۈشەنچىلەر بىلەن تولدۇرغان ئاشۇ ھالەت ـ ئۇسۇللار مەنتىقىي ھالەت ـ ئۇسۇللاردۇر. مەنتىق توغرا پىكىر قىلىشقا ئالاھىدە قائىدىلەرنى ئۇسۇللار ۋە يوسۇنلارنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىختىيارىدا مەۋھۇم چۈشەنچىلەر بار. ئۇ ئىنساننى (ئۇنىڭ ئەقلىنى) ئادىشىش ۋە خاتالىشىشنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

مەۋجۇت نەرسىلەر ھالىتىگە نىسبەتەن ھېس ـ سەزگۈ شاھادەت بېرىدىغان نەرسە ـ ئەدەتسىزلىك، سان ـ ساناقسىزلىقتۇر. ھېس ـ سەزگۈ بىلەن بىز بىلىدىغان ئەدەتسىزلىك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلىغا، ئەدەتسىزلىكنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىدە ئاجرىتىش ياردىمىدە ھېس ـ سەزگۈ تەرىپىدىن ئېرىشىلىدىغان نەرسىلەر كىرىدۇ. يەنى، بىر خىل نەرسىلەر باشقىلىرىدىن ئايرىم ھالەت بىلەن پەرق قىلىدۇ. بۇ كۆپرەك مەلۇم بولغان بىرىنچى خىل ئەدەتسىزلىكتۇر. ئىككىنچى خىلغا بىر نەرسە (بۇيۇم) دىن ۋە بىر خىلدىكى ھېس ـ سەزگۈ تۇپەيلىدىن بىلىپ ئالىدىغىنىمىزغا كۆپ نەرسىلەر كىرىدۇ. بەزى بۇ نەرسىلەر (بۇيۇملار) بىر ـ بىرىگە زىت بولمىغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: بىز بىر جىسىمغا قول تەگكۈزۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسسىق، سو-

غۇق، قاتتىق، يۇمشاقلىقىنى بىلىمىز.

بەزى نەرسىلەر بىر - بىرىگە زىت بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق ۋە سوغۇق، قاتتىق ۋە يۇمشاق، قوپال ۋە سىلىق دېگەندەك. شۇنىڭغا ئوخشاش، بەزى ئاڭ - سېزىم ئارقىلىق بىلگىنىمىز مەۋجۇت سۈپەتلەرنىڭ ئەدەتسىزلىكى پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ نەرسە ئىسسىق ۋە ئاق. ئۇلاردىن بىرىنى قول تەگكۈزۈپ سېزىش تۇيغۇسى (قۇۋۋەئى لامىسا) بىلەن، باشقىسىنى كۆرۈش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ ھالەت باشقا سەزگۈ ئەزالىرىغىمۇ تېگىشلىك.

كېيىن ئەرەستۇ ئاڭ - چۈشەنچە ئارقىلىق بىلىنىدىغان ھەربىر نەرسە توغرىسىدا، سەزگۈدىن ئېلىنىدىغان بىلىم دەرىجىسى ھەققىدە ۋە ئۇلاردىن بىرىنى باشقىلاردىن پەرق قىلىدىغان بەلگىلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاڭ - مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپى ئۆزگىرىش ياكى بىر جايدىن باشقا جايغا ئۆتۈپ تۇرۇشلىرى، بىر ھالەتتىن باشقا ھالەتكە ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق ھەم بىلىم بېرىدۇ. مەسىلەن: ئاق نەرسىنىڭ قانداق قىلىپ قارا بولغىنى ھەققىدە.

سانسىز زىددىيەتلەر ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇشبۇ تەناۋاب (ئالمىشىپ تۇرۇش) لاردا بىر ئۆزگەرمەيدىغان دائىملىق نەرسە بار. ئۇ ئاشۇ ئالمىششلارنى ساقلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا سىڭىپ كېتىدۇ. نەرسىلەر بىر - بىرلىرىگە ئەگىشىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغانلىرى ھالدا دائىملىق بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە «جەۋھەر» (سۇبستانتسىيە СуБстанция — ) ، . ئالمىشىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرغۇچى نەرسىلەرنى «ئارەز» (ئاكتىسىدېنتسىيە — акцнденцня ) دەپ ئاتىلىدۇ

بىز ھېس - تۇيغۇ بىلەن بىلىدىغان ۋە ئۇلار تەستىق ئېتىدىغان نەرسىلەر تەبىئەتتە مەۋجۇت نەرسىلەردۇر. مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ دەرىجە (كاتېگورىيە) لىرى خەۋەر قىلىدىغان نەرسىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گە كەلسەك، كاتېگورىيىلەر بىزگە باشقا بىر نەرسە ھەققىدە ئەمەس، پەقەت شۇ نەرسە ھەققىدە ئاخبارات بېرىدۇ. ئۇلار بىزگە شۇ نەرسىنىڭ قانچىلىكىنى (مىقدار جەھەتتىن)، قانداقلىقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن بىلىنىدىغان نەرسىگە نىسبەتەن تاشقىرىدا بولغان باشقا نەرسە ھەققىدە ئاخبارات بېرىدۇ. بۇ ھالەت قاچانكى بىرسىدىن باشقىسى ئارقىلىق پايدىلىنىلسا، قاچانكى، بىرى باشقىسى ئارقىلىق ئېنىقلانسا يۈز بېرىدۇ.

بىز پىكرەت تەسەۋۋۇر قىلىدىغان مەئقۇلات (ئەقلىي بىلىملەر) چۈشەنسە بولىدىغان ماھىيەتلەر، سۈپەتلەرنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن بىلىنىدىغان نەرسىگە ئوخشىتىپ، ئۇلارنى ھالىتىگە قاراپ خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدا ئەقلىي بىلىملەر قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى سەزگىنىمىزدە، بىز پىكىر قىلغان ئەدەتسىزلىكنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىمىز. چۈنكى بىز ئەقلىي بىلىم دەپ خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ۋە سېزىدىغان ۋاھىد (بىر) نەرسە بىز ئەدەتسىزلىك سۈپىتىدە خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ۋە پىكىر يۈرگۈزىدىغانلىرىمىز، سۈپەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن تۇيغۇلار بىلەن بىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەدەتسىزلىكىگە ئوخشىمىغۇنچە ئەدەتسىز (كۆپلۈك) بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى بىر نەرسە توغرىسىدا بىر ھالەتتە ئۇ ئەدەتسىز سۈپەتلەر ۋە مەھمۇللار (پېرىېدىكات) غا ئىگە، دەپ ئاخبارات بېرىلسە، ئۇ چاغدا ئاشۇ نەرسىگە شۇ سۈپەتلەردىن ھەر قانداق بىر سۈپەت مەنسۇپ، دەپ چۈشىنىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاشۇ (ئادەم) نەيد، ئۇنىڭغا تىرىكلىك، ئاقىلىق، بويى ئېگىزلىك سۈپەتلىرىنىڭ خاسلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتسەك بولىدۇ. بىز زېھنىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ئەدەتسىز مەۋجۇتلۇق (سۈپەتلىرى) مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

ئەگەر بىز بىر نەرسىنى ئەدەتسىز مەئقۇلاتلىرى بولغان ئە-دەتسىز ئەشيالارنىڭ ھەر قايسىسى بەرگەن ئاخباراتنى پەرق ئېتىد-دىغان بولساق، بىز شۇ نەرسىنى زېھنىنى بىلەن تەقدىردە ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بەلگىلىگۈچىسىنى ئېنىقلاپ ئالىمىز. ئاشۇ نەرسىد-نىڭ دەسلەپكى ئاساسى (سۇبستانتىسىيەسى) بولىدۇ. بۇ نەرسە-نىڭ جەۋھىرى (سۇبستانتىسىيەسى) دەپ ئاتىغىنىمىز، ئۆزى ھەققىدە مۇنۇلارنى بىلدۈرىدۇ: «نېمىلىك» نىڭ ئۆزى نېمە؟ قانداق ياكى «ئۆزى نېمە ئىكەنلىكى» دىن باشقا بىر ھالەت ھەققىدە خەۋەردار قىلىدۇ. ئاشۇ نەرسە ۋە ئاشۇ مەلۇماتلار ھەققد-دە بىز ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ جەۋھەر دەپ ئاتايمىز. چۈنكى «نېمە-لىكى ھەققىدە» ئاخبارات بېرىدۇ ۋە ئۇلار ئارەز دېيىلىدۇ. نېمىشقا ئۆزلىرى ھەققىدە «نېمىلىك» دىن تاشقىرى باشقا ئېنىق-لىغۇچىلارنى مەلۇم قىلىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نەرسە تۇيغۇ بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسە بولسا ۋە كۆپلىگەن ئەقلىي بىلىملەرگە ئىگە بولسا، ئۇلار ئارىسىدا ئاشۇ تۇيغۇ بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ «نېمىلىكى» ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئەقلىي بە-لىملەر بار بولسا ۋە ئەگەر بىزگە باشقا بىر نەرسە ھەققىدە ھېچ نەرسە — نە ئۇنىڭ قانچىلىكى (مىقدار ھېسابىدا)، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ھالىتىنىڭ قانداقلىقى مەلۇم بولمىسا، ئۇ چاغدا بىز شۇ نەرسىنى سۆزنىڭ تولۇق مەنىسى بويىچە جەۋھەر دەپ ئاتىغان بولاتتۇق. ئەمما ئەسلا بىرەر نەرسىنىڭ جەۋھىرى ۋە باشقا نەر-سىنىڭ ئارەزى بولۇش ئۇچۇن قوبۇل قىلغان جەۋھەر دەپ ئاتال-ماس ئىدى. ئەگەر شۇنداق ئىكەن بىز بارچە تەبىئىي ئەقلىي بىلىملەرنى سۆزنىڭ تولۇق مەناسىدا جەۋھەر دەپ ئاتايمىز. ئۇ-نىڭ تەبىئىتىگە خاس بولغان مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا نەر-سىلەر بولسا، مۇتلەق جەۋھەر دەپ ئاتالغۇچى نەرسىنىڭ تەبىئەتكە ئېرىگەن ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئارەزى (ئاكتسىدېنتسىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەپ ئاتىلىدۇ. نىھايەت، ئېرىشىلگەن (مۇزافى) جەۋھەر دېگىنىمىزنى ئۇ بىزگە نەرسىنىڭ «نېمىلىكى» ھەققىدە مەلۇمات بەرسە، ھەقىقەتەنمۇ بۇ جەۋھەرگە بولغان ئوخشاشلىق ئۆلۈشىگە قاراپ ئۇنىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتايمىز. مۇتلەق مەنادىكى جەۋھەردىن باشقا جەۋھەر مەۋجۇت ئەمەس. باشقا ھەممىسى ئومۇمىي نامى بىلەن «جەۋھەردىكى ئارەز» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەرەستۇ بۇ ھالنى ئىلگىرى مەنتىقتە قوللىنىلغان دەۋا بىلەن قۇۋۋەتلەيدۇ: جەۋھەردىكى مەۋجۇت ئارەزلەرنىڭ، جەۋھەردىكى ماھىيىتى «نېمە» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغۇچىلىرىمۇ «نېمىلىكى» نى ئارەز ياردىمىدە ئېنىقلىغۇچىلىرىمۇ بولىدۇ. زاتىي، يەنى ئەينەن نەرسىگە كەلسەك، ئۇنىڭدىن بىرىنچى تەرتىپتىكى «نېمە» لىك كېلىپ چىقىدۇ. بۇ جەۋھەر شۇنداق جەۋھەركى، ئۇنى ئارەزدىن نە ھېس ـ تۇيغۇ ۋە نە پىكىر بىلەن ئاجراتقىلى بولسۇن. ئەمما ئەقىل ھەر ھالدا جەۋھەرنى ئارەزدىن ۋە ئارەزلەرنى بىر ـ بىرىدىن، ئۇلار جەۋھەرگە خاس بولغانلىقى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى پەقەت بىرگىنە جەۋھەرنى ئىدراك قىلىش ئارقىلىقلا ئاجرىتىپ ئېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇ نەرسىدىن شەخسىي پايدىلىنىشىمىز ئارقىلىق تەستىقلىنىدۇ. چۈنكى بىزگە نىسبەتەن بارچە نەرسىلەر خاستۇر.

ئەرەستۇ بۇ نەرسىلەردە بىزدە بىرىنچى جەۋھەر كەبى قوبۇل قىلىنغاننى نەزەردە تۇتىدۇ. بارلىقى ئىنسان ئىرادىسىدىن تاشقىرى مەۋجۇت بولغاننى ئۇ تەبىئەتكە ئۇيغۇن مەۋجۇت نەرسە دەپ ئاتايدۇ. ئىنسان ئىرادىسىدىن تاشقىرى مەۋجۇت بولغان ئۇشبۇ جەۋھەرنىڭ ھەربىر خىلىدا بىر جەۋھەر خاستۇر. ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن جەۋھەر ئۆز ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن جەۋھەر ماھىيىتى ئۇنىڭ بارچە خىللىرىدىن (سىنىپلىرىدىن) ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىدىن جەۋھەر بولغان بۇ ھەربىر

سىنىپنىڭ ماھىيىتىنى ئۇ جەۋھەرنىڭ تەبىئىتىگە خاس خىسلە-
تى، دەپ ئاتايدۇ. ماھىيەتلەرنىڭ بۇنداق پەرقلىنىشى جەۋھەر-
لەرنىڭ ئۆزىگە خاس خىسلەتلىرى بىلەن ئېنىقلىنىدۇ، دەپ چۈ-
شەندۈرىدۇ. ھەربىر خىلنىڭ ماھىيىتى شۇنداقكى، شۇ خىل
نەرسىنىڭ ئۆزى ئۆزىدىن كېلىپ چىققان ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭغا
تەسىر قىلىشى ئېنىق روشەندۇر. شۇ خىل نەرسىدە مەۋجۇت
بولغان باشقا ئەينەن زاتىي ئارەزلەرنىڭ خاھى ھەرىكەت، خاھ
مىقدار، خاھ سۈپەت، ھالەت ۋە باشقا ئارەزلىرى مەۋجۇتلۇقىغا
سەۋەب بولىدۇ. خۇددى مەسىلەن: تامنىڭ ماھىيىتى تورۇسنى
تۇتۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ تامغا تەئەللۇق خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.
چۈنكى بۇ خىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇش ئۇچۇنمۇ تامدۇر.
تەبىئەت تۇپەيلىدىن مەۋجۇت قەۋھەرلەرنىڭ خىللىرىدىن ھەربىرى-
نى ئۇ «تەبىئەتكە ئۇيغۇن جەۋھەرلەر» دەپ، ئۇلارنىڭ ئەينەن
(ماھىيەتلىك) ئارەزلىرىنى بولسا، ئۇ «تەبىئەتتىن ئارەزلەر»
دەپ ئاتايدۇ. ئەرەستۇ ئۆز ئالدىغا مەقسەتنى قويغانلىقى ئۇچۇن
ئۇنىڭغا ھېس - تۇيغۇ تۇپەيلىدىن يېتىپ بارغاندەك يېتىپ بارمى-
دى ۋە تۇغما ئادەت تۇپەيلىدىن ئەقلىي بىلىملەرنى بىلگەندەك
بىلمىدى، بەلكى ئۆزى مەنتىقتە ئەسلىتىپ ئۆتكەن تەتقىق قىلىش
ئۇسۇلى تۇپەيلىدىن مۇقەددىماتى ئەۋۋەلنى ئېنىقلاپ، مەقسىتىگە
ئېرىشتى.

## تۆتىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا،
ئۇ ئاڭ - چۈشەنچە ئۇچۇن روشەن نەرسىنىڭ زىددى بولغان ۋە
ئەمەلدە پايدىلىنىش ئىشلىرىدا ئاقىل ھېسابلانغان نەرسىنىڭ زىد-
دى بولغان مۇلاھىزىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ مۇلاھىزىلەر شۇنداق-
كى، ئۇلار مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



را پەرقىنى شەك ـ شۈبھىگە قويىدۇ. بۇ مۇلاھىزىلەر مەۋجۇت نەرسىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر، مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە باغلىق بولماي، بەلكى نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن تاشقىرى بولغان باشقا بىر نەرسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باشقا بىر نەرسىنىڭ ئۆزى نېمە؟ ئۇ مەۋجۇدىيەتتىن مەھرۇم بولغىنى ئۇچۇن شۇنداق ھالەتكە كېلىدۇ.

مۇشۇ تۈيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلگۈچى نەرسىلەردە مەلۇم بىر يەككە نەرسىدىن ئاجرىلىپ چىققۇچى ئالاھىدە نەرسىلەر يوق. ئەگەر مەۋجۇت نەرسىنى مۇتلەق مەنادا ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بىرەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە جەۋھىرىنى جەۋھەر ئەمەس نەرسىدىن ئۆز جەۋھىرىدىن تاشقىرى بولغىنى سەۋەبلىك پەرق ئېتەلەيدۇ. ئەمما جەۋھىرى بولمىغان نەرسە، ئومۇمەن ھېچنەرسە ئەمەس. پەرقلىنىدۇ دەپ ئويلىنىدىغان نەرسە ئومۇمەن مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولمىغان ۋە مەۋجۇدىيەتتىن تاشقىرى بولغان نەرسە ئومۇمەن مەۋجۇت ئەمەس.

ئادەتسىزلىك (كۆپلۈك) پەرقلىنىش تۈپەيلىدىن مەۋجۇتتۇر. دېمەك ئەھەدىي (يالغۇز) — بىرلىك نېمىدۇر مەۋجۇت. ئەرەستۇ بىرلىك (تەنھا) نەرسىنىڭ تۇرلۇك سۈپەتلىرىگە قەدەر بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ (شۇ سۈپەتلەرنىڭ) ھەربىرى شۇ نەرسىگە نىسبەتەن باشقا سۈپەتلىرى كۆرسەتمىگەن خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىدۇ. ئەدەتسىز (كۆپلۈك) سۆز بىرىكمىلىرى — ئىبارىلەر ياردىمىدە بەرسە ھەققىدە ئېپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلەر مىقدار جەھەتىدىن بىر پۈتۈن بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بىر سۆز ۋە بىر ئىبارەت بولمايدۇ. شۇ قائىدە بويىچە ئاڭ ھېسسىيات، شاھادەت بەرگۈچى نەرسىگە ۋە ئاشۇ ئاڭ بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەئقۇلاتلىرىدىن (ئەقلىي بىلىملەردىن) ئەقىل بىلەن چۈشەنچە بولىدىغان ماھىيەتتىن پايدىلانغىنىمىزدا ئېرىشىمىز.

غىنىمىز ھالەتكە زىت بولغان ئەقلىي خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.
ئەرەستۇ مۇنداق مۇلاھىزىلەرنى باشتىلا مۇغلىتات، غەلەت (سوفىزم) دەپ رەت قىلىدۇ.
ئۇ ھەقىقەتەن توغرا پىكىرگە كېلىش ۋە ئىختىلاپلىق (بىر - بىرىگە زىت) ئەقلىي خۇلاسىلەرنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ (سۆز سوفىزم توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ). ھەقىقىيلىككە پەقەت ئاڭ ۋە ئەقىل تۈپەيلىدىن يەتكىلى بولىدۇ.
كېيىن ئەرەستۇ ئۆز تەتقىقاتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ، فەزا (ئالەم بوشلۇقى) دا نامايان بولغان جەۋھەر، دەپ ئاتالغۇچى ھەربىر نەرسىنىڭ ئېنى - بويى ۋە قېلىنلىقى بار دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، جەۋھەر فەزادا ئۆز ئۇنچاق دەپ تەرىپلىنىدىغان بولسا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەزى «جىسىملار»، بەزى «جىسمىي جەۋھەرلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. تەبىئىي مەۋجۇت نەرسىلەر، جىسىملارغا ئارەزلەر، جىسمىي جەۋھەرلەر ۋە ئۇلارغا خاس بەلگىلەرگە ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ھەققىدىكى پەن (فىزىكا) نىڭ ماۋزۇسىدۇر. ئەرەستۇ بۇ نەرسىلەرنى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان مۇقەددىماتلاردىن ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى تەھلىل قىلىشتا جەدەلىي (دىئالېكتىك) ئۇسۇلنى قوللايدۇ. جەدەلىي ھىۋارە ئۈچۈن ئۇ شۇنداق يول تۇتىدۇ. دېمەك، ئۇ ئاشۇ نەرسىلەرگە ئىلمىي قانۇنلارنى تەتبىق قىلىدۇ ۋە ئۇلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگىنىدۇ. ئىلمىي يەقىنىيەنى بەرگۈچى ۋە ئاساسىي ئۈچرىغۇچى ئۇلاردىكى مەۋجۇت مۇقەددىماتلارنىڭ شەرت - شارائىتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق تاپىدۇ. بۇ شەرت - شارائىتلار ئۆزلىرىدە بولمىغان نەرسىلەرنى ئەرەستۇ ئۆز ھالىدا قالدۇرىدۇ.
بۇ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ مەسىلىگە يەنە قايتىشىنى خالىغان ۋە ئىلمەلىيەقىنىيە تەلەپ قىلغان چاغلاردا مەدەنىي مەئقۇ-

لاتلاردىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى تەۋسىيەلىرىدە ئېيتىپ ئۆتكەن-لىرىنى ئۆگىنىشكە ئۆزلىرىنى بېغىشلىغۇچىلار ئۈچۈن يازغان كىتابلىرىدا ئۆز ئەستىقىنى تاپقان. كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىر نەرسە-نى ئۇ ئىككى جەھەتتىن — جەدەلىي ۋە ئىلمەلىيەقىنىيە تەرىپى-دىن سېلىشتۇرىدۇ. بۇنى ئۇنىڭغا خاس بارچە نەرسىنىڭ ھەقى-قىيلىقىغا يېتىشىشى ئۈچۈن قىلغان. ئەۋۋەلا ئەرەستۇ ئاشۇ ئۇس-لۇبتىن پايدىلىنىدۇ: مەۋجۇت نەرسىلەرنى تەرىپلىگۈچى ئومۇمىي ئەستىق، مەلۇماتلاردىن ئىبارەت بولغان ئومۇمىي ئاساسلارنى ئېنىقلايدۇ. بۇ ئۆز - ئۆزىچە دەسلەپكى ئەقلىي بىلىم ئەمەس، بەلكى بىرىنچى ھالدىن باشلاپ نامەلۇم ئەڭ ئومۇمىي مۇلاھىزى-لەردۇر. ئۇلار ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بىرىنچى ئەقلىي بىلىمەر-دىن كېلىپ چىقىدىغان دەلىللەر ياردىمىدە ئېنىقلاش ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇ جەدەلىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىدۇ.

جىسمىي جەۋھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان مەۋجۇدىيەت-نىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرىدا مەۋجۇت قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي ئا-ساسلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلاردىن ھەربىرىگە ئايرىم ھالدا ھەم-راھ، ئىككىسىگە دەسلەپكى ئاساس (ئەسلى مۇتارىفەت) لەر باردۇر. ئۇلار: بىلقۇۋۋەتى (پوتېنسىئال потенциал)① مەۋجۇت دەسلەپكى ئاساس — ئۇنى «ماددا»، «ماتېرىيە» دېيىلىدۇ. مۇھىممانە (ئاكتۇئال — ئەڭ مۇھىم) مەۋجۇت ئەسلى مۇتارىفات-نى بولسا، «شەكىل»، «فورما» دېيىلىدۇ.

ئەرەستۇ بىلقۇۋۋەت ھالەتتىن مۇھىممانىگە ئۆتۈش ئۈچۈن بىلقۇۋۋەتى مەۋجۇت ئەسلى مۇتارىفەتنىڭ (دەسلەپكى ئاساسى-نىڭ) ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۇ-چۈن بىلقۇۋۋەتتىن مۇھىممانىگە ئۆتكۈزگۈچى ئۈچىنچى بىر ئەسلى

① پوتېنسىئال — فىزىكىدا ئېلېكتر ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىكى ھالىتى-نى خاراكتېرلەيدىغان مىقدار. 2) ئىمكانىيەت، كۈچ - قۇدرەت دەرىجىسى، پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان ۋاستىلەر.

مۇتارىفەتنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئاشۇ ئەسلى مۇتارىفەت (دەسلەپكى ئاساس) «مەخئۇلى ئەسلى مۇتارىفەت» ئەمەلىدىكى دەسلەپكى ئاساس — دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ھەرىكەتتە بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەنگۈچى ۋە ئۆزگەرگۈچى ھەممە نەرسە قانداقتۇر چېگرىغا «ئاخىرىغا» ۋە «مەقسەتكە» قاراپ بارىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئۆزىچە جىسمنى جەۋھەر بولمىش بارچە نەرسە يا «مەقسەتكە» ۋە «ئاخىرىغا» ياكى قانداق بولمىسۇن بىرەر مەقسەت ياكى چېگرىغا ئېلىپ بارغۇچى نەرسىگە بېرىشى زۆرۈر. شۇنداق قىلىپ «مەقسەتكە» مۇ، ئاخىرىغىمۇ مۇتارىفەتلەر ئېرىشىشلىرى ۋە ئۆز مەجبۇرىيەتلىرى بويىچە ئەسلى مۇتارىفەت بولمىش پارچىسىغا كۆپىمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس تۆت جىنىس ھەمراھ بولۇشى ئۇنىڭغا روشەن بولىدۇ. ئۇلار — ماددا، جەۋھەرىي سانى (ئىككىنچى جەۋھەر)، سۇبستانتسىيە[1] ، پائالىيەتتىكى سەۋەب ۋە نەتىجىلەردۇر.

ئەرەستۇ يەنە تەبىئەتنىڭ ئېنىملىكىنى، ئۇ توغرۇلۇق بارچە يۇرۇتكۇچىلەرگە قانداق بولۇپ تۇيۇلۇشىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئومۇم كۆرۈنۈشىدە تەسۋىرلەپ، تەبىئەت ھەققىدىكى پەن (فىزىكىدىن) خەۋەردار قەدىمكىلەر تەبىئەت ھەققىدە ئېنىملەرنى دېگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە يۇنانلىقلاردا تەبىئەت ھەققىدە شۇ دەسلەپكى ئاساسلار مەجمۇئەسىدە ئېنىملەر دېيىلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى «تەبىئەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسلى مۇتارىفەتنىڭ قانداق ۋەزىپىنى بېجىرىشنى «تەبىئىي نەرسىلەر» دېگەن ئىبارىنىڭ مەناسى قانداقلىقىنى، «تەبىئەت بىرلەمچى» ئىبارىسىدە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاشۇ دەسلەپكى ئاساسلىرى ھەققىدە قانداق چۈشەنچە بېرىلىدۇ. «تەبىئىي جەريان بويىچە» ، «تەبىئەت بويىچە» ، «تەبىئىي جەريان بويىچە ئەمەس» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ قانداق مەنالىرى بارلىقىنى تەھلىل

---

① سۇبستانتسىيە (Субстанция) — پۈتۈن بارلىق ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ئاساسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. ئاشۇ چۈشەنچىلەرنىڭ يىغىندىسىنى مەۋجۇت نەرسىلەر ھەققىدىكى بىلىم ۋە ئۇلارنى خاتا چۈشىنىش قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە تۆت دەسلەپكى ئاساس ھەققىدە قانۇنلار بويىچە بىر - بىرىگە نىسبەتەن قانداق جايلاشقانلىقى، ئۇلاردىن قايسى بىرسى كۆپرەك، قايسى بىرى ئازراق راۋاجلانغانلىقى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇلار مەۋجۇت نەرسىلەرگە ماھىيەت ئاتا قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ماھىيەتنى ئۇنىڭ ئۆزى تەتقىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھالەت مەخسۇس تەبىئىي نەرسىلەرگە تەئەللۇقتۇر. شۇنىڭ ئۆزى بىرىنچى ئاساسلار ۋە بىرىنچى سەۋەبلەر، مەخسۇس تەبىئىي نەرسىلەردۇر.

ئەرەستۇ جىسمىي جەۋھەرلەردە ئۆز - ئۆزىچە مەۋجۇت قانۇن ۋە ئاساسلار ھەققىدە توختىلىدۇ. ئۇ جىسىم فەزادا ئۇزۇنچاق تۇرۇش نۇقتىئىي نەزەرى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، جىسىمنىڭ فەزادا (بوشلۇقتا) ئۇزۇنچاق تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇزۇنچاق تۇرۇش ئۇزۇنچاق تۇرۇشنىڭ قىسىملىرىدىن ئىبارەتمۇ، ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇشقا باغلىقمۇ ياكى باشقا بىرەر ئۇسۇل تۈپەيلىدىن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ، جىسمى تەبىئەتكە ماس جەۋھەرنى، جەۋھەرنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇزۇنچاق تۇرۇشقا باغلىقمۇ - ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. بارچە ئۆزىگە خاس ئارەزلەر (ئاكتىسدېنتسىيە) بىلەن جەۋھەر (سۇبستانتسىيە) بولسا، ئۇ نەرسە جىسىم ۋە ئۇزۇنچاق تۇرغان بولالامدۇ؟ ئۆزىدە شەكىل ۋە ئارەزلەر ئالمىشىپ تۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭدىن جەۋھەرلەرنىڭ خىللىرى پەيدا بولىدىغان ماددا بولغىنى ئۈچۈن يا جىسىم ۋە ئۇزۇنچاق بولىدۇ، ياكى ئۇ نەرسە ماددىي جەۋھەر بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ ئۇزۇنچاق بويى، ئەن ۋە قېلىنلىقى ئىگە. ئەرەستۇ بۇ ئۇزۇنچاق نەرسە جەۋھەر ئەمەس، باشقا نېمە، دەپ

چۈشەندۈرىدۇ. ئۇزۇنچاق، سوزۇلۇش ئۇنىڭ جەۋھەرلىكى نۇقتىئىنەزەرىدىن جەۋھەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزنىڭ ئىبارىمىزدىكى «ئۇزۇنچاق»، «سوزۇلغانلىق» خۇددى «ئاق» ئىبارىسىدىكىگە ئوخشاش مەناغا ئىگە ۋە جەۋھەر ھەققىدە گەپ قىلىنىۋاتقىنىمىزدا، بىز مۇتلەق مەنادىكى جەۋھەر ھەققىدە سۆز قىلىمىز. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ ئۇزۇنچاقلىقى، سوزۇلغانلىقى ۋە بويى، ئەنى، قېلىنلىقى بار نەرسە ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمىز. جەۋھەر ئۆزىگە خاس بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئىگە. «سوزۇلغان» ۋە «سوزۇلغانلىق» چۈشەنچىلىرى جىسمىي جەۋھەرنىڭ قايسى ماددىسىغا ۋە ئۇنىڭ شەكلىگە خاس، ماددا بولسا ئۆز ماھىيىتىگە خاس، ماددا بولسا ئۆز ماھىيىتى بويىچە جىسىم ئەمەس، شەكلىمۇ شۇنداق — جىسىم ئەمەس. ئەمما ماددا ۋە شەكىلنىڭ بىرلىشىپ ئۇيغۇنلىشىشى (سىنتېزى) بوشلۇقتا ئۇزاقلىشىش كۆرۈنۈشىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاشۇ ئۇزۇنچاقلىق، ئۇزاقلىشىش، شۇ بىرىكىش — سىنتېزدا مەۋجۇت. چۈنكى ئۇ ئۆز مەۋجۇدىيىتىدە ئۆز شەكلىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ئەگىشىدۇ ۋە جەۋھەرنىڭ شەكىل مەۋجۇدىيىتى سەۋەبلىك ئۇ، يەنى ئۇزۇنچاقلىق، سوزۇلغانلىق ھەقىقىي ۋە بەركامال جەۋھەر بولۇپ قالىدۇ. تەبىئىي جەۋھەرنىڭ ماددىسى (ماتېرىيە) ئۆزىگە خاس بولغان شەكىلدىن خالىي ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن جەۋھەر قانداقتۇر ئۇزاقلىشىشتىن تەركىب تاپقان ئەمەس. ئۇزاقلىق، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، قېلىنلىقلار بولسا، ئەڭ ئاۋۋالقى (بىرىنچى) ئارەزلەردۇر (ئاكتسىدېنتسىيەدۇر). ئاشۇ ئارەزلەر تەبىئىي جەۋھەرلەردە مەۋجۇت بولغان باشقا ئارەزلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭدا پەيدا بولۇپ، ئۆزگىرىپ، كۆپىيىپ ياكى كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئەرەستۇ كېيىن مىقياسى بويىچە چەكسىز بوشلۇقتا ئۇزاقلاشقان ئۇزۇنچاق جىسمىي جەۋھەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە سۆز ئاچىدۇ. ئۇ چەكسىز بوشلۇقتا ئۇزاقلاشقان جىسمىي تەبىئىي جەۋھەر يوقلۇقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە ھەربىر جىسمىي تەبىئىي جەۋھەر بوشلۇقتا چەكلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ تەبىئەت نەرسىلىرىدە بولغان چەكلەنگەن بىنىھايەتلىك (چەكسىزلىك)، تەبىئەت نەرسىلىرى ھەققىدە سۆزلىگۈچىلەر چەكسىزلىك ھەققىدە ئويلىغانلىرىدەك ئەھمىيەتتىن يۇتۇنلەي باشقا ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ ئاشۇ ئەھمىيەتنى قىسقىچە تەرىپلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداقلىقى، نېمىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

كېيىن ئۇ ھەرىكەت دەرىجىسىنى، رۇتبە (كاتېگورىيە) سىنى، ئۇنىڭ قانداق نامايان بولۇشىنى ۋە ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىدۇ. ھەرىكەت — ئۇنىڭ بىنىھايەتلىكىنى كۆرسەتكۈچى ماھىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرىكەت بوشلۇق ۋە ۋاقىت ئىچىدە بىر نەرسىدە باشقا نەرسىگە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت جىسمىي جەۋھەرنىڭ ئارەزى بولۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت جىسمىي جەۋھەرنىڭ ئارەزى بولۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەتقىق قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ. شۇ قاتاردا ھەرىكەت بىلەن بىللە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەرتىپى بىلەن ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن كېرەك ۋە ئۇ قانداق؟ ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ ماھىيەت ھاسىلاتلىرىنى ئېنىقلاش زۆرۈر. ئاشۇ كۆپتىن كۆپ شارائىت ھاسىلاتلىرىنىڭ ھەربىرىنى ھەرىكەت ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن، بۇ شارائىتلارنىڭ ھەر قايسىسىغا ھەرىكەت خاس ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى جىسىملارغا ھەرىكەت ھاسىلاتلىرىنىڭ شارائىتى خاس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەستۇ يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ھەربىر شارائىتنى ھەرىكەت ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە شارائىتلاردىن ھەربىرى ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ ماكان كاتېگورىيىسىنى تەھلىل قىلىدۇ. ماكاننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

ماكان ماھىيەتكە خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ تەرىپلىرىنى كەلتۈرىدۇ ۋە جىسىمنىڭ ماكانى بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداقتۇر ئارەزگە ئىگە بولۇشىغا زۆرۈرىيەت بولغان ھالدا جىسىم ئۈچۈن ماكان زۆرۈرمۇ — يوقمۇ مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ.

ئەرەستۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەب، ھەرىكەتنىڭ بوشلۇققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياكى يوقمۇ دېگەن مەسىلىنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ (ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەبنىڭ) نە ئويغاتقۇچى سەۋەبكە، نە ۋاكۇئۇمنىڭ (ھاۋا ياكى سۇيۇقلۇق ئۆتكۈزمەيدىغان ئىدىشنىڭ) يوقلۇقىغا، نە ھەر قانداق تەبىئىي سەۋەبلەر يىغىندىسىغا ئېھتىياجى، بۇنىڭ ئۈستىگە بوشلۇقتىكى — نە جەۋھەرگە ۋە نە ئارەزگە ئېھتىياجى يوق دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇتلەق بوشلۇقنىڭ يوقلۇقىنى ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ «ۋاقىت» كاتېگورىيىسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىغا زۆرۈر بولغان بىھېساب سەۋەبلەر ھەققىدە توختىلىدۇ. بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرغۇچى ۋە يانمۇ يان تۇرغۇچى باشقا جىسىملاردىن ھەرىكەتلىنىدىغان مۇتەھەررىك (ھەرىكەتچان) جىسىملار بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە باشقا جىسىملاردىن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە باشقىلار. مۇنداق ھالەتتە بىر جىسىمنىڭ باشقىسىغا نىسبەتەن ھەرىكىتى ئۆزئارا يېقىنلاشقان ۋە يانداشقان، بىر ھەرىكەت ئىككىنچىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ۋە ئومۇمەن ئالغاندا چەكسىز بولىدۇ.

ئەرەستۇ تەبىئىي جىسىم ۋە تەبىئەتكە قارىغاندا باشقا بىر جىسىمنى قانداق قىلىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى ۋە ھەرىكەتتىكى ئالدىنقى جىسىمدىن ھەرىكەتكە كەلگەن جىسىملار ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلىرىنى قانداق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ھەرىكەت شەكلى پەقەت مېخانىك (ئەلھەيەل) ھەرىكەت بولۇپ، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەتراپىتىكى باشقا جى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىملارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى ئاشۇ ھەرىكەت توغرا سىزىقلىق بولماي، بەلكى ئايلانما ھەرىكەتتۇر. باشقا بىر جىسىم ئارقىلىق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلىدىغان جىسىم ئاشۇ جىسىمنىڭ ھەرىكەتكە تەسىرىدىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئەرەستۇ بۇ قىسىم مۇتلەق مىقدارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ھەممە تەبىئىي جىسىملارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى باشلانغۇچ جىسىم بولۇشى زۆرۈر ۋە يەنە شۇ جىسىمدىن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىپ، باشقا ھەممە جىسىملاردىن ئايلانما ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى باشقا بىر جىسىم بولۇشى كېرەك.

كېيىن ئۇ ئايلانما ھەرىكەتلەندۈرگۈچى جىسىم ھەققىدە توختىلىدۇ. ئاشۇ جىسىم ئۆز ـ ئۆزىدىن ھەرىكەتلىنىدىغان ياكى ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى سەۋەب بارمۇ؟ ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت مەنبەئى بار بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ تەبىئىي ھالدا ئايلانما ھەرىكەت قىلغۇچى جىسىملار ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار جىسىملارمۇ ياكى جىسىم ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ماددا ۋە جىسىملىرى (تەنلىرى) بولمىغان جىسىمسىز ماھىيەتمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئايلانما ھەرىكەتنىڭ ئەڭ چېتىدە تۇرغۇچى جىسىملار، مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ قانداقتۇر ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچ ۋاقىت ئۇ ماھىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسىسى، نە جىسىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئۇ نە جىسىمدا ۋە ماددىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا روشەن بولىدۇ. ئۇلارنى تەبىئىي نەرسىلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلىدىغانغا ئوخشاش ئۇسۇلدا تەتقىق قىلماي، بەلكى پۈتۈنلەي باشقىچە ئۇسلۇب بىلەن تەتقىق قىلىش

كېرەك بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلەر ئەرەستۇ تەبىئەت ھەققىدىكى يەنگە مەنسۇپ دېگەن ئاساسلارنىڭ يىغىندىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ھەققىدە ئەرەستۇ «فىزىك گارمۇنىيە» ناملىق كىتابىدا توختىلىدۇ.

ئۇ بۇ كىتابىدا تەپسىلىي يورۇتقان ماۋزۇنى يەنە باشقا بىر كىتابىدىمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ كىتابنى ئۆز زۆرۈرىيەت نۇقتىسىنەزىرىدىن شۇنداق بىر جىسىم بولۇشى كېرەككى، ئۇ جىسىم ئۆز ئەتراپىدا تۇرغۇچى باشقا جىسىملارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى زۆرۈر، دېگەن پىكىر بىلەن باشلايدۇ. ئەمما بۇ جىسىملار مۇتلەق بوشلۇقتا ئەمەس. يەنە ئاشۇ جىسىم باشقا ياندىكى جىسىملارغا تۇتىشىشنى ۋە تېگىپ جىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەجمۇئەنى ئەرەستۇ «كائىنات» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرەستۇ كائىنات ئوراپ ئالغان بۇ جىسىملار مەجمۇئەسى ئىچىدە كائىناتنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ بىرىنچى جىسىملار بولمىش جىسىملار بارمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىنى ھەمدە ئۇلار كائىناتنىڭ ئەڭ بىرىنچى بۆلەكلىرى بولسا ۋە ئالەمنى يوق قىلىپ ياكى ئىنكار قىلىپ تاشلاش ئۇچۇن ئۇلاردىن بىرەر بۆلىكىنى بىر ياقلىق قىلغاندا كائىنات يوق بولۇپ كېتەمدۇ، دېگەن مۇرەككەپ مەسىلىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ كائىناتنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ بىرىنچى جىسىملار بار ۋە ئۇلار كائىناتنى تەشكىل قىلغۇچى جىسىملار بولغان بىرىنچى مەۋجۇدىيەتلەردۇر، دەپ چۈشەندۈرگەن.

## ئالتىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ كائىناتنى ئەڭ دەسلەپىدە تەشكىل قىلغان جىسىملارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ جىسىملار مەجمۇئەسىدە باشقا ھەممە جىسىملارغا ئايلانما ھەرىكەت بەرگۈچى جىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغىنى ئۇچۇن زۆرۈرىي رەۋىشتە ئىككى ماكان بولۇشى كېرەك. ئۇلار: ئوتتۇرىدىكى يەنى، مەركەزدىكى ماكان ۋە مەركەزنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ماكان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېخانىك ھەرىكەت تۈپەيلىدىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى جىسىملار بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۈچ خىلى بار: ئايلانما بويلاپ ھەرىكەت، ئوتتۇرىغا (مەركەزگە) ئىنتىلگۈچى ھەرىكەت ۋە ئوتتۇرىدىن (مەركەزدىن) چەتكە ھەرىكەت، ھەرىكەتنىڭ بۇ ئۈچ خىل ياندىشىشىنىڭ تۆرلۈك خىللىرى بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بوشلۇق يوق.

ئەرەستۇ ئوتتۇرىدىن (مەركەزدىن) چەتكە ھەرىكەتنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ھەرىكەت مىقدارى جەھەتتىن بىرمۇ ياكى كۆپمۇ؟ ئۇ، بۇ ھەرىكەت ئۈچ تۈرلۈك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەربىرىنى ئايرىم تەرىپلەيدۇ. ھەربىر خىلنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇلاردا بار بولغان ماھىيەتنى ئارەزلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ ھەرىكەتنىڭ بۇ خىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى قانداقلىقىنى، نېمىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن بولۇشلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ، ئاشۇ ھەرىكەتلەر ئاددىي جىسىملارغا خاس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كائىناتنى تەشكىل قىلغان بۇ جىسىملار بىر قانچىدۇر. ئۇ، ئاشۇ جىسىملارنىڭ كائىناتتىكى جايلىشىشلىرى ھەمدە بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ھالەتلىرى ۋە تەرتىپىنى ئېنىقلايدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىر قىسمىنى ۋە ئۇ قىسىملارنىڭ جايلىشىش تەرتىپىنى تەرىپلەيدۇ. ئاددىي قىسىملاردىن بىرى «بىرىنچى قىسىم» دۇر. ئۇ، ئومۇمىي ماددىغا ئىگە ۋە شەكىل بىلەن پەرقلەنگۈچى باشقا تۆت جىسىم: تۇپراق، ئوت، ھاۋا ۋە سۇدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ تۆت ئاددىي جىسىملار بىرىنچى جىسىمدىن تۆۋەن تۇرغۇچى باشقا جىسىملارنى يارىتىدىغان ئۇنسۇرلار (ئېلېمېنتلار) دۇر. بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ بىرى باشقىلىرىدىن، ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئاددىيراق قىسىملاردىن

يارىتىلىدۇ. ئەمما «بىرىنچى جىسىم» دىن پەيدا بولمايدۇ.
بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «كىتابەل ـ سەما ۋەل ـ ئالەم» ئەسىرىدىن مەلۇمات ئالسا بولىدۇ. ئەرەستۇ بۇ ھەقتە «كىتابەل ـ سەما ۋەل ـ ئالەم» نىڭ ئاخىرىدا بايان قىلغان ماۋزۇنىڭ باشقا بىر رىسالىسىدە داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە ئۆز ـ ئۆزىچە پەيدا بولغان ئاشۇ تۆت ئۇنسۇر، بىرى يەنە باشقىسىدىن يارىتىلىدۇ، دەپ يازىدۇ. يەنە ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئەگىشىش ئۇسلۇبى بويىچە بىر جەۋھەرنىڭ ماددىسى باشقا يەنە بىر جەۋھەرنىڭمۇ ماددىسى بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. دەرھەقىقەت، ھەربىر ئۇنسۇر باشقا ئۇنسۇر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. باشقا يارىتىلغان جىسىملار بولسا، شۇ ئۇنسۇرلاردىن يارىتىلىدۇ. ئۇنسۇرلار خاس ۋە كۆچلەرگە ئىگىدۇر. ئۇلار تۆپەيلىدىن ئۇنسۇرلار بىر ـ بىرىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى ئۇچۇن ئۆزگە جىسىملارنى يارىتىدۇ. پەيدا بولۇش ۋە بەربات بولۇش (فەساد) قا كەلسەك، ئۇلار ھەققىدە قانداق پىكىر بىلدۈرۈلگەن: بىر ھالەت باشقا ھالەتكە ئۆتىدۇ. پەيدا بولۇش — راۋاجلىنىشنى، بەربات بولۇش ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ. پەيدا بولۇش — ئەل كەۋن (مەۋجۇتلۇق) نىڭ نىمە ئىكەنلىكى روشەن ئىكەن، دېمەك بىر جىسىمنىڭ باشقىسىدىن پەيدا بولۇشى، بىرى باشقىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، بىرى باشقىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئۇچۇن ئۇلار بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرۇشلىرى كېرەك. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاۋۋال پەيدا بولۇش ۋە بەربات بولۇش جەريانىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، قانداق ۋە نېمىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكلىرىنى بىلىش كېرەك. يەنە پەيدا بولۇش ۋە بەربات بولۇش ئاددىي بىرلىشىشتىن ياكى ئاجرىلىشتىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتۈش ۋە پەيدا بولۇش ۋە نە بەربات بولۇش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېيىن ئەرەستۇ سۇپەتلەرنىڭ تەسىر قىلىش ۋە تەسىرلىنىش (ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە ھەرىكەتلىنىش) تىن ئىبارەت جىسىملارنىڭ تەلاموسىنى (بىر ـ بىرىگە تېگىپ تۇرۇشىنى) كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە، بىرى باشقىسىغا تەسىر ئۆتكۈزگۈچى ۋە باشقىسى ئۆزى تەسىرلەنگۈچى جىسىملارنىڭ خىسلەتلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ.

كېيىن ئۇ، تەسىر (ھەرىكەت) نېمە ۋە تەسىرلىنىش (ھەرىكەتلىنىش — باشقا بىر كۈچ تەسىرىدە) نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بۇ تۇيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلگۈچى سۇپەتلەردە بولۇشلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىشىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە بىرىكىش (سىنتېز)، قوشۇلۇپ كېتىش ۋە باشقا تەبىئىي جىسىملار مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى بولغان تۆت ئۇنسۇرنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىنى تەھلىل قىلىدۇ.

## يەتتىنچى بۆلۈم

بۇلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەرەستۇ ئاشۇ تۆت (تۇپراق، ئوت، ھاۋا ۋە سۇ) جىسىمنىڭ تەھلىلىگە ئۆتىدۇ. بۇ ئۇنسۇرلار قانداق خىسلەتكە ئىگە، ئۇلارغا قانداق مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئاساس ۋە كۈچلەر بارمۇ؟ ئۇلار ئۆز ماھىيەتلىرىگە قارىغاندا ئۇزۇنسۇرمۇ ياكى تەبىئىي سەۋەبلەر تۇپەيلىمۇ؟ ئۇلار بىرىنچى ئەڭ ئاددىي جىسىملارمۇ ياكى ئۇلاردىن ئاۋۋال باشقا زەررىلەر بارمۇ؟ ئۇلارغا ئۇلارنى چەكسىز قىلغۇچى كۈچلەر ھەمراھ بولامدۇ ياكى ئۇلار نىھايەلىك (چېگرىلانغان) مۇ؟ بۇ يەردە ئەرەستۇ ئاۋۋالقى ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىدىن پەرقلىق رەۋىشتە ئۇنسۇرلارنى ناھايىتى كۆپ ئۇنسۇرلار بولۇشىغا ياردەم بەرگۈچى كۈچكە ئىگە بولامدۇ ـ يوق؟ ئۇنسۇرلار ئەبەدىيمۇ ياكى ئۇلارمۇ پەيدا بو-

لۇپ، يەنە بەربات بولامدۇ؟

ئۇلار ئەبەدىي (باقىي) بولالمايدۇ. چۈنكى ھاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە ئوتقا بۆلۈنىدۇ. بىرى باشقىغا ئايلىنىدۇ ۋە بەلكى ھەربىر ئۇنسۇر ھەربىر باشقىسىدا مەۋجۇتتۇر. مىسال تەرىقىسىدە ھاۋانى ئالساق، ئۇ تۆت ئۇنسۇرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىلقۇۋۋەت (Иотнцая)① ئىمكانىيەت ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن، شۇ بىلقۇۋۋەت ئىمكانىيەت تۇپەيلىدىن ئۇ ئۇنسۇر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى ئۇنسۇرلارغا ئاجرىتىپ تاشلايدىغان باشقا بىر كۈچ ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھال مۇنداق چاغلاردا يۈز بېرىشى مۇمكىن: يا سۇ ناھايىتى كۆپ قىسىملارغا (بۆلەكلەرگە) بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ياكى سۇنىڭ ھەربىر قىسىم، بۆلىكىدە شۇنداق كۈچلەر باركى، ئۇلار تۇپەيلىدىن سۇ ئاشۇ ھەربىر كۈچكە ئىگە بولغان ئۇنسۇر بولالايدۇ. ئەرەستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇنسۇرلار سانى چەكسىز ئەمەس ۋە ئۇنسۇرلار مەۋجۇتلۇقىنى تەمىنلىگۈچى سەۋەبلەر مۇتلەق باقىي بولۇپ قالالمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەرەستۇ بىلقۇۋۋەت ئىمكانىيەت بار، ئۇلار تۇپەيلىدىن بىر جىسىم باشقىسىغا تەسىر ئۆتكۈزىدۇ، بىرى باشقىلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ھەربىر پەيدا بولىدىغان جىسىمنىڭ پەيدا بولۇشى ئالدى بىلەن جىسىمنىڭ بەزى تۈيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلىدىغان سۈپەتلەرگە بولغان تەسىرى سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە جىسىم جەۋھىرى نە يوقىرىدا ئېيتىلغاندەك، جىسىملار ئاشۇ تۆت جىسىم ئۇنسۇر بولۇشقا سەۋەب بولغۇچى شۇ سۈپەتلەردىن تەسىرلىنىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈرىيەت سەۋەب بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، ھەربىر ئايرىم ئۇنسۇر باشقىسىدىن پەيدا

① بىلقۇۋۋەت Иотнцая — ئېلېكتر ياكى ماگنىت مەيدانىنىڭ مەلۇم نۇقتىدىكى ھالىتىنى خاراكتېرلەيدىغان مىقدار، ئىمكانىيەت كۈچ - قۇدرەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولامدۇ ياكى ئۈچ ئۇنسۇر بىرسىدىن پەيدا بولامدۇ، دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ بىر ئۇنسۇرنىڭ باشقىسىدىن پەيدا بولۇشىنى ۋە بۇ ھال قانداق يۈز بېرىشىنى بايان قىلىدۇ. كېيىن ئەرەستۇ باشقا جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ: ئۇلار قانداق پەيدا بولىدۇ؟ قانداق ئايرىلىشىدۇ؟ بىرىكىش جەريانى قانداق ئۆتىدۇ؟ يەنى جىسىملار قايسى جەريان نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ؟

## سەككىزىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇ مەسىلىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ، بىر خىل جىسىملارنىڭ باشقىلىرىغا تەسىر ئۆتكۈزۈشكە باشلىشى، ئىككىنچىسى بولسا تەسىرلىنىشكە باشلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولغان ئاشۇ سەۋەبلەر ۋە ئاساسلار يېتەرلىكمۇ — يوق؟ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھەربىر نەرسە ھەم ئىمكانى، ھەم ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئۆزىدە سەزگۈچى (تەسىرلەنگۈچى) بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن جايلاشقان جىسىملار كائىناتقا خاس بىرىنچى ئىمكانىيەتنى كۈچلۈك تەشكىل قىلىشلىرى ئۈچۈن، بىر خىل جىسىملاردىن باشقىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشلىرى ئۈچۈن، ئاشۇ ھالەت يېتەرلىكمۇ — يوق؟ بىر خىل جىسىملارنىڭ ياردىمىدە بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىشلىرى ئۈچۈن، بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇشلىرى ئۈچۈن ياردەملەشكۈچى ۋە ئۇلاردىن يېڭى جىسىم پەيدا بولۇشىغا ئاساس بەرگۈچى بىرەر تاشقى تەسىر قىلغۇچى كۈچكە موھتاجمۇ ـ يوق؟ دېگەن ھالەتلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن نەرسىلەر نە ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى، نە ئۇلارنىڭ جەۋھەرلىرى، نە باشقا خىسلەتلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى، يېڭى جىسىملار پەيدا بولۇشى ئۈچۈن، بىرىدىن باشقىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن دېمەكچى بولسا كېرەك) يېتەرلىك

ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇر باشقا تەسىر قىلغۇچى سەۋەبلەر بولۇشى زۆرۈر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەستۇ تەسىر قىلغۇچى ھەرىكەتتىكى كۈچلەرنىڭ ئاساسلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇ قاتاردا، ئەرەستۇ ماددىلارنى ۋە ھەمدە ئۇلار تۇپەيلىدىن پەيدا بولغۇچى ۋە بەربات بولغۇچى جىسىملارنى تەكشۈرىدۇ، قايسى ئاساسلارنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە ئۇنسۇرلاردىكى ماھىيەتلەر قانداقلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇ مۇشۇ پەيدا بولغۇچى ۋە بەربات بولغۇچى جىسىملارنىڭ سۈپەتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان مەقسەت ۋە ئارەزنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر جىسىمنىڭ باشقا تەرىپىدىن يارتىلىشى ۋە قايتۇرۇلۇشلىرىنىڭ، پەيدا بولغۇچى جىسىملار تەناۋەب (نۆۋەت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش) قائىدىسى بويىچە ئىزچىل ئالمىشىپ تۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، پۈتۈنلەي ھالاك بولغۇچى ۋە پەيدا بولغۇچى بىرەر نەرسە بارمۇ ياكى ئەسلىدە مۇنداق بولمامدۇ؟ دائىما نېمىدۇر، نېمىدىندۇر پەيدا بولۇپ تۇرامدۇ؟ دېگەن مۇئەممانى كۆرۈپ چىقىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ بەربات بولۇشقا مەھكۇم نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ؛ بۇ نەرسىلەر يەنە قايتا تىكلىنەمدۇ ۋە ئۇلار مۇندىن كېيىن ئاۋۋالقى ھالىدا مەۋجۇت بولامدۇ ياكى ئۇلاردا ماھىيەتسىزلىككە ئايلىنىپ ھېچ نەرسە ساقلىنىپ قالامدۇ؟ ماھىيەتسىزلىك بولسا — يوقلۇق دېمەكتۇر ياكى ئۇلاردىن نېمىدۇر قايتا تىكلىنىپ، نېمىدۇر يوق بولامدۇ؟ ئەگەر بىرەر نەرسا قايتا تىكلەنسە، ئۇ چاغدا قايسى دەرىجىدە تىكلىنىدۇ ۋە نەچچە قېتىم؟ پەيدا بولغۇچى ۋە فەساد (بۇزۇلغان) نەرسە ئاخىرى قايتا تىكلىنەمدۇ ياكى چەك ـ چېگرىسى بارمۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە ئۇنىڭ «كىتاب فىل ـ كەۋن ۋەل ـ فەساد» رىسالىسىدە يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېيىن ئەرەستۇ ئۇنسۇرلارنى تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار-غا مۇھىم ۋە خاس ئۆز ماھىيەتلىرى ۋە ئۇنسۇرلارنىڭ شۇنداق بولۇشى سەۋەب بولغان كۈچلەر بويىچە ئۇلار بىر - بىرىگە زىددى-يەتلىكتۇر. ئۇلاردىن بىر خىللىرى باشقىلىرىغا تەسىر (ھەرى-كەت) ئۆتكۈزۈپ، يەنە ئۆزگىلىرى ئۇچىنچىلىرىدىن تەسىرلى-نىپ بىر - بىرلىرىگە تېگىدۇ، ئارىلىشىدۇ، بەربات بولىدۇ، يېڭىلىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن چېكىگە يېتىۋاتقان ياكى يېتىپ بولغان ئۇنسۇرلاردىن ھەربىرىدە ئۇلارغا ماھىيەت بەرگۈ-چى قانداقتۇر كامالەتكە يەتكەن بولۇش ئۇچۇن ماھىيەت كامالى-تى، ئۇنىڭدا زۆرۈرلۈكىدىن ئارتۇقچە بولماسلىقى شەرت. شۇ-نىڭغا ئوخشاش ئۇنسۇر مەۋجۇدىيىتىنىڭ بائىسى بولمىش سەۋەب ئەڭ ئاخىرقى ھۇدۇدىي مىزانىغا ئىگە، چۈنكى ئارتۇقچە زىيادىلىك ھەر قانداق بەركاماللىقنى بۇزىدۇ.

كامالەت ۋە كۈچتە كىچىكلەپ بارغان ئۇنسۇر، ئۇنىڭ ماھى-يىتىگە خاس ئەڭ كىچىككىنە مىقدارغا (ھەجىمگە) ئىگە بولى-دۇ. كېمىيىۋېرىپ ئاشۇ ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى ئەڭ تۆۋەن (مى-نىمال) مىقدار باشقا ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ماھىيەت باشقا ئۇنسۇرنىڭ ماھىيىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنسۇر-نىڭ ماھىيىتى ئەڭ تۆۋەن مىقدارغا ئىگە بولغاندا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلدا يۈز بېرىدۇ: ئۇنىڭ بىرى بويىچە قوبۇل ئەتكۈچى ماددا، تاشقىرىدىكى زىت ماھىيەتتىن ماھىيىتى ئاللىقاچان نېمىدۇر قوبۇل قىلغان ئۇنسۇردا بولىدۇ. ئەمما ئۇ نېمىدۇر (نەرسە) تاشقى تەسىر (تەسىر ئەتكۈچى ھەرى-كەت) ئەمەس ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭ رەۋىشتە ماھىيىتى زىت ئاشۇ ئۇنسۇردا مەۋجۇت بولغان (تەسىر) كۈچ ھەرىكەت بولۇپمۇ قېلىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ نېمىدۇر نەرسە ئۇنىڭغا زىت ئۇنسۇر-نىڭ چۆرىسىنى چېگرىلاپ تۇرغۇچى بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئۇ-چۇن ئاۋۋال ئۇ ئۆز چېگرىسىنى چېگرىلىغان بولۇشى كېرەك.

بۇ ھالەت زىت ماھىيەتتىن ئالدىنراق نېمىدۇر قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن يۈز بەرمەيدۇ. ئەرەستۇ بۇ ھالنى چەك - چېگرىسى بولمىغان نەرسىدىكى كۈچلەر تۈپەيلىدىن يۈز بېرەمدۇ - يوقمۇ دەپ كۆرۈپ چىقىدۇ.

ئەرەستۇ ئۇنسۇرلارنىڭ بىر - بىرىگە قايسى ئۇسۇل بىلەن ياندىشىدىغانلىقىنى ھەربىر ئايرىم ئۇنسۇرنىڭ تەشكىلىي قىسىملىرى باشقىلىرىغا سىڭىپ، چېچىلىپ كەتكەن ناھايىتى كۆپ ئۇششاق قىسىملارمۇ ياكى جىسىملار مەجمۇئەسى، باشقا جىسىم ماكانى بولمىغان ماكان بىلەن پەرقلىنىپ تۇرامدۇ، دېگەن مەسىلىنى يورۇتىدۇ. مەركەزگە جايلاشقان ۋە تۆت جىسىمدىن بىرى بولغان جىسىم، ئەگەر ئۇنىڭ قىسىملىرىدا (بۆلەكلىرىدە) باشقا جىسىمنىڭ بۆلەكلىرى بولمىسا، ئەركىن جىسىم بولىدۇ. كائىناتنىڭ (ئالەمنىڭ) يۇقىرى قىسمىدىكى جىسىممۇ مەركەزدىكى (ئوتتۇرىدىكى) جىسىمغا ئوخشىغان ھالەتتە بولىدۇ (يەنى، ئۇنىڭ ئەركىنلىك شەرتلىرىمۇ ئاشۇنداق دېمەكچى بولسا كېرەك) . شۇنداق قىلىپ فازەئى جىسىملارغا تېگىپ تۇرغان جىسىم قانداقتۇر بىر ئۇنسۇر بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان، ياندىش ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەندە جايلاشقان جىسىم بولسا، قانداقتۇر باشقا بىر ئۇنسۇر بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەت مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا زۆرۈري رەۋىشتە ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ قىسىملىرى ھەربىرى ئايرىم باشقا جىسىمنىڭ قىسىملىرىدا؛ بىرىنىڭ قىسىملىرى بولسا، باشقىلىرىنىڭ قىسىملىرىدا بولۇشى كېرەك بولىدۇ، ئەرەستۇ بۇنى ئىككى ئۇسۇلدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئەرەستۇ فەزاۋى (ئالەم بوشلۇقى) جىسىملارغا تەلمىس (تېگىپ تۇرغۇچى) جىسىمنىڭ ھالىتى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ بايانىچە، بۇ ھالەت ئۆز ماھىيىتى بويىچە خېلى ئەركىنرەك ۋە ئۆز ماھىيىتىنىڭ ھەممە ئۆز كۈچى-

نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا خېلى يېقىنراق بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزى بىلەن ئارىلاشقۇچى جىسىملارغا قارىغاندا، خېلى تۆۋەن ياكى يۇقىرى ھارارەت ۋە قۇرۇقلۇققا (نەم ئازلىققا) ئىگە بولۇشى كېرەك.

كېيىن ئۇنىڭغا تەلامىس ئۇنسۇر، ماھىيەت تەرىپىدىن زىت ۋە كۈچ تەرىپىدىن بوشراق بولۇش ئۇچۇن ئۇنىڭغا قارىغاندا كەمرەك ماھىيەت ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. مەركەزگە يېقىن بولغان پارچە جىسىملار ئەڭ كەم دەرىجىدىكى كۈچ ۋە ماھىيەتكە ئىگە بولۇشلىرى شەرت، پەقەت شۇنداق كۈچكى، بۇ كۈچ ۋاسىتىسىدە ئۇنسۇر، ئۇنسۇر بولالىسۇن خالاس ۋە پەقەت شۇنداق ماھىيەتكى ئۇ ماھىيەت ۋاسىتىسىدە ئۇنسۇر جەۋھەرلىشىپ ئالسۇن.

يەنە مەركەزدىكى باشقا بىر ئۇنسۇرغا ئىنتىلمۇۋاتقان ئۇنسۇرنىڭ ھەرىكەتچانلىق قابىلىيىتى ۋە باشقا ئۇنسۇر بىلەن ئارىلىشىش قابىلىيىتى خېلى كۈچلۈك بولۇشى زۆرۈر. باشقا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان ئۇنسۇر ئارىلىششىنىڭ ھېسابسىز كۆپ خىللىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەرەستۇ بۇلارغا سەۋەب تەسىر ئۆتكۈزگۈچى (ھەرىكەتلەنگۈچى) سەۋەب بولغان فەزاۋى جىسىملار ئۇلارنىڭ ماددىلىرى ۋە ئۇلارغا خاس بولغان نەرسىلەردىن كېلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ.

كېيىن ئۇ، بۇ ئۇنسۇرلارغا نام قويۇپ بەلگىلەش زۆرۈر، دەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قانداقتۇر يول بىلەن ئۆز زىددىيەتلىرى بىلەن ئارىلىششىتىن ئەمەس، ئايرىم ۋە ئەركىن ماھىيەتلەرگە ئىگىدۇر. چۈنكى ئۇ (ئۇنسۇرلار) ئۇنسۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولغان زۆرۈرىي ماھىيەتلەرگە ئىگە. بۇ ئۇلارنى بەلگىلەش ئۇچۇن ئۇلارغا يېڭى نام بەرمەيدۇ، بەلكى شۇ ئۇنسۇرلارنىڭ باشقا ئۇنسۇرلار بىلەن ئارىلىششلىرى (مۇختەلىت) نەتىجىسىدە ئېلىنغان جىسىملارنىڭ ناملىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئۇ ئۇنسۇرلارنىڭ ناملىرى مەلۇم بولغان خىللىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مېخانىك ھەرىكەت خىللىرىدىن قايسى بىرى قانداقتۇر بىر ئۇنسۇرنىڭ خۇددى شۇنداق ھەرىكىتى بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ ياكى تۇيغۇ بىلەن قوبۇل ئىدراك ئېتىلگۈچى قايسى سۈپەتلەرنىڭ قايسى خىلى بىرەر ئۇنسۇردا مەۋجۇت بولغان سۈپەتلەردىن بولۇپ قېلىشقا يېقىنراق تۇرىدۇ؟ ئۇنسۇرنىڭ بىر خىللىرىنىڭ نامىنى ئەرەستۇ شۇ ئۇنسۇرلار مەجمۇئەسىنىڭ نامىغا كۆچۈرىدۇ.

فەزاۋى جىسىملارغا تۇتاشقۇچى جىسىمنى ئۇ «ئوت» دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇ ئوت بىزدە بار بولغان ئوت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى خەلق نەزىرىدە ئوت — يالقۇن ۋە يېنىۋاتقان چوغ مەنىسىنىلا ئۇقتۇرىدۇ.

چۈنكى ئوتنىڭ ھەرىكىتى، ئوت تاكى ھاۋانى ئىشغال قىلىپ ئالغانغا قەدەر، ھاۋانىڭ يېنىشى (ئىسسىشى) نىڭ سەۋەبى بولغان ھەرىكەتنىڭ قانداقتۇر خىسلىتىنى ئۇقتۇرار ئىكەن، باشقا ئۇنسۇرلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ۋە فەزاۋى جىسىملارنىڭ بىرەر ئەگمە يۈزىگە تۇتاشقۇچى جىسىمنى «يالقۇن» (ئەلەنگە) دەپ ئاتايدۇ. يالقۇنى بولمىغان (ئەلەنگىدىن مەھرۇم بولغان) جىسىمنى «ھاۋا»، ھاۋاسى بولمىغان جىسىمنى «سۇ»، مەركەزدىن تۇرغان جىسىمنى «يەر» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدا بارچە ئۇنسۇرلار مۇجەسسەم بولغان، بۇ كۆزىتىش ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق تەستىقلانغان.

ئۇنسۇرلارنىڭ ئارىلاشمىلىرى تۆرلۈك خىللاردا سادىر بولىدۇ: تۇپراق باشقا ئۇنسۇرلار بىلەن ئىككى خىل ئارىلىشىدۇ، سۇمۇ تۇپراق ۋە ھاۋا بىلەن شۇ يوسۇندا ئارىلىشىدۇ. ئوت بىلەن ئارىلىشىشنىڭ قانداق ئۆتكىنى سېزىلمەيدۇ. ھاۋا سۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئوت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. بۇلارنى ئەرەستۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ئەرەستۇ بارچە ئارىلاشمىلاردىن[1] بىرىنچىسىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئارىلاشقۇچى ئۇنسۇرلاردىن بىرى ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتمايدۇ. ئەرەستۇ ئارىلاشمىلارنىڭ خىللىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئارىلاشمىلار بەكمۇ چەكسىز بولغانلىرىدا ئۇلارغا بېرىلىدىغان ناممۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئېنىق ئاجرىتىدىغان نەرسىمۇ يېتىشمەي قالىدۇ. پەقەت بىر - بىرىدىن ئازراقلا پەرق ئېتىشى مۇمكىن، بۇس، تۇتۇن، يالقۇنغا ئوخشاش.

## توققۇزىنچى بۆلۈم

كۆپ ئارىلاشمىلارنىڭ نام ئېلىشلىرىغا زۆرۈرىيەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئەرەستۇ ھەربىر ئايرىم ئارىلاشمىسىنى، ئۇنسۇرلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرگۈچى نام بىلەن ئاتاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى «ھاۋالىق» نامى، ئوتنى «ئوتلۇق»، تۇپراقنى «تۇپراقلىق»، سۇنى «سۇلۇق» دېگەن سۆز ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئەرەستۇ تۆرلۈك سىنىپلارغا ئاجرىتىدۇ: بەزىلىرىنى ئۇ مېخانىك ھەرىكەت بويىچە، باشقىلىرىنى تۇيغۇ ئارقىلىق ئىدراك ئەتكۈچى سۈپەتلەر بويىچە ئېنىقلايدۇ. ئەگەردە ئىككى ئۇنسۇردىن ئىبارەت ئارىلاشما ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ نامىدىمۇ ئىككى تەشكىل ئەتكۈچى ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: «تۇپراقلىق — سۇلۇق» دېگەندەك.

ئۇ ئاساسىي سۈپەتلەر ۋە بۇ تۆت ئۇنسۇردا يۈز بەرگەن، ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىغان سۈپەت ئىنفىئولىنى (ئۆزگىرىشىنى) تەھلىل قىلىدۇ ۋە باشقا جىسىملار تەسىرىگە ئۇچرىغان جىسىملار ئالغان ماھىيەتلەر ۋە ماددىلار ھەققىدە توختىلىدۇ، ئۇلارغا تەسىر قىلغۇچى ئاساسىي سەۋەبلەرنى ئېنىقلايدۇ. فەزاۋى جىسىملارغا تۇتاشقۇچى ئۇنسۇرلاردا ئۇلاردىن (شۇ سەۋەبلەردىن

---

① ئارىلاشما — سۇيۇق ياكى ئۇششاق زەررىلىك چېچىلىشچان نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا.

دېمەكچى) قايسى بىرى بارلىقىنى، ئۇلاردىن قايسى بىرى ھاۋادا، سۇدا ۋە تۇپراقتا مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلايدۇ.

كېيىن، ئۇ ئۇنسۇرلارنى تەتقىق قىلىدۇ. مەۋجۇدىيەت، كامالەت كەشىپ قىلىشقا زۆرۈر بولغان نەرسە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنسۇرلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۆز ـ ئۆزى ئۈچۈنلا كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار يا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ياكى ۋۇجۇدىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە قوشۇمچە بولالايدىغان قىسىملىرىدىن بىرى ئۈچۈن دائىما مەۋجۇت بىرەر نەرسە بولۇش ئۈچۈن ۋە يەنە ئۇنسۇرلار ئارىلىشىش تۈپەيلىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولغۇچى جىسىملارنىڭ يارىتىلىشلىرى ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

ئۇ يەنە ئاشۇ ئۇنسۇرلاردىكى خىسلەتلەرنىمۇ كۆرۈپ چىقىدۇ: ئۇلار بىرەر ئاساسىي مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ ياكى ئۇلار قانداقتۇر باشقا مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان نەرسىلەرگە باغلىق ۋە ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈرمۇ ۋە ياكى ئۇلار مەقسەتكە خاس بولمىغان ئارتۇقچە خۇسۇسىيەتتۇر. ئۇلاردىكى زىيادىلىك قولدا ئارتۇقچە بارماقنىڭ بارلىقى، يېتىشمەسلىك بولسا — يېتىشمىگەن بارماقنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ ھەققە ئۇنىڭ «فەزاۋى رەمىزلەر» رىسالىسىنىڭ مەخسۇس ئۈچ بابىدا يېزىلغان.

كېيىن ئەرەستۇ بۇ تۆت ئۇنسۇرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بىر ـ بىرىدىن تەشكىل تاپقۇچى جىسىملارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغۇچى جىسىم ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى ئوخشاش جىسىملار بىلەن، باشقىسى — پەرقلەنگۈچى جىسىملار بىلەن ھاسىل بولۇش. پەرقلەنگۈچى جىسىملاردىن ئىبارەت خىلى، بىرىسى باشقىسىغا ئوخشاش، جىسىملارنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان جىسىملار ئارىلاشما يارانقان چاغدا بولىدۇ. بۇ ئارىلاشما — ئەسلىتىلگەن جىسىملاردىن ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ ماھىيىتىنى ساقلاپ قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غان بولىدۇ. بۇ ئارىلاشمىغا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش جىسىملارغا كەلسەك، ھەربىر ئايرىم جىسىمنىڭ ماھىيىتى ساقلىنىپ قالماي-دىغان ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئارىلاشما، بىر جىسىم ھەرىكەتنى ياراتقان (تەسىر ئۆتكۈزگەن)، باشقىلىرى بولسا ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرىغانلىرى (تەسىرلەنگەنلىرى) نە-تىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

قىسىملىرى ئوخشاش جىسىملار ئىككى خىلدۇر: بىرىدە ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئۇنسۇرلارنىڭ بىر قىسمى كۆپ-رەك بولىدۇ، بۇ ھال مەلۇم بىر جىنس ۋە خىلنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر. باشقا بىر خىلغا بولسا سابىق (ئالدىنقى) نەرسى-دىن خېلىلا كەم خىسلەتكە ئىگە بولغان جىسىملار كىرىدۇ. ئۇلار يېڭى جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن ئۇنسۇرلاردىن قىسىملىرى ئوخشاش جىسىملار پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە مۇنۇلارنى كۆرۈپ چىقىدۇ: بۇ قانداق يۈز بەردى، ئۇنسۇرنىڭ ئۇنسۇر بىلەن قوشۇ-لۇشى قانداق ئۆتتى، قوشۇلغان ئۇنسۇرلاردىن قايسى بىرى تەسىر ئۆتكەزگۈچى — ھەرىكەتتىكى سەۋەب (فائىل) ۋەزىپىسىنى ئۆ-تەيدۇ؟ قايسى كۈچ ۋاستىسىدە ئۇنسۇرلارنىڭ قانچە قىسمى بى-رىنچى ماددا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؟ قانداق كۈچ تۈپەيلىدىن ئۇن-سۇرلارنىڭ قانچە قىسمى جۇزئى فائىل (ئايرىم ئىنئىلگۈچى) بولۇپ قالىدۇ؟ يېڭى جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى قانداق خىسلەت-لەرنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ؟ ئەرەستۇ خۇددى شۇ تەرتىپتە يوقىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. جىسىملارنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە يوقىلىشىدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانچە خىل بولۇشىنى ۋە بۇ قايسى ماكاندا يۈز بېرىشىنى چۈشەن-دۈرىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇ ماكان ئوتتۇرىلىق بولۇشى زۆرۈر. ئوتتۇرىلىق بولسا يەرگە، ئۇنىڭ يۈزى ۋە باغرىغا تۇتاش.

كېيىن ئەرەستۇ ھېس قىلىنغۇچى سۈپەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى (كلاسسىفىكاتسىيە) گە ئۆتىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ خىسلەتلىرى

شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار قىسىملىرى (جۈزئى) ئوخشاش جىسىملاردا ۋە بىرىنچى كۈچلەرگە بويسۇنغان ئايرىلاش قىسىملاردا بولىدۇ. بۇ كۈچلەر ۋاستىسىدە بىر ئۇنسۇر ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. باشقىلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىدۇ (تەسىرلىنىدۇ). بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنسۇرلارنىڭ ئايرىلىشىشلىرى ۋە بىر - بىرىگە ئۆتۈشلىرى سەۋەبلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇ ھېس ئېتىلگۈچى سەۋەبلەرنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئايرىلاش جىسىمدىكى مەۋجۇتلۇقى ئۇنسۇرلاردا بار بولغان ھەرىكەتتىكى كۈچلەرگە بويسۇنىدۇ. بۇ كۈچلەرگە بولسا. جىسىملارنىڭ لاقايىد (پاسسىپ ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى) بولۇپ قېلىشلىرىغا ياردەم بەرگۈچى كۈچلەر ياردەم بېرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ باشقا سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھېس قىلىنىدىغان ئۆزگە سۈپەت ۋە قىسىملارنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن بەزى ئۇنسۇرلار باشقىلىرىغا تەسىر قىلىشتا ۋاستە بولغۇچى كۈچلەرگە ئوخشاش بولۇشلىرى ئۈچۈن ئۇلار يېتەرلىك ئەمەس، دەيدىغان پىكىرلەر مەۋجۇتتۇر. يەنى تاشقى كۈچلەردىن كېلىپ چىققۇچى ياكى كۈچ بىلەن مەۋجۇت بولغان باشقا قانداقتۇر كۈچلەرگە ئېھتىياج سېزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتلەرنى ئۆگىنىش تەبىئەت ھەققىدىكى پەن (فىزىكا) نىڭ باشقا بۆلۈمىگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلايدۇ. فىزىكىنىڭ بۇ بۆلۈمى بەسەرى (كۆرۈش)، سەمائىي (ئاڭلاش) ۋە باشقا ھېس - تۇيغۇ ئەزالىرىنىڭ ماۋزۇسىغا تەئەللۇق نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، مەۋجۇت رەڭلەر مۆھۈرلىنىپ قېلىشقا موھتاج، تۇيغۇ بىلەن ئىدراك ئېتىلگۈچى نەرسىلەر — شۇ قاتاردا ھېس قىلىنىدىغان نەرسىلەرمۇ، — شۇلارغا ئوخشاش كۈچلەرگە موھتاج.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن «فەزاۋىي رەمىزلەر» كىتابىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كېيىن ئەرەستۇ جىنىسداش نەرسىلەردىن پەيدا بولغان، ئوخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاش قىسىملارغا جىسىملارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلارغا تاشلار ھەمدە تاش بىلەن جىنسداش تاشلىق جىسىملار كىرىدۇ.

ئەرەستۇ يەر (تۇپراق) قىسىملىرى، بۇ قىسىملارنىڭ خىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنى ھەمدە مەۋجۇت باغلىنىشلارنىڭ تۈرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. ئۇ قايسى ئاتەشلىك، قايسى ھاۋالىق، قايسى سۇلۇق① ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردىن قايسىلىرى تۇپراق تەركىبىدىكى سانسىز كۆپ نەرسىلەر بىلەن ئالاقىلاشقان ئارىلىشىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ ئىسسىق بۇغلىنىشلارنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ بۇغلىنىشلارنىڭ بەزى قىسىملىرى قۇرۇقلۇقتا، بەزىلىرى نەملىكتە، بىر قىسمى خېلى تازا ۋە نازۇك، باشقىلىرى سەل تۇتۇنلۇك بولۇشتا ماھىردۇر. بۇغلىنىش گوياكى تەبىئىي ھارارەت بىلەن بىرلىشىدىغان (نەرسە) بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن يەر ئاستىدىكى ۋە يەر ئۈستىدىكى جىسىملارنىڭ بالاغىتى (ۋايىغا يەتكەنلىكى) مەۋجۇتتۇر. بۇ جىسىملار سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ياكى نەملىك، قۇرۇقلۇقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەسىرنى قوبۇل قىلغۇچى ماددىلاردۇر. چۈنكى ئۇلارغا ھارارەت ۋە سوغۇقلۇق تەسىر ئۆتكۈزىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇلار ھارارەت، سوغۇقلۇقنى ئوخشاش جىسىملارغا ئىگە بولغان جىسىملارنىڭ فائىللىرى (ئىشلىگۈچىلىرى)، تەسىر ئۆتكۈزگۈچى سەۋەبلىرىدۇر. ئۇ يەر ئاستى بۇغلىنىشلىرى پەيدا بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبلىرى ئالدى بىلەن فىزاۋىي جىسىملاردۇر، ئاندىن قالسا ئۇنىڭغا فىزاۋىي جىسىملار ئارقىلىق ئىسسىيدىغان، يەرگە تۇتاش ھاۋا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ، يەردىكى ئارىلاشقان ئۇنسۇرلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرى يەر ئاستىدا ۋە ئۈستىدە بولغان تاش ۋە مەدەن جى-

---

① بۇ يەردە سۆز دۇنيا تەشكىل تاپقان تۆت ئاناسىر (تۇپراق، ئوت، ھاۋا، سۇ) ئۈستىدە بارىدۇ — تەرجىمان.

سىملارنى تۇزگۇچى خىللارنى چۇشەندۇرۇشكە ئۆتىدۇ. ئەرەستۇ چۇشەنچە — كاتېگورىيىلىرىنىڭ يېزىلىشىنى تۇزەشكە ھەمدە شۇ خىللارنىڭ كېيىنكى شاخاپچىلىرىنى ئېنىقلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزئارا پەرقلەنسە، ئۇ چاغدا ھەربىرىنىڭ ئايرىم ماددىسىنىڭ ۋە شەكلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە شۇ يېڭى خىللاردىن قايسى بىرىدە مەۋجۇت بولغان ئۇلارنىڭ ھەرىكەتتىكى تەسىر قىلغۇچى ئاساسلارنى ياكى ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ ماھىيەتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۇش كېرەك بولىدۇ. شۇ قاتاردا يەنە ئاشۇ يېڭى تۇرلەردىن قايسى بىرىنىڭ يارىتىلىشىغا سەۋەب بولغان مەقسەتلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۇش زۆرۇر، بۇ مەقسەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە كائىنات مەجمۇئەسى مەقسىتىنى بىلمەستىن ئاۋۋال بىلىش مۇمكىن ئىش بولغىنى ئۇچۇن، ئەرەستۇ بۇ مەقسەتلەرنى كۆرۇپ چىقىشنى پەننىڭ باشقا بۆلۇمىگە ھاۋالە قىلىدۇ. پەننىڭ بۇ بۆلۇمى كائىناتتىكى ئەڭ ئاخىرقى چېگرىدىكى ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «ئىلىمەل ـ مەئىئادىنا»، «مىنېرالوگىيە» رىسالىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

ھايۋاناتنى كۆرۇپ چىققانغا قەدەر ئۇ نەبانات (ئۆسۇملۇك) لار ئۇستىدە توختىلىدۇ. بۇ ئىشنى ئۇ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كۆزدتىش ئارقىلىق مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى يېزىش مەسىلىسىدىن باشلايدۇ. ئۇ يېڭى تۇرلەرنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ساناپ ئۆتۇلگەن ھەربىر تۇردىن كۆرۇنۇپ تۇرغىنىنى يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بىرەر تۇردە ياكى ھەربىر تۇرنىڭ بىرەر قىسمىدا نامايان بولغان ئارەز (ئاكتىسىېدىنتىسىيە — Акциденцна) لەرنى يازىدۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىگە مەلۇم بولغان ھەممە نەرسىنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ ئۆسۇملۇكلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆسۇملۇكلەرنىڭ بىرەر بىر خىلىنىڭ پەيدا بولۇشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۇلار پەيدا بولغان ماددا ۋە شۇ خىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ۋاستە بولغۇچى فائىل (ھەرىكەتتىكى سەۋەب) خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ نەباتات ماھىيىتىگە تەئەللۇق بولغان ھەممە مەسىلىلەرنى بايان قىلىدۇ.

كېيىن ئۇ ھايۋانات ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئۇستىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارنى كۆزىتىش، ھېس - تۇيغۇ ئارقىلىق بىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھايۋانلارنىڭ خىللىرىنى ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ئونىنچى بۆلۈم

ھايۋانات ۋە نەباتاتنىڭ مۇتىدىل ھالەتلىرى ئۈچۈن تەبىئەت ۋە تەبىئىي ئاساسلار يېتەرلىك ئەمەس. بۇ سەۋەبلەردىن تاشقىرى يەنە ئۇلار باشقا كۈچلەرگىمۇ موھتاجدۇر. تاكى ھايۋانات ۋە نەباتاتتا بۇ ئاساس فىترىي (تەبىئىي) نەرسىلەردە مەۋجۇت بولغان تەبىئەتكە ئوخشاش بولۇشى زۆرۈردۇر. ئەرەستۇ بۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھايۋانلاردا تەبىئەتتىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئالغان نۇرغۇن ئاساسلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۆزگىچە ئاساسنى ئەرەستۇ «روھ» (فەرابىي «نەفس» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ) دەپ ئاتايدۇ ۋە ھايۋانىنىڭمۇ، ئۆسۈملۈكنىڭمۇ روھى بار دەپ ئەسلىتىدۇ. روھ بىلەن جىنسداش ئاساسلارنى ئۇ «روھىي ئاساسلار ۋە كۈچلەر» دەپ ئاتايدۇ.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن تەبىئىي ھالدا ھايۋانغا خاس نەرسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ ھايۋانغا خاس بولغان ھەممە نەرسىلەرگە ئېتىبار بېرىدۇ. ئاۋۋال ئۇ ھايۋانلار خىللىرىنىڭ شاخاپچىلىرىنى (تارماقلىرىنى) ۋە ھايۋاناتنىڭ تەبىئىي ھالدا يارىتىلغۇچى، ھەربىر ئايرىم خىلى يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولغان تەبىئىي مەقسەتلەر ئۇستىدە تەتقىقات قىلىدۇ. ئۇ ھايۋاناتنىڭ ھەربىر خىلىدا

ماھىيەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئاساس بار ھەممە بۇ ئاساس — قانداق بولمىسۇن، ھايۋاناتنىڭ قانداقتۇر خىلىنى پەيدا قىلغۇچى ماددىدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەبىئىي پائال ئاساسلار ھايۋاناتنىڭ ھەربىر تۈرىدە بار دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ تۈر تەبىئىي جەۋھەر بولۇشقا ۋاستە بولالايدىغان سەۋەبنى ھەممە ئۇنىڭغا (فىتىرىي ئاساسقا) تەبىئىي ھالدا ماس بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇدىيەتنىڭ سەۋەبى بولغان مەقسەتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەرەستۇ ئۆزى ئۇچۇن فىتىرىي جىسىملار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئالىدۇ. بىرىنچى خىلى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا يەتكىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە شۇ خىل ماھىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ — ھەربىر ئايرىم تەبىئىي جەۋھەرنىڭ ماھىيىتى بولغان تەبىئەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئىككىنچى خىلى ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزى بولغان جەۋھىرى ماددىنى تەييارلاش، پۈتۈن كۈچ، ئىمكانىيەت ياكى باشقا بىر ئاساسقا قورال بولۇش ئۈچۈن تەبىئىي ماھىيەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي جىسىملارنىڭ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەكىللەنگەن تەبىئەتكە، ئۆز ماددىسىغا ياكى ئۇنىڭ قورالى بولغان كۈچلەرگە نىسبىتى، بىر ئاساس بولۇپ، ئۇ — «روھ» دۇر.

## ئون بىرىنچى بۆلۈم

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ «روھ» نى تەتقىق قىلىشقا، روھنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە، تەبىئەتنى تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش زۆرۈرىيەت سېزىدۇ. ئۇ روھىي كۈچلەر ۋە روھتىن پەيدا بولغۇچى ھەرىكەتلەر ھالىتىنى تەرىپلەيدۇ. كېيىن ئۇ روھنىڭ ئۆزى نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداق بار بولىدىغانلىقىنى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەمدىكى روھ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۆتىدۇ. ئۇ ئەدەتسىز روھ مەۋجۇتمۇ ياكى روھ بىرمۇ، ئەگەر ئۇلار كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھالەت قانداق نامايان بولىدۇ؟ قىسىملارنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ ياكى كۈچلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەنمۇ؟ دېگەندەك مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەگەر جىسىملارنىڭ ئەدەتسىزلىكى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار قانداق كۆرۈنۈشتە بولىدۇ؟ ماكان (جاي)، ماددىلار ۋە تۇرلۇك جايلارغا چېچىلىپ كەتكەن جىسىملار كۆپلۈكى بىلەنمۇ ياكى ئۇنىڭ مىقدارى، قىسىملىرى ئوخشاش ياكى پەرقلىق بىر جىسىمنىڭ قىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكى-گە باغلىقمۇ ياكى ھېسابسىز جىسىملار باشقىچە بىر ئۇسۇلدا ھازىر بولامدۇ؟ ئۇ يەنە روھىي كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ. ئەرەستۇ مۇن-داق قارايدۇ: تەبىئەتكە تەبىئىي جەۋھەر خاس بولغانلىقىدىن، روھ — بۇ تەبىئىي روھىيەت جەۋھىرىنىڭ ماھىيىتى (زاتى) خاس بولغان نەرسىدۇر. مۇشۇ ماھىيەت ۋاسىتىسى بىلەن روھ روھىيەت جەۋھىرىگە ئېرىشىدۇ، يەنى ھاياتنى ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. جەۋھەر بولسا، روھ ئۈچ خىل ئاساسنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇلار فائىل (ئىشلىگۈچى) ئاساسلىرى، شەكىل ئۈچۈن ئاساسلار ۋە خۇددى تەبىئەتتە بولغىنىدەك مەقسەت ئۈچۈن ئاساسلاردىن ئىبارەت. تەبىئەت نېمە دېيىلگەن بولسا، ئۇلارنى روھقا تەئەللۇق دېسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەم ئاساس، ھەم جەۋھەردۇر. ئەمما ئۇ (تەبىئەت)، ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى قائىدىسى بويىچە جەۋھەر بولامدۇ؟ بۇ جەھەتتە شۈبھە بار. ئەمما ئەرەستۇ كېيىنكى مەسى-لىلەردىن ھېچنېمىنى چۈشەندۇرمەيدۇ. ئاۋۋال ئۇ، تەبىئەت تۆت ئاساسقا ئىگە، دەپ ئېيتقانىدى. ئەمدى بولسا تەبىئەتنىڭ ئۆزى ماھىيەتتۇر ۋە بۇ ماھىيەت ۋاستىسىدە جەۋھەر جىسىمنى مۇ-ھىمانە (ئاكتۇئال) ئۆزلەشتۇرىدۇ ھەمدە بۇ ماھىيەت يەنە روھ-نىڭمۇ ماددىسىدۇر، دېمەكتە.

كېيىن ئەرەستۇ ھەرىكەتلەر تەسىرى تەبىئەتتە مەۋجۇت بول-غان فىترىي جىسىملارنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئالدىن، تەبىئەت

ھەرىكەتنى پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بولغۇچى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىنىدەك، روھىي كۈچلەر ئۆزى نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دې-مەك، ئۆزىگە بىر چۆرە ۋە قورال بولۇپ خىزمەت قىلغۇچى تەبىئەتتىن پايدىلىنىدىغان ئاساسىي ماھىيەت مەۋجۇتتۇر.

ئىككى خىل تەبىئىي جىسىم پەيدا بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچى-سى ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەك جىسىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ماھىيەتكە ئىگە بولىدۇ، بۇ — تەبىئەتتۇر. ئىككىنچىسى ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسىدە تەبىئەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ھەقىقىي ماھىيەت ھاسىل قى-لىشقا ۋاستە بولغۇچى نەرسە — روھتۇر ۋە روھنىڭ ھالىتى ھايۋاناتنىڭ تەبىئىي خىسلەتلىرىگە باغلىقتۇر. روھنىڭ ئۆزىگە قوبۇل قىلغۇچى — كەسىپ ئەتكۈچى تەبىئىي ماھىيىتى ماددا بولۇپ قالىدۇ. روھ ئۆز پائالىيىتىدە (ھەرىكىتى، تەسىرىدە) پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەبىئەت يا ماددا ياكى قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. روھىي جەۋھەردە مەۋجۇت بولغان تەبىئەت ئىككى خىلغا ئىگە: ئۇلاردىن بىرى ـ ماددا، ئىككىنچىسى — قورال. روھىي جەۋھەردە مەۋجۇت بولغان تەبىئەت ئۆز ماھىيىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى روھىيەت ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر. تەبىئەتنىڭ ئاساسىي تەبىئىي خىسلىتى بىلەن ئاساسىنىڭ خىزمەتكارى ۋە قورالى بولغان ئۇنىڭ زوھۇرى (كۆرۈنۈشى) ئارىلىقىدا پەرق بولغىنىدەك، روھلار ئارىسىدىمۇ پەرق مەۋجۇت. ئەرەستۇ ئاۋۋال تەبىئەتتىن كېلىپ چىققۇچى ھەرىكەتلەر ـتەسىرلەر) ۋە تەبىئىي جەۋھەرگە باغلىق بولغان ھادىسىلەر ھەققىدە قانداق سۆزلىگەن بولسا، خۇددى شۇن-داق رەۋىشتە روھتىن كېلىپ چىققۇچى ھەرىكەت (تەسىر) لەر ۋە روھىيەت جەۋھىرىدە مەۋجۇت روھىي بولغانلىرى نۇقتىئىنەزە-رىدە — روھ مەھسۇلاتى ھادىسىلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

تەبىئىي (تەبىئەت) جەۋھەرلەردە مەۋجۇت بولغان بەزى ھا-دىسىلەر ماددىلار (ماتېرىيەدىن)، بەزىلىرى بولسا شەكىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىققانلىقى ئۈچۈن، روھىي جەۋھەرلەردە مەۋجۇت — ھادىسىلەر مەخسۇس خىسلەتكە ئىگە ماددا ۋە شەكىل ئاقىۋىتىدۇر.

ئەرەستۇ ئالدى بىلەن روھنىڭ ئەڭ بىرىنچى خىسلەتلىرىدىن بىرى بولغان غىزا (تاماق) غا خاس نەرسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ، غىزا نېمە سەۋەبلىك روھنىڭ كۈچلىرىدىن، قابىلىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ ۋە قايسى بىر كۈچكە ياكى روھنىڭ قايسى بىر قىسمىغا تەئەللۇق دېگەن مەسىلىنى يارىتىدۇ. ئۇ ئاساسىي روھنى چۆرە (ياردەمچى) قورال بولغان روھتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ روھ ۋە روھىي كۈچلەر ئۆز پائالىيىتى (ھەرىكىتى) دە پايدىلىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بەلگە ۋە قابىلىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى — ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: ھەرىكەت (تەسىرلەر) نىڭ نەچچە تۈرى بار. ھەربىر ئايرىم ھەرىكەت ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت؟ ھايۋاناتلارنىڭ خىللىرىدىن بىرى ۋە شۇ روھنىڭ بىرەر ھەرىكىتىدە پايدىلىنىدىغان قانداقتۇر بىر ئەزا ئۆزى قانداق بولۇشى كېرەك؟

شۇندىن كېيىن ئەرەستۇ ئوزۇق - تۇلۇك ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە ئوزۇق - تۇلۇكتىن مەھرۇم مەۋجۇدات ياشىيالمايدۇ، غىزا ھايات پائالىيىتىنى تەمىن ئېتىدۇ. ئوزۇقنىڭ بىر قىسمى بىۋاسىتە تەبىئەتنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنىدۇ، بەزى قىسمى بولسا، باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە تەشكىل تاپىدۇ. ئۇ، ئۆسۈملۈكلەر نېمىدىن ئوزۇق ئېلىشنى چۈشەندۈرىدۇ. ھايۋانلاردا بىرسى باشقا بىرسىنى يەپ، ئىككىنچىسى ئۆسۈملۈك يەپ، ئۈچىنچىسى تەخمىنەن ئۆسۈملۈكلەر قانداق ئوزۇقلانسا، شۇ يوسۇندا ئوزۇقلىنىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە، ئوزۇق بولغۇچى نەرسىلەر جىسىملارنىڭ يېڭى نەۋئىلىرىمۇ، دەسلەپتە ئۇلار ئوزۇق تەرىقىسىدە پايدىلىنىشقا تەييار بولغانمۇ ياكى ئۇلار كائىناتنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جىسىملار پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا يارىتىلغانمۇ، دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر جىسىملار ئوزۇقلۇق ئۈچۈن يارايدىغان

بولسا ياكى ئۇلاردىن ئوزۇقلانسا، بۇ ھالەت مەلۇم مەۋجۇداتلار مەۋجۇدىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەسىلە تەتقىقاتى بۇنىڭدىن ئالدىنقى تەھلىلگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇنىڭدا: ئۇنسۇرلار ئۆز ـ ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇتمۇ ياكى ئۇلاردىن باشقا ھاسىل قىلىنغان جىسىملارنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن مەۋجۇتمۇ، دېگەن مەسىلە كۆرۈپ چىقىلىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر ئەرەستۇ تەرىپىدىن باشتىلا كۆرۈپ چىقىلغان، ئەمما بۇ ساھەدە ئۇ كامالەتكە ئېرىشەلمىگەن. چۈنكى كائىنات ھالەتلىرىدە نېمە مۇھىمراق، دېگەن مەسىلە يۈزىسىدىن ئۇنىڭدا ھەر خىل زىت پىكىرلەر بار.

ئەرەستۇ ساغلاملىق ۋە كېسەللىكنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىر ئايرىم خىلىنى تەكشۈرىدۇ.

ئۇ ساغلاملىقنىڭ قانداقتۇ بىر خىلىنى ۋە كېسەللىكنىڭ بىر خىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار قانداق سەۋەب بىلەن نېمىشقا، نېمىدەپ ۋە نېمىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى روھىي جەۋھەر تەبىئەتتىن ۋە مەخسۇس روھىي جەۋھەرگە خاس تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئاساس روھقا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى روھ — تەبىئەت تۈپەيلى بار بولغان ھەم ئۆز مەقسىتى بىلەن — ئۆزى روھنى ماددىغا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىنىڭ سەۋەبىدۇر. تەبىئەتمۇ، ماددىنىڭ تەييارلىنىشىغا سەۋەب بولغان خاسلىقمۇ تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە بولۇپ، ماددىنى تەييارلىغۇچى تەبىئەت كۈچلىرىمۇ — ھەممىسى روھقا ئىگە بولغان نەرسىگە تەئەللۇقتۇر.

شۇنداق قىلىپ ئەمەلدىكى (ھەرىكەتتىكى) ئاساس ۋە مەقسەتكە ئالاقىدار بارچە نەرسىلەر بىر پۈتۈن ھالدا روھنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇلار ھەققىدە ئۇنىڭ «سالامەتلىك ۋە كېسەللىك ھەققىدە» دېگەن رىسالىسىدە يېزىلغان.

ئەرەستۇ تەبىئەتتىن ئېلىنغان روھىي جەۋھەر ئېرىشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەرسىنى تەكشۈرىدۇ. تەبىئەت ھايۋاننى ياشتىن ـ ياشقا ئۆتۈش ۋاقتىدا بۇ نەرسە بىلەن مەخسۇس تەمىنلەيدۇ.

ئۇ يەنە مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئەتتىن ئېلىنغان ھەربىر باشقا خاس ھالىتىنى ۋە روھىي جەۋھەرلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بولغان تەبىئىي كۈچلەرنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ «ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە» ناملىق رىسالىسىدە بايان قىلىنغان.

ئەرەستۇ ئۇمۇرنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىشىنى، قانداقتۇر بىر خىل ھايۋاننىڭ ئۆمرىنى نىمە ئۇزارتىدىغانلىقىنى ھەمدە قانداق سەۋەبلەر ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدىغانلىقىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي (تەبىئەتتىن) ۋە روھىي سەۋەبلىرى ۋە ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھايات ۋە ئۆلۈمنى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ روھىيەت ئىگىسى بولغان ھايۋاننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بەربات بولۇشىنى، بۇ ھال نېمىدىن، نېمىدە ۋە نېمە مۇناسىۋەت يۈز بېرىشىنى تەكشۈرىدۇ.

ئەرەستۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈسۈملۈكلەرگىمۇ، ھايۋاناتقىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۈسۈملۈكلەر، ھايۋانلار بىلەن تاش جىسىملار ئايرىلىقىدىكى قانداقتۇر ئۆزىگە خاس جاينى ئىگىلەيدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئاددىي ئادەملەر، ئۇلارنىڭ نېمىشقا روھىي ياكى تەبىئىي جىسىملارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي شۈبھىلىنىدۇ. كۆپچىلىك ئۈسۈملۈكلەرنى ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن روھ ياكى روھىيەتكە تەئەللۇق قانداقتۇر كۈچلەر تەبىئەتكە يېقىنراق بولىدۇ.

ئەرەستۇ يەنە ئەقىل ۋە سەزگۈ ئەزالارنى كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇلار روھ ياكى روھىي كۈچنىڭ بىر قىسمى دەيدۇ. ئۇ يەنە سەزگۈ ئەزالارنىڭ ھالىتى ۋە بۇ ئەزالار تەسىرىدىكى ماۋزۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇلار ھېس ـ تۇيغۇلار ئارقىلىق ئىدراك قىلىنىدىغان نەرسىلەر: ھەربىر ھېس ـ تۇيغۇ ئارقىلىق ئىدراك قىلىنى-

غۇچى نەرسە ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ ھەربىرى نەچچە خىل بولىدۇ؟ بۇ خىلنىڭ ئۆزى قانداق، ئۇلار نېمىدە، نېمىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت؟

كېيىن ئۇ سەزگۈلەر مەنسۇپ بولغان تەبىئىي ئەزالارنى ۋە ئۇلار نېمىلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ھېس قىلىنىدىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ. بەزى ئەزالار سەزگۈ ئۈچۈن مادداا، بەزىلىرى قورال بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەبىئىتى قانداق بولۇشى زۆرۈر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىكى تەبىئىي كۈچلەر ۋە ھادىسىلەر قانداق بولۇشلىرى كېرەك؟ ئۇ ھېس - تۇيغۇلارغا ماس كەلگۈچى ئەزالارنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ئەزالاردا مەۋجۇت روھنىڭ كۈچلىرىدىن بىرى ياكى بىرەر قىسمى تەرىپىدىن بولغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

بۇلار ئۇنىڭ «تۇيغۇ بىلەن ئىدراك قىلىنغۇچىنى ھېس قىلىش» ناملىق رىسالىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

ئەرەستۇ جانلىق جىسىملاردا مەۋجۇت بولغان ۋە روھتىن چىققۇچى ھەرىكەتلەر (تەسىر قىلغۇچىلار) نىڭ خىللىرىنى، تەبىئىي جىسىملاردا تەبىئەتتىن مەۋجۇت بولغان خىيالىي (مېخانىك) ھەرىكەتنى تەكشۈرىدۇ. چۈنكى تەبىئەت، ھەرىكەت ۋە راھەت (سۈكەت، ھەرىكەتسىزلىك) نىڭ قانداقتۇر باشلىنىشى ۋە سەۋەبىدۇر. ئۇنىڭ پىكرىچە ھەرىكەتنىڭ ئۆزى نېمىلىكىنى ئاخىرغىچە ئېنىقلىماي قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەرىكەتنىڭ قانداق خىللىرى بار، ئۆزگىرىشنىڭ ياكى توختاپ قېلىشنىڭ ياكى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى قەيەردىن پەيدا بولىدۇ، بۇلارنى بىلىش كېرەك. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ھەربىر خىلىدىكى شۇ ھەرىكەت ئۈچۈن ماسلاشقان ئەزالىرىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ ۋە ھايۋان ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىدە مەۋجۇت بولغان ئاساسلارنى، روھىي كۈچلەر ياكى ئۇلارنىڭ قىسىملىرى ئاقمۇتى بولغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن ھايۋانلار نېمىلەرنىدۇ خالايدۇ، نېمىلەردىندۇر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

يەنە بىرەر خىل ھايۋاننىڭ ياشاش جايىنى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇ جاي زۆرۈرلۈكىنى، ئۇ قانداق جايلاردا ياشىشى لازىملىقىنى تەتقىق قىلىش كېرەك بولىدۇ. ھايۋانلار بەزى جاي-لاردا ئوزۇقلۇق ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، باشقا جايلاردا دۈشمەنلىرىدىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن يوشۇرۇنىدىغان جاي ئىز-دەيدۇ، يەنە بىر جاي بولسا، ئۇلارغا ئەۋلادلىرىنى ئۆستۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كۆپ ھايۋانلار ئوزۇق ـ ئوقەت ساقلاي-دىغان جايلارغا موھتاج. بەزى ھايۋانلار ئالدىنئالا يىغىپ قويغان ئوزۇقتىن پايدىلىنىدۇ، بەزىلىرى بولسا، ئۇنى ھەر كۈنى ئىز-دەپ تاپىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «ھايۋاندىكى خىيالىي (مېخا-نىك) ھەرىكەتلەر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنىدۇ.

كېيىن ئەرەستۇ نەپەس ئېلىشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە كېكىر-دەك نەپەس ئېلىش ئەزاسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، كېكىردەك-نىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى ئۆپكىدۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇ ئۇيقۇ، بىدارلىق، چۈش كۆرۈشلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى نېمىدىن ئىبارەت، نېمىدە ۋە قانداق بولىدۇ، روھىي كۈچلەردىن قايسى بىرى سەۋەب بولۇپ ئۇلار يۈز بېرىدۇ، دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزلەيدۇ. ئۇ ئۇيقۇ ۋە چۈشنىڭ سەۋەب-لىرى. خىللىرى ۋە ئاساسلىرىنى تەكشۈرىدۇ. ئاندىن يۈز بېرى-دىغان ۋەقەلەردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى چۈشلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەرەستۇ «نېمە بولۇشىدىن» ئاگاھلاندۇرغۇچى چۈشلەر ھەققىدى-كى مەسىلە، بىرگىنە روھنىڭ تەبىئىي كۈچلەر بىلەن بىرلەش-كەنلىكى بىلەن چېگرىلىنىپ قالىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق چۈش يەنە روھ مەۋجۇدىيىتىدىن يۇقىرىراق دەرى-جىدە تۇرغۇچى باشقا ئاساسلارغىمۇ موھتاجدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەستۇ ئاشۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆز

ئىزدىنىشلىرىنى شۇ يەردە توختىتىدۇ.
كېيىن ئەرەستۇ، ئۈچ خىل — ئاڭسىز، ئەقىلسىز ھايۋاننىڭ خاتىرىسىنى تەكشۈرىدۇ. قانداق روھنى كۆچ ۋاستىسىدە ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## ئون ئىككىنچى بۆلۈم

ئىنساننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھايۋانغا خاس نەرسىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئەرەستۇ روھىيەت ۋە روھىي كۆچلەر ئاقىۋىتى بولغان ئۇلارنىڭ سەۋەبلىرى، ئاساسلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى تەتقىق قىلغاندا، ئىنسانغا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشتە پەقەت بىرگىنە روھ بىلەن چېگرىلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئىنساندا بىز كۆزىتىدىغان نەرسىگە توغرا كېلىدىغان نەرسىلەر روھ ھەرىكەتلىرى (تەسىرلىرى) گە قارىغاندا كۆپرەك مىقداردىكى ۋە كۈچلۈكرەك ھەرىكەتلەر (تەسىرلەر) گە ماسلاشقاندۇر. ئەرەستۇ ئىنساندا ھايۋانلاردا بولمىغان باشقا ئىمكانىيەتلەر، روھ ۋە روھىي كۈچلەردىن پەيدا بولمايدىغان سەۋەب ۋە ئاساسلارنى تاپىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولغان تەبىئىي كۈچلەرنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە ئۇلار پەقەت روھ پائالىيىتى (ھەرىكىتى، تەسىرلىرى) گە قارىغاندا يۇكسەكرەك پائالىيەت (ھەرىكەتلەر) ئۈچۈن ماسلاشقان، دېگەن يەكىرگە كېلىدۇ. ئىنساننىڭ روھى ۋە روھىي كۈچلىرىنى تەكشۈرۈش جەھەتتە ئەرەستۇ ئىنسان پە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قەت ئۇچۇن يەنە ئۆزگە نىمىدۇر زۆرۈرلۈكىنى ئىنىقلايدۇ. بۇ ئورۇندا ئەرەستۇ، نىمىشقا مۇنداق بولۇشىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئىنسان نۇتۇق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تاپتى. نۇتۇق بولسا، ئەقىل بىلەن باغلىقتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئەقىلنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى نىمە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلدى. بۇنى ئۇ روھ ۋە تەبىئەتنى قانداق تەتقىق قىلغان بولسا، شۇ يوسۇندا تەتقىق قىلدى. روھنىڭ قىسىملارغا بۆلۈنۈشىدەك ئەقىلمۇ قىسىملارغا بۆلۈنەمدۇ، ئۇنىڭدا قىسىملار ۋە كۈچلەر بارمۇ؟ ئەقىلنىڭ ھالىتى روھ ۋە تەبىئىي ھالەتكە ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئەقىل قىسىملارغا ياكى كۈچلەرگە بۆلۈنۈشى، ئىنسان ماھىيەت كەسىپ ئېتىشكە ۋاستە بولغۇچى پائال (تەسىرچان) ئاساس ئىكەنلىكى، خۇددى تەبىئەتكە بولغاندەك، ئۇ — ئەقىل ئۆز مەقسىتى (غەرىزى) نىڭ سەۋەب ۋە ئاساسىي ئىكەنلىكى ئەرەستۇغا روشەن بولىدۇ.

تەبىئىي جەۋھەرلەر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسىدە نىمىدۇر ئەڭ ئاخىرقى نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ماھىيەت ھاسىل بولىدۇ، بۇ تەبىئەتدۇر. ئىككىنچىسىدە، قانداقتۇر بىر نەرسە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە روھنى تەييارلىغۇچى ماھىيەت ھاسىل بولىدۇ، بۇ مادداياكى قورالدۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي جەۋھەرلەرمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى نىمىدۇر ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن بىر نەرسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە روھ ماھىيەت كەسىپ ئېتىدۇ. ئىككىنچىسىدە روھقا بىر نەرسە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ئۇ، ئەقىل ۋە ئەقلىي كۈچ ئۇچۇن ياكى بىر قورال بولۇپ، ماھىيەت كەسىپ قىلىدۇ. ئەرەستۇ ئەقىل ۋە تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچلەرنى، ئۇلار روھ ۋە تەبىئەتتىكىگە ئوخشاش ئاساسىي قىسىم ۋە خىزمەتچى (ئىشتىكى) قىسىملارغا بۆلىنەمدۇ — يوق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب

ئىزدەپ كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچلەرنى تەك-
شۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ قايسى بىرى قايسى بىرسى ئۈچۈن مەۋجۇت،
دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئە-
رەستۇ تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچ ھەرىكەتلىرىنى (پائالىيىتى،
تەسىرىنى) ۋە ئەقىلنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يېگانە ھالدا تەھلىل
قىلىدۇ. ئەگەر نېمىلەردۇر ماھىيىتى ئۆز ـ ئۆزىچە ھەرىكەت
(پائالىيەت، تەسىر) بولمىسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆز ماھىيىتى ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ.

## ئون تۆتىنچى بۆلۈم

تەپەككۇر قىلغۇچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكەت (تەسىر) لىرى ۋە
ئەقىلنىڭ ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئەرەستۇ، ئۇلار
مەئقۇلات (ئەقلىي بىلىم) لەرگە ئېرىشىشكە قارىتىلغان، دېگەن
پىكىرگە كېلىدۇ. ئەمما ئەرەستۇ بەزى مەئقۇلاتلار شۇنداق دەرى-
جىدە ئىدراك قىلىنىدۇكى، ئۇلارنى ئىنسان تەبىئەتتىن تەبىئىي
نەرسىلەردە ئاكتۇئال مەۋجۇتلۇقىنى تاپىدۇ، بەزىلىرىنى بولسا
ئىنسان دەرھال بايقىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىدراك قىلىش
خېلى قىيىن، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىنسان تەبىئەتتىن ئاكتۇئال
مەۋجۇت بولۇش سۈپىتىدە بايقىشى، بىلىشى مۇمكىن بولغان ۋە
ئەگەر ئېنىقلانسا پايدىلىنىدۇ، دەپ ئويلايدىغان مەۋجۇت نەرسى-
لەرنى ئىدراك ئېتىدىغان كۈچنى ئەرەستۇ «ئەقلىي ئەمەلىيۇن»
(ئەمەلىي ئەقىل) دەپ ئاتايدۇ. ئىنسان ئېنىق نەرسىلەردىن
مۇفارىق (ئايرىلغۇچى) بولۇپ، مەۋجۇت نەرسىلەرنى مەۋھۇم
(خىيالىي) پىكىر دەپ بىلىۋېلىشقا، ئىدراك قىلىشقا ۋاستە
ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان نەرسىنى ئەرەستۇ «ئەقلىي نەزەرىي» دەپ
ئاتايدۇ. «ئەقلىي ئەمەلىي» ئىدراك قىلىپ بولغان تەبىئىي نەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىلەردىن بىرەر بىر نەرسىنى بايقاشقا، تېپىشقا ۋاستە بولالايدىغان كۆچنى ئەرەستۇ «ئىرادىيۇن ۋە ئىختىيارىيۇن» (ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن تاللاش) دەپ ئاتايدۇ.

## ئون بەشىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئەقىلنىڭ بۇ ئىككى ئەمەلىي ۋە نەزەرىي كۆچىنى، ئەرەستۇ ئۇلار ئىككىلىسى خىزمەتكار ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى (پائالىيەتلىرى، تەسىرلىرى) نى بولسا، خىزمەت ھەرىكەتلىرى، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئۇلار — ئېيتىپ ئۆتۈلگەن كۆچلەر خىزمەتتە بولغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن ئەرەستۇ، بۇ نەرسىلەرگە ئاۋۋال تەبىئەتتىكى (تەبىئىي) نەرسىلەر ۋە روھىي كۆچلەر تەئەللۇقتۇر دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئەقىلنىڭ تۈرلىرى خىزمەت قىلغۇچى ئاشۇ نەرسىلەر، ئىنساندا ئۆز - ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدىغان نەرسىلەر بولماي، بەلكى ئۇلار ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان باركاماللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مەۋجۇتتۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەرەستۇ ئىنساننىڭ روھىي كۆچلىرى بىرىنچى نۆۋەتتە تەييارلىنىشنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئەقىلنى تەكشۈرىدۇ، بۇ كۆچلەرگە خىزمەت قىلغۇچى ئەقىلنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن ئۇلار (يەنە روھىي كۆچلەر) مەۋجۇتمۇ ياكى بۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئەقىل ئۇلاردا خىزمەتتە تۇرغان باشقا بىر نەرسىمۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ. خىزمەتتە بولغان ئاشۇ قىسىم ئۆز ماھىيىتى بويىچە خىزمەتتە بولۇش مەقسىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلامدۇ ياكى ئۇ قىسىم خىزمەتتە بولۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان كۆچلەر بارلىقىدىنمۇ؟ ئۇ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭدا (يەنى خىزمەتكار قىسىمدا) ئاشۇ كۆچلەرگە خىز-

مەت قىلىش مەقسىتى يوق ئۇ (يەنى خىزمەتكار قىسىم) خىزمەت قىلىدىغان كۈچلەر ئېنىقراق ئۇلاردىن ماددا ياكى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئۆزى پايدىلىنىدىغان ئاشۇ كۈچلۈكلەرگە نىسبەتەن باش يېتەكچى بولىدۇ.

ئەرەستۇ ئەقىلنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئەقىلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن خىزمەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان نەرسىمۇ — ئەمەسمۇ دېگەننى ئېنىقلايدۇ. ئەرەستۇ بۇ يېتەكچىلىكنىڭ ھەممە سەۋەبلىرى (تەسىرى) شۇنداق ئۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن خىزمەتتە بولماسلىق مۇمكىن بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

ئەرەستۇ نەزەرىي ئەقىلنى تەكشۈرەر ئىكەن، نەزەرىي ئەقىل ئېرىشىدىغان مەئقۇلاتلار (ئەقلىي بىلىملەر) ئۆز ۋاسىتىسىدە ھېچبىر خىزمەتتە بولىدىغان ماھىيەتلەر ئەمەس، دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ (يەنى بۇ مەئقۇلات نەزەرىي ئەقىلنىڭ خىزمەتتە بولۇشىغا توسقۇن بولمايدىغان ماھىيەتتۇر). ئۇ يەنە، ئاشۇ ئەقىل ئۆزىنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى كامالىتىگە ئېرىشكىنى تەقدىردىمۇ ئۆزى قۇۋۋەتلىك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى كامالىتىنى پائال ئەقىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ، ئەقلىي بىلىمگە يېتىشكەندىن كېيىن پائال ئەقىلگە ئېرىشىدۇ. ئەرەستۇ پائال (ئاكتۇئال) ماھىيەت بولغان نەزەرىي مەئقۇلاتلارغا نېمىنىڭ ۋاسىتىسىدە يېتىشىشنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: نەزەرىي مەئقۇلاتلار ئانچە تولۇق بولمىغان شەكىلدە ئىدراك قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئەقىل (نەزەرىي ئەقىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۆزىنىڭ ئالىي كامالىتىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادىراق كامالىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ پىكرىچە بۇ ھالدا ئەقىل شۇنداق جەۋھەر (سۇبستانسىيە) گە ئىگە بولىدۇكى، ئۇ جەۋھەر ئۆز - ئۆزىدىن ئۇنىڭ (ئەقلىنىڭ) ھەرىكىتى ۋە ياكى ئۇنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ قېلىشقا يېقىنلاپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ئون ئالتىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ ئەقىلنىڭ ئۇشبۇ مەۋجۇدىيىتىدىن بەركامالراق مەۋجۇدىيەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ ۋە ئۆزگە نېمىدۇر باركى، ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن، ئۇ (يەنى ئەقىل) ماھىيەت هاسىل قىلىدۇ، ماھىيەت هاسىل قىلىش جەھەتتە بولسا، ئاشۇ ئۆزگە نېمىلەر ئىنساننىڭ ئەقىلگە (ئاڭغا) ئېرىشىشىگە ياردەمچى بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق كامالەتلىك بولالمايدىغان ئالىي كامالەتكە (يەنى ئەقىلگە) ئېرىشسە، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ (ئەسلى) ماھىيىتى بولۇشقا يېقىنلاشقان بىر قىسمى بولۇشقا باشلايدۇ ۋە بۇ ماھىيەت ئۇنىڭ پائالىيىتى (ھەرىكىتىدۇر). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، نەزەرىي ئەقىل بولغان خەيرلىك نەرسىگە ئىگە بولۇش ئۇچۇن ئىنسانغا خىزمەت قىلىش مەقسىتى بولغان كۆچلەر زۆرۈر ئىكەن. ئىنسان ماھىيىتى ئەقىلدە نامايان بولىدۇ. ئەقىلنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتى (پائالىيىتى) بولۇشقا يېقىن بولغىنىدا ئەقىل ئىگىلىك قىلغۇچى پائالىيەت (ھەرىكەت) بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىنساننىڭ پەقەت تەبىئىي (تەبىئەت ئاتا قىلغان) ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ۋارىسلىق يولى بىلەن ئېرىلىشىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن تاشقىرى، يەنە ئەمەلىي ماھارەت بولمىقى زۆرۈردۇر. ئەقىل تەپەككۇر ۋاسىتىسىدە پائالىيەت كۆرسىتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئەقىلنىڭ كامالەتكە ئېرىششى ئۇچۇن تەبىئىي (تەبىئەت) ۋە روھىي كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرى يېتەرلىكمۇ دېگەن مەسىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇلار يېتەرلىك ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي كامالەتكە ئېرىشمىكى ئۇچۇن ئۇنىڭغا يەنە ئىنسان تەبىئىتى ۋە پائالى-

يىتىگە قوشۇمچە ئىككى خىل — ئەمەلىي ۋە نەزەرىي پىكرىي كۆچلەر زۆرۈردۇر.

## ئون يەتتىنچى بۆلۈم

ئەرەستۇ بۇ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، ئاۋۋال تەتقىق قىلىپ بولغان نەرسىلەرگە قايتىدۇ. تەبىئەتتىن ئىنسان ئۆزى قانداق زات، ئۇنىڭدا روھتىن نېمىلەر مەۋجۇت؟ ئۇ مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ، ئەگەر ئۇلار يا ماددا تەرىپىدىن ياكى قورال - ۋاستە تەرىپىدىن تەييارلانغۇچى بولسا، مەۋجۇتلۇق شەرت - شارائىتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. تاكى ئەقىلنىڭ ئەمەلىي كۈچلىرى نەزەرىي ئەقىلگە ئېرىشىشتە ئۇلاردىن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە پايدىلىنالىسۇن.

كېيىن ئەرەستۇ ئىنسانغا خاس روھىي ماھىيەتلەرنى تەكشۈ-رۈشكە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىقى ئىنساننىڭ كامالەتكە ئېرىشى-شىگە يېتەرلىكمۇ ياكى ئۇلار پەقەتلا ئىئانەت - ياردەمچى بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ تەتقىقات مەۋجۇدىيەت ئۇنسۇرلىرى ھەققىدىكى نىزام-نىڭ ئۆزىدۇر. ئەرەستۇ يەنە بۇ ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاستى-سىدە پەيدا بولغۇچى نەرسىلەر ئۇچۇن يېتەرلىك دەپ ھېسابلىنام-دۇ — يوق؟ تەبىئىي جەۋھەرلەر ئاقىلانە پائالىيەتنى تەييارلىيا-لامدۇ — يوق؟ دېگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

## ئون سەككىزىنچى بۆلۈم

ئەمما مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشتە ئەرەستۇ مەلۇم بىر مۇشكۈللۈككە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ روھ ۋە روھنىڭ قابىلىيەت-لىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن باشلىغان تەتقىقاتى كۈچلۈك ئەقىل ۋە قۇۋۋەتنىڭ باشقا كۈچلەرگە باغلىق تەرەپلىرىگە بېغىشلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەرەستۇ كامالەتكە، يەنى ھەقىقەتكە ئېرىشىشتە پەقەت روھىي ماھىيەتلەرنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەس، پىكرىي كۆچلەر يەنە باشقا ئاساسقا موھتاجدۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەركىن ئىرادە ۋە پىكىر قىلىش تۈپەيلى تەپەككۇر كۈچ تەرىپىدىن ئىدراك ئې- تىلگۈچى مەۋھۇم ماھىيەتلەر (بىلىملەر) تەبىئىي ئاساسلىرى بولغان ماھىيەتلەردىن ئاۋۋال مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار- دىن باشقا ئەقلىي بىلىملەرگە ئېرىشىشتە پايدىلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن كۈچلۈك ئەقىلگە ئەقلىي بىلىملەر قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ. كۈچ- لۈك ئەقىل نېمىشقا ئەبەدىي ئەمەس؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن ئىرادە بويىچە ئەمەس، تەبىئەتتىن تەئەللۇق بولۇشى زۆرۈر. دېمەك، ئەلۋەتتە كۈچلۈك ئەقىلدە بىرىنچى پائال (ھەرىكەتتىنى- كى) سەۋەبلەرنى ياراتقۇچى ۋە باشقا ئەقلىي بىلىملەرگە تەبىئىي قابىلىيەت بەرگۈچى قانداقتۇر ماۋزۇ (ئوبيېكت) بولۇشى كېرەك.

## ئون توققۇزىنچى بۆلۈم

ئۇشبۇ ئەقىلنى (ئون يەتتىنچى بۆلۈم ئاخىرىدا سۆزلەنگەن ئەقىل نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ئەرەستۇ تەتقىق قىلار ئىكەن، ئۇنى كۈچ - قۇۋۋەتكە ھېچ ئىگە بولمىغان، پائالىي (ئاكتۇئال) ئى- كەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ ۋە مۇتلەق كۈچ بىلەن قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان نەرسە ماددا قاتارىغا كىرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسان ئەقلى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كامالىتىگە يەتكەن تەقدىردىمۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ماھىيىتى بىلەن پائال ئەقىل ماھىيىتىگە يېقىن- لىشالايدۇ، خالاس. ئەرەستۇ ئىنسان ئۆز ماھارىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىشى جەھەتتە شۇ ئەقىلگە تەقلىد قىلىشنى ۋە تەقلىد ئۇسۇ- لى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى ھالەت ۋە فائىل (تەسىر قىلغۇچى سەۋەب) ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېنىقلاپ ئالىدۇ. ئاشۇ ئەقىل

زېھنىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى ئۇ فائىل ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەقلىي ماھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاشۇ ئەقىل يەنە مەقسەتمۇ؟ چۈنكى ئۇچ خىسلەتكە ئىگە ئاساستۇر. ئۇ فائىل (تەسىر قىلغۇچى سەۋەب)، ئۇ — مەقسەت ۋە ئۇ — پەئال ئەقىلگە يېقىن بولۇشقا ئىنتىلگۈچى بەركاماللىقتۇر. ئىنسان ئەقلى شەكىل، مەقسەت ۋە فائىلى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئىنسان نەبھىن ( exh ) بىلەن قانداقتۇر بىر مەزگىل پەئال ئەقىلگە (ئەقلىي فەئالگە) يېتىشكەچ نېمىدۇر (نەرسە) ئەقىلنىڭ ئۆزى-دۇر. پەئال ئەقىلگە يېتىشىش جەھەتتە ئىنسان ئۆزى ۋە ئۇنىڭ (پەئال ئەقىلنىڭ) ئوتتۇرىسىدا بولمايدۇ.ۋە شۇ يوسۇندا ئادەم روھى (نەفسى ئىنسانىي) ئاشۇ ئەقىل ئىگىسى بولىدۇ. ئىنسان روھى (نەفسى ئىنسانى) ئاشۇ ئەقىل ئۇچۇن مەۋجۇت بولغىنى-دىن، تەبىئەت بولسا — ئادەمنىڭ تەبىئىي مۇستەھكەملىكىنى بىلىش ئۇچۇن، روھ (نەفس) بولسا — بار نەرسىلەردىن ئەڭ مۇكەممەلى نەزەرىي ئەقىل ئۇچۇن مەۋجۇت ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇدىيەتنىڭ، ھاياتنىڭ مەلۇم بىر دەرىجىسىگە كۆ-تۈرۈلۈشىدە ئىنسانغا خىزمەت قىلىدۇ.

بەزىدە ئەرەستۇ ئىلگىرى ئۆزىگە چۈشىنىكسىز بولغان مە-سىلىلەرگە ياكى ئىنكار قىلغان كۆپ نەرسىلەرگە قايتىدۇ.

كېيىن ئۇ پەئال ئەقىلنى كۆرۈپ چىقىدۇ. بۇ ئەقىل تەبى-ئەت ۋە روھ (نەفس)، تەبىئىي ۋە روھىي ماھىيەتلەر مەۋجۇدى-يىتىنىڭ سەۋەبىمۇ — ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەي-دۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۇنسۇرلار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە (ھەرىكەتلىنىشىگە) مايىل قىلغۇچى ئاساسلاردۇر، دېگەن پى-كىرنى ماقۇللايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ساماۋىي جىسىملارنىمۇ ئالغان مەۋجۇت نەرسىلەرگە مەۋجۇدىيەت بېغىشلاش جەريانىدا ئەقىل ساماۋىي جىسىملارغا ئىئانەت (ياردەم قىلغۇچى) بولامدۇ — يوقمۇ دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇلاردا (نەرسىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەۋجۇدىيەت بىخىشلاش جەريانلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) تەبىئەت، روھ ۋە ئەقىلگە ئېرىشىش ئۈچۈن فەزاۋى جىسىملار (ئالەم بوشلۇقى جىسىملىرى) گە كامالەت بەخش ئېتىدۇ ۋە ئاشۇ فەزاۋى جىسىملار ياردىمىدە تەبىئەت ۋە روھىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. كۆپ روھىي ماھىيەتلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ماددىلارغا ئېرىشىدۇ. بۇ ماددىلار بولسا ئەقىلنى قايتا يارىتىش ئۈچۈن ئۇلاردا مەۋجۇت بولغان تەبىئەتنى تەييارلايدۇ. بۇ ھال خۇددى ئادەم ئۆزىدىن ئالدىنقى ئادەمدە، ئۇ يەنە ئالدىنقىسىدىن تۇغۇلغانغا ئوخشايدۇ. ھايۋانات ۋە نەباتاتىمۇ خۇددى شۇ يوسۇندا يۈز بېرىدۇ. مەدەنلەر بولسا ئۆزلىرىگە ئوخشاش خىللاردىن پەيدا بولمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ خىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىشەنچلىك (ياردەم) قىلغۇچى نەرسىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. قىسقىسى خىللارغا شەكىل بەرگۈچى فەزاۋى جىسىملارمۇ ياكى پائال ئەقىلمۇ؟ ياكى پائال ئەقىل فەزاۋى جىسىملارغا شەكىل بېرىپ، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ماددىلارنى ھەرىكەت كەلتۈرەمدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، فەزاۋى جىسىملار تەبىئىي جىسىملارنىڭ جەۋھىرىنىمۇ تەدقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ. ئۇلار تەبىئەتمۇ، روھمۇ، ئەقىلمۇ ياكى باشقا بىر كامالەتكە يەتكەن نەرسىمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى پەقەت تەبىئەت تەتقىقاتىغا قارىغاندا ئومۇمىيراق، كەڭرەك بولۇشى كېرەك. ئەرەستۇ فىزىكىدا بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلار ئىكەن، تەبىئەتنى تەكشۈرۈشتىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا — ئەقلىي پەئال ۋە فەزاۋى جىسىملارنىڭ ھەرىكەت مەنبەئىدۇر، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئىنسان تەرىپىدىن قابىلىيەتكە ئېرىشىشتە روھلارنىڭ كۈچ ۋە ھەرىكەتلىرى ئەمەلىي تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن نەزەرىي ئەقىل كامالىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پەقەتلا تۇغما ئارزۇلار ۋە ھېس - تۇيغۇنىڭ ئۆزى، ئەمەلىي ئەقىلگە تەۋە بولغان ھەرىكەتلەر (پائالىيەتلەر) يېتەرلىك ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادىۋى (ئەركىن ئىرادە) ۋە نىيەت بىلەن مەۋجۇت بولغان بارچە پائالىيەتلەرنى (ھەرىكەتلەرنى) ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئىرادىنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىي ئەقىلگە مەنسۇپ بولغان ئەركىن ئىرادىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى باشقا تىرىك مەۋجۇداتلاردىن، مەسىلەن: ھايۋانلاردىكى «ئەزگۈ ئىرادىگە» ئوخشىتىپ بولمايدۇ. دېمەك، مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى بىلىش ۋە ئاخىرقى مەقسەتتىن ئېلىنىدىغان سۇد (پايدا) ۋە زىياننىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىش كېرەك بولىدۇ. ئەرەستۇ يەنە بۇ ھەرىكەتلەردىن پەيدا بولغۇچى تەبىئىي پايدىلىق نەرسىلەرنىمۇ ئۆگەندى. ئۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ روھىي ماھىيەتلىرىدىكى تەبىئىي ئاساسلارنىمۇ كۆرۈپ چىقىدۇ ۋە ئىنسانىي كامالەتكە ئېلىپ بارغۇچى ھەرىكەت پائالىيەتلەرنىڭ مەجمۇئەسى (يىغىندىسى) ئۈچۈن ئۇلارنىڭ (روھىي ئاساسلارنىڭ) قايسى بىرى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش زۆرۈر دەيدۇ. ئۇ باشقا تەبىئىي (تەبىئەتكە ئائىت) نەرسىلەرنىمۇ، يەنى تاشلار مەدەن ۋە ئۇنسۇرلارنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن قايسى بىرىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. ئۇلاردىكى تاش، مەدەن ئۇنسۇرلاردىكى مەۋجۇدىيەتكە فەزاۋى جىسىملار سەۋەب بولغۇچى ھالەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە نىسبەتەنمۇ خۇددى شۇنداق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش، تەبىئىي ماھىيەتلەر ھەققىدە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقا ئىمكان بولمىقى كېرەك ۋە ئۇلار ھەققىدە فىزىكىۋى ۋە پۈقرالارچە پەلسەپىدىن (فەلسەفەتۇنمەدەنىيەتۇن) يېتەرلىك ھالدا مەلۇم بولمىغان ھالەتلەرنى تولدۇرۇش كېرەك.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەستۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇر - رۇبۇبەتۇن» (مېتافىزىكا) رىسالىدە مەۋجۇت نەرسىلەرنى، تەبىئىي ماھىيەتلەرنى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ئۇسۇلىدىن ئۆزگىچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـرەك ئۇسۇلدا ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، بىۋا-ستىتە بەدەن ۋە ھېس - تۇيغۇ سالامەتلىك ئۈچۈن بىۋاسىتە پايدىلا-نمايدىغان مەئقۇلاتلارنى (ئەقىل ئىشەنچ قىلىدىغان ماھىيەتلەرنى) ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر ئىشتۇر ۋە ئىنسان بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەرگە نىسبەتەن ئىنسان قەلبى (نەفسى ئىنـ-سانىي) روھ ئىنتىلىدىغان، كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مەلۇماتنى بىلىش ئىنسانىي ما-ھىيەتنىڭ ئېھتىياجى كۆپرەكتۇر. ئۇلاردىن ئەڭ پايدىلىقلىرى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى كامالەتنى ئىگىلىشىدە زۆرۈردۇر.

پەندە ئەرەستۇ تەرىپىدىن بىرىنچى مەرتىۋە ئۆگىنىلگەن دا-نىشمەنلىك (ھېكمەت) مەسىلىسى (يەنى پەلسەپە) ۋە ھەقىقەتنى تىكلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن تەتقىقاتى، ئىنسان ئەقلىي قۇۋۋىتىنى بېيىتىشتا بىرىنچى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. چۈنكى ئىنساننىڭ يارىتىلىش سەۋەبىمۇ شۇدۇر. باشقا پەن، يەنى مەنتىقىگە كەل-سەك، ئەرەستۇ ئۇنى ئىككى مەقسەتتە تەتقىق قىلىدۇ: ئۇلاردىن بىرى ئىنسان يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولغان ئىنسان ئەقلىنى يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە خىزمەت قىلىدۇ. باشقىسى — فىزىكا (تەبىئەت) ۋە مېتافىزىكا ئەل - ئىلاھىيەت (ئەل رۇبا-بەت) پەنلىرىدە يېتىشمەيۋاتقان بىلىملەرنى تولدۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ پەلسەپە — ھېكمەت ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر.

ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ «فازىل ئادەملەر شەھىرى» ناملىق توپلىمىدىن 1993 - يىل تاشكەنت نەشرى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئېلىندى).

# ئەفلاتون قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى

## (تەلخىسۇ نەۋامىسى ئەفلاتون)

ئەگەر ئىنسان ھەر قانداق ھايۋاندىن بىرەر نەرسىدە ئۈستۈن
بولسا، ئۇ نەرسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىشقا
ياردەم بەرگۈچى بىر كۈچ بولىدۇ ۋە ئىنسان ئەشۇ كۈچ ياردىمىدە
نەرسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆز خاھىشى بويىچە پايدىلىنى-
دۇ. ئىنسان ئۇلارنىڭ قايسى بىرى پايدىلىق، قايسى بىرىنىڭ
زىيانلىق ئىكەنلىكى ئۆزىگە روشەن بولمىغۇچە كۆزىتىدۇ ۋە پايدى-
لىقنى تاللىۋېلىپ ئۆزلەشتۈرىدۇ، زىيانلىقلىرىنى رەت قىلىپ،
ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنىشى
تەجرىبە ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەجرىبىنىڭ ماھىيىتى —
ئايرىم تۈرلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاشۇ ئايرىم نەرسى-
لەر بىلەن ماس كېلىدىغان ئومۇمىيەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قى-
لىشتىن ئىبارەتتۇر.

تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ، بۇ تەجرىبە ۋە ھەرىكەتلەردە نەرسىنىڭ
ھەقىقىي ماھىيىتىگە قارىمۇ قارشى ھالىتى ھەققىدە ئويلاپ ئاداش-
قان ئادەم كامالەتكە يەتكەن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشتا كىم ئەڭ
كۆپ تەجرىبىگە ئېرىشسە، شۇ ئەڭ مۆتىۋەر ۋە كامالەتكە يەتكەن
ئىنساندۇر. يېڭىلىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ، ئۇلاردىن
(خاتا پىكىر قىلىشتىن) سوفىستانىك سەنئەت ھەققىدە سۆز قىل-
غۇچىلار پايدىلانغان.

دانىشمەن كىشىلەر ئايرىم نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆز كۆزىتىش-
لىرى جەريانىدا ئومۇمىي پىكىرلەر ۋە مۇلاھىزىلەرگە تايىنىشقا

www.uyghurkitap.com



تۇغما قابىلىيەتلىرى بولغان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ئارقىلىق ئەسلى ھەقىقەتكە يېتىشكەن كىشىلەردۇر. شۇنىڭدەك ئايرىم نەرسىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ۋاقىت داۋامىدا شۇ نەرسىنىڭ شۇنداق ئىش ـ ھەرىكىتى بىرنەچچە قېتىم كۆزىتىلسە، ئاشۇ ئايرىم نەرسە سۇبستانتسىئونال (پۇتۇن بارلىق ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى، دەسلەپكى ئاساسى) بولۇپ قالىدۇ. خۇددى بىر ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم توغرا سۆزلەنسە، ھەقىقەتنىڭ پۇتۇنلەي ھەققانىيلىقى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە تۇغما قابىلىيەتكە ئوخشاپ قالغىنىدەك، بۇ نەرسە ھەققىدە شۇ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆتكەن جەمئىي ۋاقتىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ. يالغان سۆزلەنگەندىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. جەسۇرلۇق، قورقۇنچاقلىق ياكى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ باشقا بىرەر تەرىپى بىرنەچچە قېتىم مۇلاھىزە قىلىنسا، ئۇ چاغدا بۇلار ھەققىدە ھەممە، دائىما ئۆز پىكرىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئاقىللار ئادەملەردىكى تۇغما قابىلىيەتلەرنىڭ بۇ ئەھمىيىتىنى بىلسە ئىدى، ئۇ كۆڭۈللىرىدە كۆپچىلىك باھا بېرىشى مۇمكىن بولغان، كۆپ قېتىم تەكرارلانغۇچى بىرەر پەزىلەتلەرنى تاپقان بولاتتى. كېيىن ئۇلار شۇ پەزىلەتنى، ئۇنىڭ تەتۈرسىچە بىرەر ئىش قىلىپ، ئادەملەردىن يوشۇرغان بولاتتى، ئادەملەر بولسا (شۇ تەتۈر ئىشنى) ئۇنىڭ ئاۋۋالقى خىسلىتى، دەپ ئويلار ئىدى. بۇ خۇددى ئىمان، ھەقگويلۇق، زاھىدلىق ھەمدە مۇراسىملاردىن ياخشى خەۋەردار بولغان ۋە ئېزگۈلۈكلەرنى خەلق ئارىسىدا تارقاتقۇچى ئاق كۆڭۈل تەقۋادارنىڭ ئىشىغا ئوخشايتتى. ئۇ جاھىل ھاكىمنىڭ تەقىپ قىلىشىدىن قورقۇپ، شەھەردىن قاچماقچى بولغان، ئەمما ئاشۇ ھاكىم تەرىپىدىن ئۇنى قەيەردىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىپ، ھەپسىگە قاماشقا پەرمان چۈشۈرگەندى. تەقۋادار شەھەرنىڭ ھېچقايسىسى دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ ساقچىلىرى قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن

قورقاتتى. شۇ چاغدا زاھىد بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ ياسى-
نىشقا، قولىغا تەمبۇر ئېلىپ، ئۆزىنى يالغاندىن مەسلىككە سې-
لىپ، تەمبۇرنى چالغان ھالدا كېچىسى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا
كېلىشكە مەجبۇر بولدى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭدىن: «سەن كىم
بولىسەن» دەپ سورىدى. زاھىد مەست كىشىدەك: «مەن پالانچى
زاھىدمەن» دەپ جاۋاب بەردى. دەرۋازىۋەن «بۇ مېنى مەسخىرە
قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يولىنى توسمىدى. شۇنداق
قىلىپ زاھىد، ھەرگىز يالغان سۆزلىمەي، تەقىبدىن قۇتۇلدى.

ئۇشبۇ مۇقەددىمىدىن كۆزلىگەن مەقسىتىمىز، دانىشمەن
ئەفلاتۇن (پىلاتۇن) ئۆزى بىلگەن ئىلىملەرنى ھەممە ئادەمگە
ئاشكارىلاشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمىگەنلىكتىن، شۇنىڭ ئۈچۈن تىمى-
ساللار، مەجازلار، تېپىشماقلاردۇر. ئىدراك ئېتىشكە قىيىن
ئۇسۇللار ۋاستەسىدە ئىلىمنى ئاشۇ ئالاقىسى بولمىغان ئادەملەر
چۈشىنەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەننى كۆرۈپ چىقىشتۇرۇر.
بۇ ئىلىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلان-
مايدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن توغرا تەدبىردۇر. ئەگەر ئىلىم
مەلۇم ۋە چۈشىنەرلىك بولۇپ كۆپچىلىك ئارىسىغا تارالغاندا،
ئەفلاتۇن بەلكى ئىلىم توغرىسىدا ئوچۇق ۋە ئېنىق سۆزلىگەن
بولاتتى. مۇتالىئە قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى بولسا، ئۇلارنى بىر
مىسال دەپ، ئەفلاتۇن شۇ مىساللار ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىدىكى
يوشۇرۇن نۇقتىلارنى ۋە زىددىيەتلەرنى ئۇ ئاۋۋال چۈشەندۈرگەن،
كۆرسىتىپ ئۆتكەن نۇقتىلىرىدا توختىلىپ يۇرمەي، ئۆز سۆھ-
بەتلىرىدە يارىتىلغان ئىلىمدە كۆرسىتىلگەنلىرىنىلا تەكىتلەيدۇ.
بۇ، ئۇنىڭ «قانۇنلىرى» دىكى ئۇسۇلدۇر. بىز بۇ كىتابنى چۈ-
شەنمەكچى بولغان ۋە ئۆگىنىشتە قىينالغان ئادەملەرگە پايدىلىق
بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇشبۇ ئەسىرىدە ئۇقتۇرۇلغان ئاساسىي
مەنانى تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە بەل باغلىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى بۆلۈم

سوئال بەرگۈچى (ئافىنالىق) قانۇنلارنىڭ جارى ئېتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە بۇ سەۋەبلەرنىڭ مەناسىنى، ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ قانۇنلارنى تۈزگۈچى نامىدىن ئەمەلگە ئاشۇرامدۇ ـ يوقمۇ؟ بۇنى ئېنىقلايدۇ. جاۋاب بەرگۈچى (كلىنىي) يۇنانلاردا بۇ قانۇنلارنى جارى قىلغۇچى ئېۋىس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ بۇ ئىشتا بۇيۇك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. قانۇنلىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۆپى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن ئەفلاتۇن باشقا بىر قانۇن ھەققىدە ھېكايە قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئىسپات تەرىقىسىدە شېئىرىيەتتىن مىسال ئالىدۇ ۋە قەدىمكى قانۇن جارى قىلغۇچىلارنى مەدھىيىلىگۈچى ئادەملەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىبرەتلىك سۆزلەرنى كەلتۈرىدۇ. كېيىن ئۇ قانۇنلارنى ئۆگىنىش توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى قانۇننى بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلار (قانۇنلارنى) مەنىسىز دەپ ئاتاشنى خالاپ قالىدۇ. ئەفلاتۇن قانۇنلارنىڭ ھەر قانداق ئاقىللىقتىن ئاھايىتى ئۈستۈن تۇرۇشنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدە مەلۇم بولغان قانۇنلاردىن ئايرىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىدۇ.

سۆھبەتتە سىرۋىلەر ھەققىدە ۋە سوئال بەرگۈچىنىڭ قايسى يول بىلەن مېڭىشى ھەققىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. كۆپ ئادەملەر بۇ يەردە نازۇك مەنا دەپ ئويلايدۇ. ئەفلاتۇن بەھس قىلغۇچىلارنىڭ سوئال ـ جاۋابلىرى ۋە ئەركىن ھەمدە چۈشىنىش قىيىن بولغان غايىلەر ياردىمىدە باشقىلار ئويلىغان مەنادىن ئۆزگىچە مەنىدە ئۆز نۇتۇقىنى سىزماقچى بولغان غايىلەر ياردىمىدە باشقىلار ئويلىغان مەنادىن ئۆزگىچە مەنىدىن ئۆز نۇتقىنى سىزماقچى بولغان مەنانىڭ تەتۈرىسىنى يارىتىشتا نۇتۇق روشەنلىكىگە ئېرىشكەن.

كېيىن ئۇ ئۆزلىرىدە (يۇنانلاردا) مەلۇم بولغان قانۇنلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە كىرىشىدۇ، ساغلام ئەقىل تەلىپىگە بىنا. ئەن ئۇلارنىڭ قانچىلىك توغرىلىقى ۋە پايدىلىنىشقا يارايدىغانلىقى. نى ئۆگىنىدۇ. جامائەت بولۇپ تاماق يېيىش، ئېغىر يۈكلەرنى توشۇشتا يەڭگىل قۇرۇلمىلاردىن پايدىلىنىش ئەنە شۇنىڭغا كىرد. دۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پىيادە يۈرۈيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئې. لىپ تەكشى بولمىغان يوللاردا ئادەملەر ئارىسىدا بىرەر ئىش ياكى ئۆز ئارا ياردەم مەۋجۇت بولسا، بۇنىڭدىن بولىدىغان پايدىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىن، ئۇ مۇۋاپىق قوراللارنىڭ قوللىنىلىشى، ئۇلارنى ئىشلىتىش ماھارىتى، بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۆز ئارا جايلاش. تۇرۇش ـ ئايرىم ئادەملەر ئۈچۈن ئەمەس، دائىمىي ئۇرۇش ھالەتلىرىدە ئومۇمىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن شۇنىڭدەك، بەزىلەر ئۇرۇشتا قانداق پايدا ئالىد. غانلىقىنى، ئۇرۇشنىڭ ئايرىم ئورۇنلىرى كۆپچىلىك تەرىپىدىن يۇختا ئۆگىنىلگەنمۇ ـ يوقمۇ دېگەنلەرنى بايان قىلىدۇ. كېيىن ئايرىم ۋە ئومۇمىي مەسىلىلەرنى ئىزاھلايدۇ، ئاخىرىدا ئۇرۇش مەسىلىسىگە ئۆتىدۇ ۋە ئۇرۇشمۇ قانۇنلارنىڭ كۆپ پايدىلىق تەرد. پى بارلىقىنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن: سىرتتىن بېسىم ئىشلە. تىپ، سىڭدۈرۈلىدىغان كۆڭۈل غەزىپىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقەت ئىزدەش جە. ھەتتىكى كۈرەشتە قانۇننىڭ پايدىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ يەنە قانداق شەھەر فازىل (پەزىلەتلىك) شەھەر ۋە قانداق ئادەم فازىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قائىدىلىك، ساغلام فازىل ئادەملەرلا پىكىر يۈرگۈزۈش پەزىلىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، فازىل ئادەمنىڭ ھەمىشە غالىب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھاكىم (قازى) غا ئىگە بولۇش خاھىشىنىڭ چىن ئىستەك ئىكەنلە. كىنى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مېھرىبانلىق ۋە باشقۇرغۇچىدىكى ئاساسىي ۋە ئەڭ ئەرزىمەس تەرەپلەردىن باشلاپ، خەلقنى ئۇرۇشلاردىن ساقلاشتا ھەم جاھالەتنى باستۇرۇشتا خەيرىخاھ ھاكىمنىڭ ھايات تەرزى قانداق بولۇشى لازىملىقىنى تەرىپلەيدۇ.

ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا بولغان خاھىشلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ خاھىشنى مۇستەھكەملەش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىزگۈلۈك ياخشىلىقتۇر. بۇ نەرسە پەقەت قانۇن بولغاندىلا ۋە ئۇ قانۇن ياخشى ئىشلىگەندىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ئەگەر قانۇن جەڭ قىلىشنى بۇيرۇسا، دېمەك، بۇ ئۇرۇش ئۇچۇن ئەمەس، تىنچلىق ئۇچۇن قىلىنىدۇ. ئەفلاتون ئىنساننىڭ خەۋپسىز ياشىشى ئۇچۇن يالغۇز پاراۋانلىقنىڭ بولۇشىلا يېتىشمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مىسال تەرىقىسىدە ئۇ مەشھۇر يۇنان شائىرى تىرتەيىنىڭ شېئىرلىرىنى كەلتۈرىدۇ. ئەفلاتون مەدھىيە ئوقۇغان جاسارەت تاشقى ئۇرۇشتىكى جاسارەت ئەمەس. لېكىن ئادەملەر باھالىق ـ قۇدرەت ئارقىلىق ئۆز (ئىللەتلىرى) ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تىنچلىقنى تەمىنلەشلىرى مۇمكىن، دەيدۇ.

ئەفلاتون ئەيتىدۇكى، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ۋە بۇ ئىش نېسىپ ئەتكەندە قانۇنچىلارنىڭ مەقسىتى خۇدا يولىدا جەسۇرلۇق، بۇيۇكلۈككە ئېرىشىش، ئۇ دۇنيادا ياخشى مۇكاپات ئېلىشقا ئىنتىلىش بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۇچۇن تۆت تۇغما پەزىلەتتىن بۈيۈكرەك پەزىلەتكە ئېرىشىش زۆرۈر. ئەفلاتون ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداق ساھىبى قانۇنلار ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە ئۇلار ئۆز ئالدىغا تۇرلۇك مەقسەتلەرنى قويۇشلىرىنى، ئەمما قانۇن تۈزۈشتە ئالدىراڭغۇلۇق نەتىجىسىدە يامان نەتىجىلەرگە ئېرىشىشلىرى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەفلاتون ئاشۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ ئالدامچىلىقىدىن ئادەملەرنى ئېھتىيات قىلىشقا

ئۇندەش مەقسىتىدە بۇ گەپلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەفلاتۇن ئېزگۈلۈك، ياخشىلىقلارنى ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قايسى بىرلىرى ئىنسانىي، قايسى بىرى ئىلاھىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىلاھىي ياخشىلىق ئىنسانىي ياخشىلىقلارغا تەسىر ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئىلاھىي ئېزگۈلۈكلەر ياخشىلىقلار ئۆزلەشتۈرۈلسە، ئۇ ھالدا ئىنسانىي ياخشىلىقلارمۇ ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، پەقەت ئىنسانىيلىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەندە بولسا ئىلاھىيلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇش مۇمكىن. ئىنسانىي ئېزگۈلۈكلەر، خەيرىلىك نەرسىلەرگە كۈچ، گۈزەللىك، بايلىق، بىلىم ۋە باشقىلار كىرىدۇ. بۇلارنى ئەفلاتۇن ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى كىتابلىرىدا تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقىي قانۇن ئىگىسى ئىلاھىي ئېزگۈلۈكلەرگە يېتىش ئۈچۈن بۇ ئېزگۈلۈكلەر ياخشى بىر تەرتىپكە سالغۇچى زات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ پايدىلىنىدىغان ئېزگۈلۈكلەر قانۇن تەلەپ قىلغىنىدەك ئىلاھىي ئېزگۈلۈكلەردۇر. ئەفلاتۇن قانۇن چىقارغۇچىلار ئېزگۈلىككە، ياخشىلىققا ياردەم بېرىدىغان ۋاسىتىلەرگە ئېرىشىشلىرى، ئادەملەر ئېزگۈلۈكلەرگە ئېرىشىش يولىدا قەتئىيەت كۆرسىتىش زۆرۈرلۈكىنى ئاڭلىرىغا سىڭدۈرۈشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئاۋۋال بۇ قانۇنىي نىكاھلارغا، ھېرىس ۋە ھېس - تۇيغۇلارنى تەرتىپكە سېلىشقا، ئۇلاردىن پەقەت قانۇن تەلەپ قىلغان مىقداردا ئۆزلەشتۈرۈشكە تەئەللۇقدۇر. بۇ يەنە قورقۇنچ ۋە غەزەپ، مۇدھىش ۋە گۈزەل ئىشلار ھەمدە ئېزگۈلۈككە ئېلىپ بارىدىغان باشقا ۋاسىتىلەرگە تېگىشلىكتۇر. كېيىن ئەفلاتۇن بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىدىن زېۋس ۋە ئاپپوللونلارنىڭ پايدىلانغانلىرىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىدىكى ھەربىر ئەمىر - تەلەپلەردىن قانچىلىك كاتتا پايدا بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇۋغا دائىر ياكى جامئە بولۇپ تاماقلىنىش ياكى ئۇرۇشتا تېگىشلىك بولغان ئەمىر - پەرمانلار. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنە ئۇرۇشنىڭ زوراۋرىيەت يۈزىسىدىن ۋە جۇشقۇنلۇق تۇيغۇسى ھەمدە بىرەر ئەۋزەللىكنى كۆزلەپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ قانداق ئۇرۇشنىڭ ھېس - تۇيغۇ ۋە زورىق ئېلىش ئۈچۈن، قايسىسى زوراۋرىيەت جەھەتتىن بولۇشىنى ئېنىقلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەفلاتون ئۆزىنىڭ شائىرانە سۆزىدە سوئال بەرگۈچى ۋە جاۋاب قايتۇرغۇچى ئارىسىدىكى بەس - مۇنازىرىدە مۇدھىش نەرسىلەرنىڭ تەسىرى ئۆتكەن ۋە ئۇلارغا باغلىق بولۇپ قالغان بەزى گۈزەللىكلەر ھەققىدە ئەسلەپ ئۆتۈش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك خەيرلىك ئىشلارنى تەمىنلەش، بۇ ئىشلار ھەققىدىكى باشقىچە پىكىرلەرنى بىر ياقلىق قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قانۇن ئىگىلىرىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر. ئەفلاتون ئاشۇ قانۇنلاردىكى بەزى تەلەپلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق پەرمانلارنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئىدراكلىق ئادەم ئۆزىگە نىسبەتەن شۇبھە تۇغدۇرماسلىق ئۈچۈن ۋە يۇقىرىلارنى قانۇنلارنىڭ ھەققانىيلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق مىساللارنى ئۆگىنىپ چىقىشى زۆرۈر.

ئەفلاتۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ مۇشكۇل ئىش - قانۇننى جارى قىلدۇرۇشتۇر. قانۇنغا شۇبھە بىلەن قاراش ھەمدە قانۇن ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئەڭ ئاسان ئىشتۇر. كېيىن ئۇ ئاۋۋالقى قانۇنلاردىن مەلۇم بولغان بەزى پەرمانلار ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ مەقسەتكە تولىمۇ مۇۋاپىق بولغان بايراملار ھەققىدىكى پەرماندۇر. چۈنكى بايراملار (كىشىلەرگە) زوق بېغىشلايدۇ، ئۇلارغا ھەممە كىشى تەبىئىي ھالدا مايىللىق بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ جارى قىلغان قانۇنلار سۈپىتىدە بەرقارادۇر. ئۇلارغا ئەفلاتون خەيرخاھلىق بىلدۈرىدۇ، مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ

قانداق پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. كېيىن ئۇ، قانۇن تەرىپىدىن تەلەپ قىلىنغان تەقدىردە مەي ئىچىش ھەققىدە سۆزلەيدۇ ۋە باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن مەيخورلۇق قىلىنسا نېمە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەفلاتۇن گوياكى غالىبلار — دائىما ئەڭ ياخشى ئادەملەردۇر، مەغلۇبلار ئەڭ يامانلاردۇر، دېگەن چۈشەنچىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. غەلىبە تاسادىپىي بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: خەلقنىڭ كۆپ بولۇشىدىن بۇ خەلقنى قەھرىمان دەپ ئويلىسا بولىدۇ. ئەمما ئادەم غەلىبىسىدىن مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك، ئەكسىنچە ئۆز مەۋقىئىنى قانۇنلارغا مۇۋاپىق رەۋىشتە قورۇشى لازىم. خاھىش بىلدۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي قانۇنچى بولالمايدۇ، قانۇنلارنى تۈزۈشتە يارالغانلار قانۇنچى بولۇشى كېرەك. بۇ ئىلىم - پەن ۋە باشقا ساھەلەردىكى رەھبەرلەرگىمۇ تەئەللۇق. ئۆز پائالىيىتى دەۋرىدىمۇ، بۇ پائالىيەتتىن ئۆزىنى تارتقاندىمۇ باشلىق، ئۆز نامى بىلەن باشلىق دەپ ئاتىلىشى لازىم. ئەگەر بۇ باشلىقلارنى بۇ سەنئەتكە ئۆگەتكەندىن كېيىن ئۆز پائالىيىتىدىن ۋاز كەچسىمۇ ئۇ يەنىلا رەھبەر، دەپ ئاتىلىشقا سازاۋەردۇر. ئەگەر سەنئەتتىكى رەھبەرنىڭ پائالىيىتى ماختاشقا سازاۋەر بولمىسا ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئۇ ھالدا باشلىق، دەپ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەس.

ئەفلاتۇن قانۇنچىلار بىرىنچىدىن، قانۇنلارنى جارى قىلالىشى، ئىككىنچىدىن، پەرمان بېرىشنى بىلىشى زۆرۈر، دەيدۇ. ئەگەر ئۆزى بۇيرۇغان نەرسىنى جارى قىلالمىسا، ئەگەر باشقىلار بويسۇنغان نەرسىگە ئۆزى ئەمەل قىلالمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرى قول ئاستىدىكىلەرگە تەسىر قىلمايدۇ. بۇ مۇناسىپ ۋە چىدىرايلىق ھالدۇر. قانۇنغا ئۆزى ئەمەل قىلمىغان رەھبەر ئۆزى قەھرىمان بولماي تۇرۇپ ئەسكەرلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداقلارغا ھەۋەس قىلىپ بولمايدۇ.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەفلاتۇن ھاكىملىرى ۋە باشقىلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىچىپ يۇرىدىغان مەست ـ ئەلەسلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش. مەست ـ ئەلەسلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن زېھىن، بىلىم ۋە ھوشيارلىقتا ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇش كېرەك. دەرھەقىقەت، ئەفلاتۇن ئېيتقاندەك، ئەگەر قانۇنچىلار ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشاش جاھىل بولسا، ئۇ ئادەملەرگە نەپ كەلتۈرىدىغان قانۇننى جارى قىلالمايدۇ. ئەفلاتۇن قانۇنلارغا رىئايە قىلىشتا تەربىيە ۋە مەشغۇلاتلار كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۆزى قانۇننى مەنسىتمەيدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدىغانلار ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن چوڭ تەرتىپسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئۆزى مەدھىيىلەپ كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ بەس ـ مۇنازىرە، سۆھبەتتىكى ماھىرلىقىنى، سۆز بايلىقى، بىلىم كۆـ چى تۇپەيلىدىن مەشھۇر بولسا، ئۇنى ئۇلار قانچە كۆپ ماختاشمىسۇن، ئادەملەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەزىلىتى ئەمەس، دەپ توۋلايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئەفلاتۇن ئەگەر ئادەمنى سۆزنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ تەرىپلىسە، بۇ — ئالىملار كۆپىنچە مۇراجىئەت قىلغۇچى ئەنئەنىدۇر. نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىـ پىسى — تۇپ مەنانى توغرا ۋە ساغلام ئىگىلەپ چوڭقۇر ئۆگىـ نىپ، شۇ ئادەمدە تەربىيىلىنىۋاتقان سۇپەتلەر بارمۇ ياكى ئۇ سۇپەتلەرنى ناتىق سۆزمەنلىكى ۋە ناتىقلىق ماھارىتى بىلەن ياكى ناتىقنىڭ ھەممە نەرسە توغرىسىدا ياخشى پىكىر بىلدۈرۈشكە ئۆگەنلىكىدىن شۇنداق كۆرسەتتىمۇ، بۇنى بىلمۇېلىش زۆرۈر··· قانۇننىڭ ئۆزى ئۆز ھالىچە ئالىيجاناب ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشى كېرەك ۋە ئۇنىڭ نامىدىن ھەممە ئۇ (قانۇن) ھەققىدە نېمىنى سۆزلىگەن بولسا، مۆتىۋەر ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئەفلاتۇن قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى خەلققە مەنتىق ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى ئېيتىدۇ. خەلق قانۇنلارغا ئېھتىياج سېزىشى ۋە ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى زۆرۈر. چۈنكى ئۇلار كېيىنچە خەلقنىڭ ئۆزىگە پايدا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قانۇندىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەفلاتۇن مىسال كەلتۈرۈپ، گۆدەك بالىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشىگە زور ئىشتىياقى بارلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ ئويۇن ئارىسىدا ئىشىك ۋە ئۆيلەرنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ئۆگىنىۋېلىشىنى ۋە كېيىنچە شۇ ھۈنەرنى ئىگىلەپ ئېلىشىنى، بۇ قابىلىيەتنىڭ پايدىسى تېگىشىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ئەفلاتۇن قانۇنچىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئەگەر قانۇنشۇناس باشلىقىدىن باشلاپ دۆلەت ئىشلىرى بويىچە پايدىلىق مەشقلەرنى ئېلىپ بېرىشقا، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ توغرا ۋە ناتوغرىلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئۆگەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا ۋاقتى ـ ۋاقتى بىلەن ئۆزى ئۈستىدىن نازارەت ئورنىتىشى ھەمدە ئىلگىرى شۇغۇللانغان ۋە ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەشغۇلاتلىرىغا سۈبات ۋە قىزىقىش بىلەن قارىشى زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە قارىمۇقارشى، ئۆز ئارا تۇتاش جۈپ قۇۋۋەت: غەمكىنلىك ۋە خۇشاللىق، لەززەت ۋە ئىزتىراپ ۋەھاكازالار بار دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ قۇۋۋەتلەردىن بىرى تەھسىنگە سازاۋەر، ئىككىنچىسى ھايۋانىدۇر. قانۇن ھايۋانىي كۈچنى ئەمەس، تەھسىنگە سازاۋەر كۈچنى راۋاجلاندۇرۇشقا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك. ئەفلاتۇن ھايۋانىي قۇۋۋەت تەرىپىدىكى زىددىيەت كۈچلۈك ۋە ئېغىر، تەھسىنلىك قۇۋۋەت تەرىپىدىن زىددىيەت مۇلايىمراق ۋە خۇش كۆڭۈللىرەك، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھەربىر ئادەم شۇ ئىككى زىددىيەت ھالىتى ھەققىدە ئويلىشى، تەھسىنگە سازاۋەر قۇۋۋەتكە بويسۇنۇشى كېرەك. شەھەرنىڭ ھەممە ئاھالىسىگە كەلگەندە، ئەگەر ئۇلار تەھسىنگە سازاۋەر كۈچلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گە ئېرىشىشكە كۆچى يەتمىسە، يول كۆرسەتكۈچى، ئەڭ مۇتىۋەر ئەۋلىيالارنىڭ ئىشلىرىدىن سۆز يۇرۇتكۇچى، قانۇنچىلارنىڭ ئادەتلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك بولىدۇ.

ئەفلاتۇن ئېيتىدۇكى، قانۇنچىلار تەرىپىدىن ئېغىر ئىشلار ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگەك بىلەن باغلىق بولغان پۇختىلىق ـ قەتئىيلىك تەلەپ قىلىنىشى ئەڭ ياخشى ئادەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاخىرىغا قۇلايلىق ۋە خەيرلىك ئىشلار كېلىدۇ. بۇ ھالەت خۇددى ئاچچىق، ئەمما سالامەتلىككە پايدىلىق دورا ئىچىشكە ئوخشايدۇ.

ئەفلاتۇن ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇھىم خىسلەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قارىمۇ قارشى جەھەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: كەمتەرلىك ـ تەھسىنگە (تەقدىرلەشكە) لايىقتۇر. ئەمما كەمتەرلىك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئۇز كۈچىنى يوقىتىدۇ ۋە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ. ئادەملەر ھەققىدە ياخشى پىكىردە بولۇش ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك تەھسىنگە سازاۋەردۇر. لېكىن بۇلار دۈشمەنگە تەئەللۇق بولۇپ قالسا، ئۇ زىيانلىقتۇر. ھوشيارلىقمۇ تەھسىنگە لايىق، ئەمما ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ قورقۇش ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئايلىنىپ، زىيانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەللامە (ئالىم) ئەگەر ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا، ئەمما مەقسەتكە ئەگرى يول بىلەن ئېرىشسە، بۇمۇ زىيانلىقتۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى مەقسەتكە چىرايلىق ۋە پاكىز يول بىلەن ئېرىشىش كېرەك.

ئەفلاتۇن ئەسلى ئادەمگە پايدىلىق ئىش سۈپىتىدە يامانلىقنى بېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ ھاراقكەشلىك بىلەن سالامەتلىكنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئەفلاتۇن ساق ئادەملەرنىڭ مەستلەرگە يېقىن بولۇشى، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇش مەسلىكتىكى بىمەنە

لىكتىن، قەبىھ ئىشلاردىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈ-
كىنى چۈشەندۈرىدۇ. نىمجان ئادەم بەلكى كاسىلاپ ئىچىپ،
ئۆزىنى كۈچلۈك پەرەز قىلىپ، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن
شاۋقۇن - سۈرەن ۋە جېدەل - ماجىرانى توساپ قالىدۇ. ئەمما
ھالسىزلىنىپ ماغدۇرىدىن ئايرىلىدۇ. ئىچەرمەن ئادەمدىن يەنە
باشقا نۇرغۇن تەلۋىلىكلەر سادىر بولىدۇ.

ياخشى پەزىلەتلەرگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم ياخشى خىس-
لەتلەرگە ئىگە بولۇشى، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى يوق قىلىشقا ئىن-
تىلىشى زۆرۈر. ئادەم پەقەت ئىللەتلەردىن خالاس بولغاندىن
كېيىنلا ياخشى پەزىلەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاندىن ئۇ ھەربىر
ئىنسان تەبىئىتىگە مەلۇم بىر خىسلەتنىڭ توغرا كېلىدىغانلىقىنى
ئېيتىدۇ. ھەربىر ئايرىم شارائىتتا ئۆزىنىڭ ماقۇللايدىغان ياكى
ماقۇللىمايدىغان قارارىنى چىقىرىش ئۈچۈن ساھىبى قانۇنمۇ،
ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ شۇ نەرسىلەرنى يەنى ئىنساندىكى بۇ خۇسۇسى-
يەتلەرنى بىلىش كېرەك. بۇ شۇ قارارنىڭ يوقالماسلىقى ئۈچۈنمۇ
زۆرۈر. ئەگەر بىرەر قارار ئورۇنسىز چىقىرىلسا، بۇ ھالدا ئۇ
يوقىلىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نامۇ نىشان قالمايدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئەفلاتۇن: ئىنسان تەبىئىي خىسلەتلەرگە ئىگە. بۇلار ئۇنىڭ-
دىكى خۇلق - ئەتۋار ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ،
دەپ چۈشەندۈرىدۇ. قانۇنچىلار بۇ خىسلەتلەرنى نەزەردە تۇتۇشى،
ئۇلارنى تۈزىتىشى، شۇ خىسلەتلەرنى تۈزىتىدىغان قانۇنلار چىقى-
رىشى كېرەك. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قانۇنچى پۇقرالارنىڭ
خۇلق - ئەتۋارىنىمۇ تۈزىتىدۇ...

راھەتلىنىش، دەرد چېكىش ۋە قايغۇرۇش ئاساسىي تەبىئىي
خىسلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇلار تەپىلى پەزىلەتلەر ۋە ئىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ. نىھايەت، بالاغەت ۋە بىلىملەرگە، راۋاجلىنىشقا تەربىيە ۋە مەشىق ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. ساھىبى قانۇن ئادەملەرگە ئۆزلىرىنى چەكلەپراق تۇرۇشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ ئادەملەر بايراملاردا ۋە ئارام ئالغانلىرىدا راھەتلىنىدۇ. چۈنكى ئادەملەردە راھەتلىنىشكە تەبىئىي مايىللىق بار. بۇنداق راھەتلىنىش تۇيغۇلىرىنى خۇدايى تائالا ئاتا قىلغان. مۇزىكىغا بولغان مايىللىقمۇ شۇنداق: تەبىئىي مەيىل ـ ئىختىيار تۇپەيلى، مۇزىكىدىن خەۋەردارلىق نەتىجىسىدە راھەتلىنىش پەيدا بولىدۇ. ئەفلاتۇن يۇناندا مەشھۇر بولغان ئاممىۋى ئۇسۇللار ۋە سۇناي ناۋالىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەربىر ئايرىم ھالدا گۈزەللىك نېمە، شۇنىڭدەك بىمەنىلىك نېمىلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. گۈزەللىك بۇ تۇرلۇك مۇزىكىلار، ياخشى خۇلق ـ ئەتمۋارغا توغرا كېلىدىغان مەسىلەن: سېخىيلىق، جەسۇرلۇقتا ئوخشاش ياخشى، ئىجابىي خىسلەتلەر ـ ئادەملەر ئېرىشىشكە ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلەردۇر. خۇنۇكلۇك، بىمەنىلىك بولسا يامان خىسلەتلەرگە ئۇندەيدۇ. ئەفلاتۇن مىسىر ئىبھراملىرىدا مەۋجۇت بولغان كۈي ۋە تەسۋىرلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىبھراملاردا قەتئىي قانۇن ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىلاھىي دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئەفلاتۇن خۇرسەنلىكنى خاتىرجەم ۋە سوغۇققان قوبۇل قىلغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۆسمۇرلەر راھەتلىنىشتىن ئالغان خۇشاللىقىنى خېلىلا كۈچلۈك ھېس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھەقىقىي قانۇن ئورناتقۇچى يېڭى قانۇن قوبۇل قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ مەملىكەتتىكى ھەممە تەبىقىلەر ۋە ئەۋلادلارغا، بارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ئاھالىسىگە بەخت ـ سائادەت، شاد ـ خۇراملىق كەلتۈرۈشنى ھېسابقا ئالىدۇ. قانۇندا ئادەملەرنىڭ بارچە خىسلەتلىرىدىن پەرق قىلىدىغان تۈغما خىسلەتلەرمۇ ھېسابقا ئېلىنىشى

كېرەك. خەلقلەرنى بىرمۇبىر مەغلۇپ قىلىشقا قارىتىلغان قانۇنلارنى قوبۇل قىلىدىغان رەھبەرلەر مەرىپەتلىك قانۇنچىلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بىلىمدان قانۇن ئورناتقۇچى، مەسىلەن: سازەندىنىڭ خىسلەتلىرىنىمۇ ھېسابقا ئالىدۇ ۋە ئۇ چىقارغان قانۇن سازەندىلەرنىڭ تۇغما پەزىلەتلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. دېمەك، قانۇن تۈرلۈك - تۈمەن پېئىل ئەتۋاردىكى، تۈرلۈك - تۈمەن خىسلەتلىك ئادەملەر خەيرىخاھلىق بىلەن كۈتۈپ ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بولۇشى زۆرۈر. ئىدراكلىق ۋە تەجرىبىلىك ئادەمنى بويسۇندۇرغۇچى قانۇننى جارى قىلدۇرۇش، باشباشتاق كىشىلەر ۋە تەجرىبىسى يوق ئادەملەرنى ئالىملارغا تەڭلەشتۈرۈپ بويسۇندۇرغۇچى قانۇننى ئىجرا قىلىشقا قارىغاندا ياخشى ۋە ئەۋزەلرەكتۇر. بۇنى چوڭ باشلىق، تەجرىبىلىك ۋە سالماق ئادەملەر ئەتراپىدا قوشاق ئېيتقۇچى ناخشىچىغا ئوخشاتسا بولىدۇ (بۇ ئادەملەر قانۇننى توغرا چۈشەنگۈچىلەر بىلەن قىياس قىلىنىۋاتقانغا ئوخشايدۇ).

قانۇنچىلارمۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بېجىرگۈچىلەرمۇ خەلقنىڭ ناھايىتى كۆپ، تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشلىرى كېرەك، تاكى ھېچبىر ئىش ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمىسۇن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىسا، ئۇ ھالدا تەسىرلىرى بولغان ھەممە ساھەلەردىن ئۇلارنى چەتلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئۇلار بىر نەرسىگە كۆپ قېتىم ئېتىبار بەرمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سەگەكلىكى نامۇنىشانسىز يوقىلىپ كېتىدۇ، بۇ ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆز ئېتىبارسىزلىقلىرى نەتىجىسىدە خۇدىنى بىلمەي قالىدۇ - دە، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ تەلىم ئالىدىغان بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ. ئەگەر ياشلار مەئىشەتكە بېرىلىپ، قانۇنغا زىت رەۋىشتە كۆڭۈل ئېچىپ، راھەتلىنىپ يۈرسە، قانۇنچىلار ئۇلارنى تۈزىتىشى قىيىن، شۇڭا راھەتلىنىشلىرىنى قانۇنغا بويسۇندۇرۇشلىرى زۆرۈر. بالاغەتكە يەتكەن ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىگىتلەر بۇ شەرت ـ شارائىتلارغا كۆنۈكۈشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشلىرى كېرەك.

قانۇنچىلارنىڭ ھەربىر گۇرۇھ ئادەملەرگە مۇراجىتى چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن قانۇن چىقارغۇچى ئادەملەرنىڭ ئىدراك ئېتىش ئىمكانىيەتلىرىنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك، تاكى ئادەملەر ئۇنى چۈشەنسۇن. چۈنكى ئادەملەرگە بىرەر نەرسىنى چۈشىنىش ۋە ئەمەلدا قوللىنىش قىيىن بولۇش مۇمكىن. چۈشەنمەسلىك بۇنداق قانۇندىن ۋاز كېچىشكە ۋە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەفلاتۇن بىلىمدان ۋە مېھرىلىك تېۋىپ شىپالىق دورا تەييارلاپ، بىمار ياخشى كۆرىدىغان تاماققا قوشۇپ بەرگىنىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئەفلاتۇن مۇتلەق ئېزگۈلۈك بولمىغان نىسپىي ئېزگۈلۈكنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆز ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سالامەتلىك، چىرايلىقلىق، بايلىققا ئوخشاش كۆپ كىشىلەر تەردىپىدىن خەيرىلىك دەپ تونۇلغان ئېزگۈلۈك ئەسلىتىلگەن قەدىمىي شېئىرنى مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىبارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ جاھىل ۋە ئادالەتسىزلىك ئۈچۈن بولسا، ئېزگۈلۈك يوق ۋە ئۇلار بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھەتتا ھاياتمۇ بىر كۈلپەتتۇر.

ئەگەر دە ياخشىلىق، ئېزگۈلۈككە دائىر قانۇن مەۋھۇم (خىيالەت) بولسا، قانۇن ۋە بۇ جەھەتتىكى پەندى ـ مەسىھەتلەرنى يېزىپ ماڭغۇچىلار ۋە شائىرلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى خاتالارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنىڭغا جىددىي ئېتىبار بېرىش كېرەك بولىدۇ. ئەفلاتۇن: ھەممە ئېزگۈلىكلەر ئەينى ۋاقىتتا يېقىملىق» ئەمما «كۆپ يېقىملىق نەرسىلەر خەيرىلىك ئەمەس» دېگەن ئىبارىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئېزگۈلىكى يوق، پەقەت يېقىملىق نەرسىلەر بىلەن بولسا ئەقلى قىسقا ئادەملەر راھەتلىنىدۇ. ئېزگۈ-

لىك، ياخشىلىق ئۇلردىن ھاسىل بولىدىغان نەرسىنى بىلگۈچى ئادەملەر ئۈچۈن يېقىملىقتۇر، بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بولسا يېقىمسىزدۇر. ئايرىم بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن.

ئەفلاتۇن ئېيتىدۇكى، بىر ئادەمگە تەئەللۇق بولغان قائىدە ـ ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن شەرت ئەمەس، بىر گۇرۇھ ئۈچۈن يارىتىلغان قانۇنلارغا باشقا گۇرۇھتىكى ئادەملەرنىڭ رىئايە قىلىشىمۇ شەرت ئەمەس. ئۇ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: قېرىلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، قېرىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشىشى ياراشمايدۇ. ئەگەر بۇنداق ئادەم ئورۇنسىز شۇ ئىشنى قىلسا، ئۇ كۆزگە خۇنۈك كۆرۈنىدۇ ۋە ئادەملەرگە ياقمايدۇ. ئەگەر ئۇ بەرىبىر شۇنداق قىلسا ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇنداق تۇتۇشى ياراشسا، نېمە بولىدۇ؟ (فارابى بۇ سوئالنى ئەفلاتۇننىڭ پىكرىگە قارشى قويىۋاتقانغا ئوخشايدۇ.) ئەفلاتۇن بىر چال ئۆزىگە ياراشمىسىمۇ، نەي چېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ بايرامغا قاتنىشىۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، ئۇلار خۇشال بولۇش ئورنىغا بىپەرۋا تاماشا قىلىدۇ. ئەگەر نەي چېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە ئېھتىياج بولمىسا، لېكىن بۇ ئىش قىلىنسا، بۇ ئىش يېقىمسىزلىق ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەيلى قانداق ئىش قىلىنغان بولسۇن، ۋاقىت ۋە شارائىتقا توغرا كەلمىسە، كەلتۈرۈلگەن مىسالدىكىگە ئوخشاش بۇ چىرايلىق ئىش ھېسابلانمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت زۆرۈرىيەتسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇ يېقىمسىز بولۇپ، ئالقىشقا سازاۋەر ئەمەس. (ئۇنىڭ ئۈستىگە) بۇ ئىش تاماشا قىلىۋاتقانلاردا، بولۇپمۇ تەجرىبىسىز ئادەملەردە يىرگىنىشلىك تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ. ئەفلاتۇن ئەگەر بىرەر نەرسىدىن راھەتلىنىش ئادەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەرگە خۇشياقمىسا، ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ھاجىتى، تەبىئىتى ۋە ئادىتىگە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ جەسۇر ئادەملەر، شۇنىڭدەك بىرەر سەنئەت ئىگىسى بولغان ئادەملەرگە دائىر مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بىر سەنئەت ساھىبى ئۇچۇن زوقلۇق بولغان نەرسە، باشقا سەنئەت ساھىبى ئۇچۇن زوقلۇق بولماسلىقى مۇمكىن.

شۇنىڭغا ئوخشاش بەزىلەرگە توغرا ۋە گۈزەل، ئادەلەتلىك كۆرۈنگەن نەرسە باشقىلارغا يامان كۆرۈنۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئەفلاتۇن: ئەشيالار ئۆز ـ ئۆزىدىن گۈزەل ۋە خۇنۈك ئەمەس، بەلكى باشقا ئەشيالارغا نىسبەتەن گۈزەل ۋە خۇنۈك بولىدۇ، دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە سەنئەتكارلاردىن سورالسا، ئۇلار ئەلۋەتتە بۇ پىكىرنى تەستىقلىغان بولاتتى.

ئەفلاتۇننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، نەرسىنىڭ ماھىيىتى نامەلۇم بولسا، بۇ نەرسىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى، تەرتىپكە سېلىپ بولمايدۇ. ئەگەر كىمكى بۇنىڭسىزمۇ، تېگىشلىك جەھەتتىنى ۋە زۆرۈرلىكىنى ئۇيغۇنلىقىنى (ئۇ نەرسىنى) ئېنىقلاش مۇمكىن، دەپ دەۋا قىلسا يېڭىلىشىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئادەم ئەشيانىڭ ماھىيىتىنى بىلسىمۇ شۇ نەرسىنىڭ ياخشى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىنى ياكى يامان ۋە بىمەنە خىسلەتلىرىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەشيانىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ياخشى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىنى، يامان ۋە بىمەنە خىسلەتلىرىنى بىلگىنىدىلا بۇ ئەشيا ھەققىدە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولۇشلىرى مۇمكىن.

قانۇنلارنى، ھەممە سەنئەتكارلارغا (ھۈنەرۋەنلەرگە) ئائىت بىلىملەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ھاكىم بۇنىڭغا يا ياخشى ياكى يامان مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۇچۇن، شۇ ساھەلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشى لازىم. ھاكىم ھەر ساھەنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىنى ئېگىلىشى، ئۇلار ھەققىدىكى بىلىمنى كامالەتكە

يەتكۈزۈشى، توغرا ۋە ھەققانىي باشقۇرغۇچى ئۇچۇن ئۇلارنى بىلىشى كېرەك. قانۇننى يارانقۇچى بۇ ئۈچ نەرسىنى (يەنى: ماھىيەت سۈپەت ۋە خىسلەتنى) ياخشى بىلىپ ئالغان تەقدىردىلا ئاشۇ قانۇن ئەڭ ياخشى قانۇن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۈچ جەھەتنى توغرا چۈشەنمىسە، ئۇ قانداق قىلىپ قانۇنلارنى يارىتالىشى مۇمكىن؟ بۇ پەقەت قانۇنلارغىلا ئەمەس، ھەر قانداق ئىلىم ۋە سەنئەتكىمۇ تەئەللۇقتۇر. ئەفلاتۇن شېئىرلارنى مىسال قىلىپ، ئۇلارنىڭ (ئومۇمىي) ئۆلچىمى، ۋەزنى، ئاھىڭى ھەققىدە سۆزلەپ، بۇلارنىڭ ئىجادكارلىرى ھەممە بۇ سەنئەتنىڭ ھەممە تۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ئادەملەرنى تىلغا ئالىدۇ.

ئەفلاتۇن قانۇنلاردىكى ھەربىر كۆرسەتمىدىن ماھىيەتىگە قاراپ پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن مىسال تەردىسىدە يەنە ئۇسسۇل ئويناش ۋە نەي چېلىش ھەققىدىكى بايانىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كىم بولسۇن بىرەر نەرسىنى تەلقىن قىلىشتا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا ھەقىقەتكە خىلاپ ئىش قىلسا، ئۇ ئادەم ئەڭ قاتتىق قول، جاھىل ۋە بىمەنى ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئادەمدىن دەرھال ۋاز كېچىش كېرەك.

ئۆزلىرىدە مەلۇم بولغان مۇزىكىلىق سەنئەتلەردىن توغرا پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن ئادەملەر رەھمەتكە سازاۋەردۇر. ئۇلارنىڭ مەناسىنى ئۆزگەرتىپ ئورۇنسىز ۋە يولسىز پايدىلانغۇچىلار ئەيىبلىنىشكە ۋە قارىلىنىشقا لايىقتۇر. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن غەم ـ كۈلپەتكە سەۋەب بولىدۇ. يۇنانلاردا قوشاق سەنئىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنچىلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشلىرى لازىم. دەرھەقىقەت، قوشاق سەنئىتى ناھايىتى پايدىلىق. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ روھىيەتكە تەسىرى ھەممە روھىتكە ئالاقىدار بولغان قانۇنلار تەسىرى بىلەن بەكمۇ پايدىلىقتۇر.

ئۇشبۇ بابتا ئەفلاتۇن بەدەن ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىسمانىي مەشىقلەر روھ ئۈچۈنمۇ شۇنداق زۆرۈردۇر، چۈنكى بەدەننى پاك، ساغلام قىلىش — روھنىمۇ پاك ۋە ساغلام قىلىدۇ دەيدۇ.

كېيىن ئەفلاتۇن باشقا بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۆتىدۇ. شۇنداق نەرسە باركى، ئۇلاردىن بىر قانۇندا پايدىلىنىدۇ ـ يۇ، باشقىسىدا ئۇنى يىرگىنىش، يارامسىز دەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇ غەمخورلۇق ھەققىدىكى مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. يۇنانلاردا بىر گۇرۇھ ئادەملەر مەي ئىچىشكەن، باشقىلىرى ئىچمىگەن، بەزىدە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن مەي ئىچىشكە ئېھتىياجلىق بولغاندۇر. مەسىلەن: ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئاياللارنى تولغاق تۇتقاندا ياكى بەدەن يارىسى كۆيدۈرۈلۈۋاتقاندا، ياكى بەدەن ھالسىزلىنىپ قالغاندا.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

ئەفلاتۇن سۆزنى تۈرلۈك قانۇنلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، يوقىلىشى ۋە يېڭىلىنىشى پەقەت ئۇنىڭ زامانىسىغىلا تەئەللۇق بىر يېڭىلىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشلايدۇ. ئەسلىدە قەدىم زامانلاردىمۇ شۇنداق بولغان ۋە كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەفلاتۇن قانۇنلارنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە يوقىلىشىغا ئىككى سەۋەب بار، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ـ ئۇلارنىڭ ئەسلىدە قوللىنىش مۇددىتىنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشى بولسا، ئىككىنچىسى، دۇنيادا ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن پالاكەتلىك تويان، ۋابا كېسەللىكى ئوخشاش ئاممىۋى پالاكەتلەرنىڭ يۈز بېرىش ئاقىۋەتلىرىدۇر.

ئەفلاتۇن يېڭى شەھەرنىڭ قانداق بىنا قىلىنىشى، باشقۇرۇش ۋە قانۇنلارغا ئېھتىياجنىڭ قانداق تۇغۇلۇشى ھەققىدە يازىدۇ.

مىسال تەرىقىسىدە ئۇ ھەممە شەھەرلەرنى يەكسان قىلغان توپان بالاسىنى كەلتۈرىدۇ. توپاندىن كېيىن شەھەرلەر يەنە قەد كۆتۈرۈپ راجلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ يەردە ئادەملەر ۋە شەھەرلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ ئاۋۋالقى شەھەرلەرنىڭ قانداق ۋەيران بولـ غانلىقى ۋە كېيىنچە قانداق قىلىپ باشقا شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلغانـ لىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاۋۋالقى بۇ شەھەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىي تەھسىنگە سازاۋەر بولغان. لېكىن ئادەمزات ئەۋلادى كۆپىيىۋەرگەنسېرى بۇ خەلق ئۆزگىرىشكە باشلىغان. توپان بالاـ سىدىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختى قارا ھېسابلاپ، بىر ـ بىرىگە خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ، مېھىر ـ شەپقەت بىلەن قاردـ غان. ئادەم ئەۋلادىنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق، جاھالەت پەيدا بولدى، ئۇلار ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا توپان بالاسىدا زىيانغا ئۇچرىغان سەنئەتلەر (ھۈنەرلەر) ئومۇمەن يوق بولۇپ كەتتى. ئاستا ـ ئاستا مەدەن قېزىۋېلىش، دەرەخلەرنى كېسىش، دوكان ۋە ئۆيـ لەرنى قۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقى تۈپەيلى ھۈنەر ـ سەنئەتنى قايتا تىكلەشكە باشلىدى. بۇ ئىشلار پەقەت كىتابلاردىن بەھرىمەن بولغۇچىلار ئۈچۈن قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدۇ، ئادەملەر ئۆزلىرىـ نىڭ ئەسلى ماھىيەتلىرى (نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقلىرى، مەقـ سەتلىرى، ۋەزىپىلىرى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى) ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، سەنئەت ۋاستىلىرىنى ئىدراك قىلىشقا باشـ لايدۇ. ئىلگىرى ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆز ھالىغا يارىشا زۆرۈر ئىدى. كېيىنچە خۇددى نازۇك ۋە ھىمايىسىز ئەزالارنى بېكىتىش ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياخشى كىيىملەر كېرەك بولغىنىدەك، گۈزەل ۋە چىرايلىق بۇيۇملارغا ئېھتىياج تۇغۇلدى. كېيىنچە ئۇلار بۇ بۇيۇملارنىڭ ئەڭ چىرايلىقلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. ئەفلاتۇن: ئادەملەر دەسلىپىـ دە شەھەرلەر، قەلئەلەر ۋە ئۇستى يېپىق، پانا جايلاردا ۋەھشىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھايۋانلار ياكى كۆچسىز مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش باشپاناھ قىلغان، دەپ ھېكايە قىلىدۇ. كېيىنرەك بىر - بىرلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىستىھكاملارنى قۇرۇشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇش - جېدەل چىقىشقا باشلايدۇ.

ئەفلاتۇن يەنە ئۆرپ - ئادەتلەر، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن پەرزەنتلىرىگە قانداق ئۆتۈش ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىدۇ. ئەگەر بۇ جەريان بىرلىك - بىردەملىكنى ئىدراك ئېتىشكە ئېلىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تۇرلۇك ھايات تەرزىدىكى ئادەملەرنى، كاتتا، ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ تەۋەررۇك ياشتىكى ئاتىلار ۋە پەرزەنتلىرىنى پاراغەت كەلتۈرىدىغان بىردەملىككە بىرلەشتۈرىدىغان قانۇنلار يارىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەفلاتۇن ئەللىنىلەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ بىنا قىلىنىشىنى تەسۋىرلىگەن ھومېرغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئەفلاتۇن يەنە، جاھالەت ۋە زوراۋانلىققا قەدەم قويغان بىر شەھەر ئاھالىسىدىن باشقا بىر شەھەر ئاھالىسى جەبرۇ - زۇلۇم چېكىدىغان ئۇرۇش قانۇنسىز بولغانلىقى ئۈچۈن (ھېچقانداق) پايدا كەلتۈرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مىسال تەرىقىسىدە ئۇ، قەدىمىي يۇنانلىقلار غەلىبە قازىنىپ بويسۇندۇرغان شەھەرلەرنى كەلتۈرىدۇ ۋە بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن مەنادا بايان قىلىدۇ.

ئەفلاتۇن: بىر شەھەردە كۆڭۈل خالىمىغان ئىشنى قىلىپ يۈرىدىغان بىر ھاكىم ياشايتتى، دەپ ھېكايە قىلىدۇ. بۇ شەھەردە ياشايدىغان ئادەملەر ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشقانلىقى ئۈچۈن ھاياتلىرى بارغانسېرى ئاينىپ بارىدۇ. نەتىجىدە شەھەر ئىنقىرازغا ئۇچرايدۇ. بۇ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بىلەن يۈز بېرىدۇ: بىرى، ئۆزلىرىگە پايدا كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولغان ۋەزىپىلەرنى بېجىرمىگەن ئادەملەرنىڭ ھايات يوسۇنى ناپاك بولغانلىقى؛ يەنە بىر سەۋەب — ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن باشقا ھاكىملار-

نىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر. بۇ ھاكىمىيەت بەلكى قانۇنىي رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندۇر. لېكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردە بىر دۆلەتتىكى بىرنەچچە ھاكىملار ئەفلاتۇن ئەسلىتىپ ئۆتكەن، ئۇ-نىڭ دەۋرىدە مەشھۇر بولغان شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش ئىلاھىي قانۇن قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن بولاتتى. ئەفلاتۇن ئۆزى كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ بىرىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندەك بىرەر خەلققە مەنسۇپ، تۇغما ئادەتلەرنى ئىناۋەتكە ئالمىغاندا، ئۇنىڭ پىكرىچە، بىر شەھەر ئاھالىسى باشقا بىر شەھەر ئاھالىسىغا قارىغاندا ئۆز قانۇنلىرىنى تېزرەك بۇزىدۇ.

ئەفلاتۇن ئېيتىدۇكى، ماختاش بەزەن قانۇننىڭ بە قارارلىـ-قىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىنسان ئۆزماھىيىتى بويىچە پاراۋانلىق كەلتۈرمەيدىغان نەرسىنى ماقۇللىشى مۇمكىن، دەپ ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. پاراۋانلىق كەلتۈرمەيدىغان ۋە بەختكە ئېلىپ بارمايدىغان قانۇننى قانداق قىلىپ ماقۇللاش مۇمكىن؟ ئەفلاتۇن: بۇ ناھايىتى مۇشكۇل مەسىلە، دەيدۇ ۋە ئۇشبۇ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىـ-دۇ: ئاجايىپ كېمىنى كۆرۈپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنى خالايدۇ ياكى پاراۋانلىق، ھېسابسىز بايلىق خۇشياققانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر ھەممىسىگە ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ. بەلكى بۇلار ھەقىقىي پاراۋانلىق كەلتۈرگۈچى نەرسىلەرمۇ ئەمەس-تۇر. ئۇ يەنە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: گۆدەكلىك چېغىدا بالىغا بىرەر نەرسە يېقىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال خۇش كۆرگەن نەرسىسىنى خالىمايدۇ. دېمەك، ئۇنى ماقۇللىمايدۇ. (ھازىر خالىمىغان) بۇ نەرسە ئۆزد-نىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەفلاتۇن يەنە قايسى ھاللاردا كۆڭۈلگە يارىغان نەرسە ھەقىقەتەنمۇ ياخشى، پايدىلىق؛ قاچان ياخشى ئەمەسلىكىنى ئىسپات قىلىدۇ. بىز بىلىمىزكى بالا بىر نەرسىنى خالايدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى بولسا ئۇ نەرسىنى خالىماي-دۇ. ئاتا بۇ خاھىشنىڭ بالىدىن يىراقلىشىشىنى خۇدادىن ئىلتىجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ. چۈنكى ئاتا ئاقىل، بالا ناداندۇر. ئاقىل ئىدراكلىق ئىنسانلار خالىغان نەرسە ياخشى، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. لېكىن نادانلارغا يارىغان نەرسىلەرنى رەت قىلىش كېرەك.

ئەفلاتۇن ياخشىلىق، سائادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قانۇننىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، ئەمەل قىلىنىشى زۆرۈر، ئەۋزەل كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ئاقىللىقتۇر ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ئىنتىلىپ تۇرۇشى كېرەك. قانۇن چىقارغۇچى قانۇنشۇناسلار روھ ۋە ئىدراكنى راۋاجلاندۇرغۇچى ئامىللارغا ئىنتىلىشى ۋە شۇ ئامىللارغا غەمخورلۇق قىلىشى زۆرۈر. ئەگەر بۇ نەرسىلەر ھەر قېتىم ئىشەنچلىك بولسا، ئۇ ھالدا قارارمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ. تەربىيە ئاقىللىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. قانۇن پاراۋانلىق بولىدۇر. شۇنداق ئىكەن. قانۇن ئىگىسى تەربىيىنى مۇستەھكەملەشكە ئالاھىدە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. ئەگەر تەربىيە شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئادەملەر تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، ئۇلارنى قوۋۋەتلەشتىن، ئۇلارنىڭ ساپ دىللىقلىرى ۋە ئەڭ يۇكسەك خىسلەتلەر مەجمۇئەسى بولغان ھېكمەتتىن كەلگەن پاراۋانلىقتىنمۇ ئەۋزەلرەك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ئەفلاتۇن شەھەردە ھاكىملار ۋە بويسۇنغۇچىلار بولغان تەقدىرىدىمۇ ئۇ يەردە قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ كامالەتكە يېتىشى مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە يازىدۇ. ھاكىملار ئەسلى ئالىيجاناب ئاقساقاللارغا ئوخشاش ئۇلۇغۋار ياشتا ۋە ھاياتىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇشلىرى كېرەك. بويسۇنغۇچىلار بولسا گۆدەكلەر، ياشلار ۋە جاھىل ئادەملەردىن تاشقىرى، قالغان ھەممە ئادەملەردۇر. ئىشتا بۇنىڭغا قانچىلىك رىئايە قىلىنسا، شۇنچىلىك توغرا بولىدۇ. ئەگەر ھاكىملار تەربىيىسىز بولسا، ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىمۇ ئىنقىرازغا يۈز تۇتىدۇ. ئۇ مىسال تەرىقىسىدە يۇنان ھاكىملىرى ھەققىدە

سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىلىم ئىگىسى بولمىغان بولسا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بەربات قىلىپ، شەھەرلەرنى ھالاكەتكە ئۇچراتقان بولاتتى.

ھاكىملارنىڭ نادانلىقى بولسا، خەلق ئۈچۈن ئەڭ كاتتا زەرەردۇر. ئەفلاتۇن ھاكىمنىڭ تەربىيىلىك، باشقۇرۇشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بەدەنگە غىزا، كېمىگە دېڭىزچى كېرەك بولغىنىدەك زۆرۈر نەرسىدۇر.

كېسەل بەدەن قىيىنچىلىقلارغا چىدامسىز، سەمەرىلىك ئىشلارنى بېجىرىشكە قابىلىيەتسىز بولغىنىدەك، كېسەل روھمۇ ئەڭ يۇكسەك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ پەرقىگە بارمايدۇ ۋە تاللاپ ئالالمايدۇ. روھنىڭ كېسەللىكى ئىلاھىي باشقۇرۇش ئەخلاقىنى رەت قىلىدۇ. ئەفلاتۇن، ئۆزلىرىنى بىلىمدان ۋە خۇش خۇلق دەپ بىلگەن، لېكىن ئەسلىدە ئۇنداق بولمىغان ھاكىملارنىڭ ئۆز شەخسىيەتلىرىگە ئارتۇقچە ئېتىبار تەلەپ قىلىشلىرىنى ۋە ئىشنى بەربات قىلغانلىقلىرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئېيتىدۇكى، خەلق قانۇن چىقارغۇچىغا ئەگىشىش ئۈچۈن قانۇننىڭ قەتئىيلىكى، ئالىي ھىممەت بولۇشى، ئۇنىڭ (قانۇننىڭ) كەمچىلىكى - يەڭگىللىرەك بولۇشى ئۈچۈن قانۇنچىلار باشقۇرۇش ساھەسىدە ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلىرى لازىم، ئەكسىچە بولغاندا ئىشنىڭ مۇشكۇلاتلىرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئىشنى بەربات قىلغان ھاكىملار كۆپ بولغان ۋە قانۇنچىلارنىڭ مەقسىتى ئەينەن ھاكىملارغا قارىتىلغان بولۇشى، بەلگىلەنگەن مەقسىتى سوزۇلۇپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭ قانۇنى ئەبەدىي بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئەگەر قانۇنچىلار مۇستەقىل ۋە مەخسۇس قانۇنغا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىشى خەيرىخاھلىق بىلەن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۇ يەنە قانۇنچىلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە ئالقىشقا لايىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قانۇننىڭ ئىختىيارىي زۆرۈرىيەت ئۇسۇلىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئىچى تارلىق خىزمەتكارلار تەبىئىتىگە ماس بولغىنى ئۈچۈن، ھاكىم ھەسەتتىن خالىي بولۇشى كېرەك، دەپ چۈشەندۈردى. ئەگەر قانۇنلاشتۇرۇش ئەركىنلىك بىلەن ئىختىيارىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇ چاغدا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەتمۇ پۇقرا تەرىپىدىن خەيرىخاھلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ غايىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەكسىنى ئۇ، پارسلار، ئىران ھاكىملىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئادەتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار بىلەن تولدۇرىدۇ.

ئەفلاتۇن مېھىر ـ شەپقەتلىك ۋە ئەخلاقلىق چۈشەنچىسى ھەققىدە سۆزلەپ قانۇنچىلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ خىسلەتلەرنى ئالاھىدە ئىناۋەتكە ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى ۋە شۇ خىسلەتلەرنىڭ تەسىر كۈچىگە قاراپ ئىش قىلىش لازىملىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. تاكى قانۇن چىقارغۇچى قانۇننى قۇللارچە ئىتائەتكارلىقنى تەلەپ قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەركىن رەۋىشتە قوبۇل قىلدۇرالىسۇن. ئەفلاتۇن ئۆز ھېكايىلىرىدە ئەسلىتىپ ئۆتكەن پارسلار مىسالىدا، ھاكىمىيەتنىڭ ھاكىمىدىن ئوغلىغا ئۆتۈشى مىسالىدا ۋە دېڭىز دىكى ئۇرۇشتىن قانداق ئولجىلار ئېلىنغانلىقى مىسالىدا، قۇللارچە ئىتائەتكارلىقنىڭ ئىللەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە بىر شەھەردىكى دۈشمەن قانداق قىلىپ دوست بولۇپ قالغىنى ھەققىدىكى ۋەقەنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق. قانۇن چىقارغۇچى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دوستلۇق تۇيغۇلىرى مەۋجۇتلۇقىنى كۆزەتكەن ھالدا، قانۇننىڭ كەمچىلىك ۋە ئىللەتلىرىدىن خالىي بولۇشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن جارى قىلىنغان قانۇنلارنى چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە بىلىم بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈش زۆرۈر. ئەفلاتۇن قانۇنلارنىڭ ئەركىن ئىتائەت قىلىش يولى بىلەن قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنى ھەمدە قانۇنلارغا قۇللارچە ئىتائەت قىلىنىشى ۋە مەجبۇر قىلىش يولى

بىلەن قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان زىيان سىرلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەفلاتۇن خۇداجۇيلۇقتا پەمغەمبەرانە كارامەتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئەگەر شەھەر ئۆز قانۇنچىلىقىدا ھەقىقىي مۇھەببەت، يۈكسەك ئەخلاق، بەركامال ئەقىلگە ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى ھالاكەت ۋە پاراكەندىچىلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ (گۈزەل نۇقتىلار) بولسا، ئاقىۋەتتە ئۇ پاراۋانلىق ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ. ئەفلاتۇن بۇنى پۈتۈن شەھەرگىمۇ، بىر ئۆي، بىرەر ئادەمگىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ دەيدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم

ئەفلاتۇن ئۆز مەۋقىئىي ۋە ئادەملەر جامائەسى بارلىقى ئۇچۈنلا شەھەر دەپ ئاتالغۇچى شەھەر ـ ھەقىقىي شەھەر ئەمەسلىكىنى، ھەقىقىي شەھەر ـ ئاھالىسى ئادالەتلىك قانۇنلارغا ۋە باشقۇرۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشلىرىغا، خۇدا يار قىلغان رەھبەرگە ئىگە بولۇشقا ۋە ئادەملەرنىڭ ئالقىشىغا لايىق ئادەتلىرى ۋە ئەخلاقىنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىلغان؛ جايلاشقان يېرى، تەبىئىي شارائىتى قولاي، يەنى ئۇنىڭغا ئاھالە ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىش مۇمكىن بولغان شەھەردۇر، دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

ئەفلاتۇن: ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ ئادىتى ۋە تەبىئىتى ئادالەتلىك قانۇنغا ماس. گۈزەل ۋە تەلەپكە جاۋاب بېرەرلىك بولمىسا، ئۇ دائىما پەسكەش، يىرگىنچ بولۇپ، ھەر قېتىم قانۇننى بۇزغان چېغىدا جىنايەتچى سۈپىتىدە قارىلىنىدۇ، دېگەن غايىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. مىسال تەرىقىسىدە ئۇ، دېڭىزدا ئۈزۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەرمايە كەلتۈرىدىغان ئىشلارغا ھەمدە تۈرلۈك سەنئەتلەر (ھۈنەرلەر) بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزلىرىنى مەجبۇر ئېتىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇ. ئۆز روھلىرىنى تەربىيىلەپ، كېيىن مەشىقنى توختىتىپ قويغان جەسۇر ئادەملەر ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. ئەفلاتون ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر شائىرلىرى ھومېرنىڭ، ئۆزىنى ـ ئۆزى مەنىسىز قويغان ئارىسلاننىڭ ئاخىرى جەسۇرلۇقىنى يوقىتىپ، كېيىنكىلەردىمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى شېئىرنى كەلتۈرىدۇ. ئەفلاتون مەملىكەتتىكى تۈزۈمنىڭ گۈزەل ۋە ياخشى بولۇشىنى قانۇن چىقارغۇچىنىڭ بىلىمدانلىقى ھەمدە ئۆزگە تۈزۈملەردىكى پاراۋانلىق ۋە باشقا ئىجابىي جەھەتتىن خەۋەردارلىقى بىلەن باغلىق، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە قانۇنچىلار مەملىكەت ئاھالىسىنى باشقۇرۇش ھالقىلىرىدىكى قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى ۋە بويسۇنۇشنى تەمىنلەپ ئالالىسلا ئەلا دەرىجىدىكى دۆلەت تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن. ئەفلاتون ھاكىمىيەت مەسىلىسىگىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ. ئېھتىمال، مەملىكەت ئاھالىسى خۇش خۇلقا ئىگە بولمىغان تەقدىردە ھاكىمىيەتكە ئېھتىياج تۇغۇلار ئەگەر ھۆكۈمدار زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ۋە شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئادىتىگە نىسبەتەن ھاكىمىيەتكە ئىگە بولسا، بۇنداق ھاكىمىيەت قارىلىنىدۇ. ئەمما، شەھەرنى ئىتائەتتە ساقلاش ئۈچۈن باشقۇرغۇچىغا ئېھتىياج بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ شەھەرنى ئىتائەت قىلدۇرىدۇ، قانۇنلارنى جارى قىلىدۇ ۋە بۇ قانۇنلار قانچىلىك ئىلاھىي، ئادالەتلىك بولسا، شۇنچىلىك ئالقىشقا سازاۋەر ۋە قىزىقارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ھاكىمىيەت مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بولسا، بۇ جەھەتتىن ھاكىمىيەت ئىختىيارىي قوبۇل قىلىنغاندا كۆپرەك ماقۇل ۋە ھەر تەرەپلىمە قولاي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھاكىم ئۆز ھۆكۈمىنى ئاھالىگە تەۋسىيە قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىسقا مۇددەتتە ئۆزلىرىنى تۈزىتىۋېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئەگەردە ھاكىم شەھەر ئەھلىگە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەۋسىيە قىلالمىسا، ئىشلار مۇشكۈللىشىدۇ. ھاكىمنىڭ پايدا كەلتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بول-

ـماي قالىدۇ ۋە خەيرلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇددىتى سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەفلاتۇن قۇللار ۋە جاھىل ئادەملەر ئۈستىـدىن ھۆكۈمرانلىق ۋە ئۇلارنى ھاكىمىيەتكە بويسۇندۇرۇش ھەقـقەتەن توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەركىن ۋە مېھىر ـ شەپقەتلىكلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۆتۈپ كەتكەن بىمەـنىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن شەھەر ئاھالىسى قانچىلىك مېھىر ـ شەپقەتلىك بولسا، ئۇلارنى باشقۇرۇش شۇنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلاـھىي بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھاكىمى لايىق بولسا، ئۇ چاغدا تاكى ئۇ ئىلاھىي ئەۋلادقا مەنسۇپ شەھەر ھاكىـمى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگۈچە ئاھالىنىڭ بەزى ئازغىنە قىسمىدىن تاشقىرى، باشقا ئۆز ھۆكۈمى ئاستىدىكىلەر بىلەن تىل تېپىشالمايدۇ. كېيىن ئۇ ئېيتىدۇكى، باشقۇرۇش تۈرلىرىنىڭ سانى قانۇنچىلىقنىڭ سانىغا مۇناسىپتۇر. چۈنكى ھاكىمىيەت قاـنۇنلارغا بويسۇنىدۇ، ئۇلاردىن ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاساسلىـنىدۇ. چۈنكى ھاكىمىيەت قانۇنلارغا بويسۇنىدۇ، ئۇلاردىن ھاـسىل بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاساسلىنىدۇ. باشقۇرۇشمۇ قانۇنلارنىڭ سانىغا ۋە قەدىر ـ قىممىتىگە باغلىق. ياخشى باشقۇرۇش ياخشى قانۇنلارغا باغلىق، يامان باشقۇرۇش ـ يامان قانۇنلارغا، يېتىلـگەن باشقۇرۇش ـ يېتىلگەن قانۇنلارغا باغلىق.

ئەفلاتۇن ئېيتىدۇكى، ئۆزىنىڭ كامالىتى ياكى دۆلىتى بىـلەن ياكى شۆھرىتى بىلەن ھەمدە ئالقىشقا سازاۋەر بولمايدىغان ۋە دىل شادلىقى ھېسابلانمايدىغان بىرەر پەزىلىتى بىلەن مەغرۇرـلىنىپ يۈرگۈچى ھاكىملار تەكەببۇر ھاكىملاردۇر. ئەسلىدە ھاـكىم پۇقرالارنىڭ پاك ـ نومۇسلۇق ئىكەنلىكىگە ئېتىبار بېرىشى، ئۆز شەخسىيىتى ۋە كۆڭۈل خوشلۇقى بىلەنغىنە شۇغۇللانغۇچى بەزى بىھايالارغا خۇدا نامىدىن شەپقەتسىز مۇناسىۋەتتە بولۇشى، گۈزەل ۋە خوش كۆڭۈل تەسىرات قالدۇرمايدىغانلارغا مۇرۇۋۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرسەتمەسلىكى لازىم. ئەفلاتۇن ھاكىمىنىڭ نىمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: بۇ ئالدى بىلەن — ماددىي ھۇزۇر. كېيىن روھىي، كېيىن ئۇلاردىن تاشقىرى بولغان بارچە نەرسىلەر ئۈز نۆۋىتى بىلەن، ئەفلاتۇن كۆپ سۆزلەشكە قىزىقىپ، مىساللار كەلتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى پايدىلىق ھېسابلايدۇ ۋە نىھايەت ئوغۇللار ۋە ئاتىلار ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۇلار قانداق بولۇشلىرى كېرەك، قانۇنلارنى قانداق بېجىرىدۇ، ھايات يولى قانداق باشلىنىدۇ؟ ئۆمۈر تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار نېمىلەرگە ئېرىشىشلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. كېيىن ئۇشبۇ مېھىر - شەپقەت يولىنىڭ قىيىن ۋە يەڭگىل تەرەپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ مەشھۇر شېئىرلاردىن مىساللار كەلتۈرىدۇ.

ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، ئەگەر شائىر بەھسلەشكۈچى ياكى مۇتەكەللىم (ناتىق) بىر - بىرىگە زىت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ ھالدا قانۇنچىلار پەقەت پايدا كەلتۈرىدىغان تەرەپلەرنى ھىمايە قىلىشى كېرەك. ئۇ ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆمۈش مۇراسىمى، كېيەن بىلەن ئوراش ھەققىدە شائىرلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن مىساللار كەلتۈرۈپ، بۇ ھەقتە قانۇنچىلارنىڭ پىكرى قانداق بولۇشى زۆرۈرلۈكى ۋە ھازا تۇتۇلۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۈزلىرى (ۋەسىيەت قىلىپ) نىمە دېگەنلىكىنى ئېتىۋاتقا ئېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا يازىدۇ. ئەفلاتۇن ئادەملەرگە قانۇننى نەزەرگە ئالدۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارىلەر كۆرۈش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە مىسال تەرىقىسىدە باللار بىلەن مۇلايىم مۇئامىلىدە بولغۇچى شىپاكار ھەققىدە سۆزلەيدۇ. كېيىن ھەممە تېۋىپلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى توغرا يولدىن يېتەكلەپ بېرىشتا ۋە ئەمەلدىكى قانۇنلارنى ھۆرمەت قىلىش ھەمدە باشقىلار ئۈچۈن ساقلاپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتا ساھىبى قانۇنلارغا ھا-

كىملارنى تەقلىد قىلىدۇ. ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ سانىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاساسىنى نىكاھ ۋە تۇغۇلۇش ھەققىدىكى قانۇن بولۇشى زۆرۈر. ئۇ ئالىي دەرىجىدە تەرتىپلىك ۋە ياخشى ئىشلەنگەن بولۇشى كېرەك. ئەفلاتۇن بەزى چىگىش مەسىلىلەر ھەققىدە ۋە شۇ زاماندىكى قانۇنلاردا جەرىمانە ۋە جازا قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەفلاتۇن قانۇنلارنى يارىتىشتىن ئاۋۋال مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىشىم، مەجبۇرىيەتلەر ۋە تەبىئىي ھالەت ئوخشاش تەييارلىق چارىلىرى كۆرۈلمىگەن بولسا، قانۇنلار ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىگە ھېچ ئورنىمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يامان كېلىشىم ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزغۇچى بىر ئامىلدۇر. شۇنداق بولغاندا ئادەملەر ئۇزاق داۋام قىلغۇچى ئەخلاقنىڭ يىقىلىشى ۋە خەلققە مەنسۇپ زېرىكىش قاتارلىق ھالەتلەر يۈز بەرگىنىدە مۇنازىرە، نۇتۇق ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق قانۇنغا بويسۇنۇشقا چاقىرىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ ھالەت ھازىرلانغان بولسا، ئۇلار ئادەملەرنىڭ قانۇنلارنى ئىختىيارىي قوبۇل قىلىشقا شەرت ـ شارائىت يارىتىدۇ. ئادەملەر قانۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار مۇرەسسەگە كەلگەنلىرىدە قانۇنلارنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئۈچ ھالەتتىن تاشقىرى باشقا بىر ھالەت كۆزدە تۇتۇلماقتا. بۇ يەردە قانۇنچىلار ۋە ھاكىملارنىڭ تاكامۇللاشتۇرۇلىشىغا زۆرۈر بولغان خام يولىيورۇقلار ھەققىدە گەپ بارىدۇ. ياخشى خۇلق ـ ئەتىۋارلىق بولۇشقا ۋەدە قىلغان ياشلار ۋە نادانلار تاكى قانۇننى ئاسانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشلىرى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشلىرى ئۈچۈن پائاللىق كۆرسىتىشكە قادىر بولغانغا قەدەر شۇ خام يولىيورۇقلارغا ئەگىشىدۇ. چۈنكى جاھىل ئادەملەر ياخشى ئىشقا ئاسانلىقچە بويسۇنمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ئادەملەر بولسا، ئاسان قولاق سالىدۇ. ئەفلاتۇن يەنە شەھەر ئاھالىسىنىڭ روھلىرى، بەدەنلىرى، ئادەتلىرى ۋە تۇتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئورۇنلىرى قانداق پەرمانلارغا موھتاج ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ چۈشەندۈرۈش بېرىدۇ.

## بەشىنچى بۆلۈم

ئەفلاتون روھ ئەڭ ئېزگۇ ئالەم بولغىنى ئۈچۈن ئىنسان ئاۋۋال ئۆزىنىڭ روھىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. روھنى ئەزىزلەش — ئۇنىڭ زوقىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەس، چۈنكى ئەگەر شۇنداق بولسا (يەنى، پەقەت زوق - ھەۋەسنى قاندۇرۇش بولسا) باللار ۋە جاھىل ئادەملەردە پەيدا بولىدىغان ئۆز روھىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئىستىكى، روھنى ئەزىزلەشكە ئىنتىلىشتەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار نېمىنى ياخشى ۋە لەززەتلىك دەپ بىلسە، روھلىرىمۇ شۇ نەرسىلەرنى خالايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇش كىشىگە چوڭ زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەسلىدە روھنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ پاكلىنىشىدىن ۋە ئىلاھىي قانۇنلاردا ماختاشقا لايىق ھېسابلانغان ئىستەكلەرنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇئەييەن ئىستەكلەر قانۇندا قارىلانسا، روھ ئۇلاردىن مۇھاپىزەت قىلىنسا، ئەزىزلانسا، شۇ ئىستەكلەر تېز ئارىدا زىيانلىق بولۇپ قالىدۇ. روھ بولمىسا بەدەنمۇ بولماس ئىدى، دېگەن چۈشەنچىگە تارتىشىپ، روھ بەدەندىن ئەۋزەلرەك دەپ ئويلىغان ئادەم خاتا قىلىدۇ. ئەفلاتون بۇ مۇئەممانى قىزىق بىر يوسۇندا چۈشەندۈرىدۇ، كېيىن ئۇ ئىنسانلار بېجىرىدىغان كۆپ ئىشلاردا، مەسىلەن: بايلىق توپلاش قاتارلىق ئىشلاردا روھنى قانداق ئەزىزلەش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن ئەفلاتون روھنى ئەزىزلەشنىڭ قانداق خىللىرى بارلىقى ۋە قانۇن چىقارغۇچى رەھبەر روھنى قانداق ئەزىزلەشكە ئېتىبار بېرىشى زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەفلاتۇن روھ ئەزىزلەنگەندىن كېيىن بەدەننىڭ ئەزىزلىنىـ
شىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئالىيجاناب بەدەن گۈزەللىكى، كۈچى،
زەئىپلىكى، ساغلاملىق ياكى سېمىزلىكى ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەـ
مەس، بەلكى قانۇنلارغا ماس ھايات تەرتىپى بويىچە ماقۇل كۆرۈلـ
گەن ئادەتلەرگە رىئايە قىلغىنى ئۈچۈن ئالىيجانابتۇر. ئىنسان
تەبىئىتىنى تەربىيىلەشكە بولغان زۆرۈرىيەت بەدەننى ئەزىزلەشنى
تەقەززا قىلىدۇ. بۇ پىكىرنى ئەفلاتۇن پايدىلىق مىساللار ئارقىـ
لىق كەڭ چۈشەندۈرىدۇ. بالىلار تېخى ئۆسۈپ يېتىلمىگەن بولـ
سا، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ئەزىزلەشكە قارىتىلغان قانۇنلار ئوتتۇرا
ياش ۋە قېرى ئادەملەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئەزىزلەشكە قارىتىلغان
قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەفلاتۇن روھنى
ئەزىزلەشكە قارىتىلغان قانۇنلار چەت ئەللىكلەر، شەھەر ئاھالىسى
ۋە قېرىنداش ئورۇنلار ئۈچۈن بىر خىل، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە
دائىر قانۇنلار چەت ئەللەرگە باشقا، شەھەر ئەھلىگە باشقا بولۇشى
كېرەك، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەربىيە ئىشىدا چەت ئەللىك ۋە
قېرىنداش ئۇرۇق قىلغان جىنايەتلەر ئۈچۈن بىر خىل جازا بولۇـ
شى كېرەك. چۈنكى بۇ جىنايەتلەر قانۇنلارنى بىر خىلدا
ئاياغ ـ ئاستى قىلىدۇ.

ئەفلاتۇن ئەخلاقىي ـ پەزىلەتلەرنى قانداق ئۆزلەشتۈرۈش
مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ياخشى ئادەتلەر ۋاقتىنچە
ئۆزلەشكەن بولىدۇ. جەمئىيەتلەر ۋە بارچە ئادەملەردە ئادەتلەر
ئۇزاق مۇددەت ئۆتۈپ ئاندىن ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ. ئادالەتلىك،
پاك، جەسۇر بولۇشقا ئادەتلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يامان
قىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت ئۆتۈشى كېرەك.
بۇ ۋاقىت داۋامىدا ئىنسان ئۆزىنىڭ يامان قىلىقلىرىدىن ۋاز
كېچەلەيدۇ. ئەگەر ئادەمدە تۇغما، كۈچلۈك غۇرۇر تۇيغۇسى
بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەم ئۆز روھىنى مەشىق ئارقىلىق تەربىـ
يىلىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى سۆيگەن ئىنساننىڭ ئۆز جىنايەتلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىنى سەزمەسلىكى ئادەمنىڭ تۇغما خىسلىتىدۇر. شۇنداق ئىكەن، شەھۋانە خاھىشلارغا يول قويماسلىق ئۇچۇن ئەلۋەتتە كۈچلۈك غۇرۇر بولۇشى كېرەك. ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى روھىغا راۋا كۆرمەسلىك ئۇچۇن بۇنداق ھاللاردا غەزەپتىنمۇ ئىجابىي پايدىلىنىشنى بىلىش ۋە روھنى دائىما ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىككە ئۆگىتىش كېرەك.

ئەفلاتۇن ئېيتىدۇكى، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئۆز روھلىرىنى دائىما خۇشاللىق ئارتۇقچە كۈلۈش، قاتتىق خاپا بولۇش، ئارتۇقچە قايغۇرۇشتەك ھالەتلەردە مۆتىدىللىك دائىرىسىدىن چىقماسلىققا مەجبۇر قىلالىشى كېرەك. ئەفلاتۇننىڭ ئېيتىشىچە ئادەملەر مەنىۋى پەزىلەتلەرگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ، ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىشلىرى كېرەك، تاكى ئەخلاق قانۇنىي، ماختاشلارغا سازاۋەر ۋە ئىلاھىي بولۇپ قالسۇن.

ئەگەر ئىنسان ئىلاھىي ئېزگۈلۈكلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتى خۇشاللىنارلىق، ھايات تەرتىپى ناھايىتى گۈزەل بولىدۇ. گۈزەل ھايات تەرتىپى بولسا، خەلق نەزەرىدىمۇ، خۇدا نەزەرىدىمۇ يۈكسەك بولىدۇ. بۇنى بايقاش ۋە ياخشى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك. ئەفلاتۇن بۇ پىكىرنى مۇپەسسەل ئىپادىلەيدۇ. ئېتىبارغا ئېلىنغان ھايات يوسۇنى قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھەربىر ئايرىم ھالەتتە بۇ ھايات تەرتىپى ئەخلاق ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇلاردىن بەزىلىرىنى مىسال تەرىقىسىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ مىساللاردا ئۇ ئاقىللىق ھەققىدە ئەسلىتىپ، مۇشەققەتتىن تەھەتنى ئەۋزەل كۆرۈش مەنىسىز ھايات يوسۇنى ئىكەنلىكىنى، راھەتتىن مۇشەققەتنى ئەۋزەل كۆرۈش بولىدىغان ھايات يوسۇنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە ئۇ ساقلىق، جەسۇرلۇق، بىلىم ۋە باشقىلار ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

ئەفلاتۇن قانۇنلارنى جارىي قىلىش ئۈچۈن دۆلەت باشقۇرۇ- شىدا تەييارگەرلىك كۆرۈلگەن تەقدىردىلا شەھەر تەرتىپاتى مۇ- كەممەل بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ تەييارگەرلىك ئىشلىرى قانۇننىڭ بۇيۇك ۋە نوپۇزلۇق بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ، كەشتىنىڭ گۈلى ۋە چاكىنا مىسال كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئىككى خىل دۆلەت باشقۇرۇشى مەۋجۇت ئىكەنلى- كى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بىر خىلدا ئادەملەر ئۈستىدىن ھاكىملار تۇرىدۇ، باشقا خىلدا قانۇن ھاكىملارغىمۇ ئورتاقتۇر...

ئەفلاتۇن باش بىر پايدىلىق غايە ـ ھاكىمىيەت ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئىلاھىي قانۇننى ئىدراك ئېتىشكە تەييارلىق كۆرۈش ۋە تۆۋەندىكى يەنە ئىككى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھاكىمىيەتكە موھتاجلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ غايىلەردىن بىرى ـ سەئى ھەرىكىتى. ھۇنەرلىرى ۋە مەقسەتلىرى (ئادالەت- لىك) ھاكىملارغا قارشى بولغان ياۋۇز نىيەتلىك ئادەملەردىن شەھەرنى تازىلاشتۇر. باشقا بىر غايە ـ پەندى ـ نەسىھەت يولى بىلەن پاراۋانلىققا ئىنتىلىش ۋە ئادەملەرنىڭ ئىلاھىي قانۇننى ئاسانلىقچە ۋە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشلىرىنى تەمىنلەش- تۇر. ئەفلاتۇن مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ پىكىرنى قىسقىچە ئىپادى- لەيدۇ...

ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، شەھەر تەرتىپاتىدا ئەڭ ئاساسىي نەر- سە مۇلۇك، نازۇ نېمەتلەرنى توغرا تەقسىملەشتۇر. شۇنىڭغا ئې- تىبار بېرىش كېرەككى، كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ئىشى سۇپەت- سىزلىشىپ، چاكىنىلىشىپ كەتمىسۇن. زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى ئادەملەرنى نامرات ئەھۋالغا سېلىپ قويمى- سۇن. دەسلەپتە يەر ۋە جايلارنىڭ مىقدارى، كېيىن ئۆلارنىڭ ئىگىلىرى ۋە تۇتقان ئورۇنلىرى، ئاخىرىدا ناھايىتى زۆرۈر نەر- سىلەر بولغان ئوزۇق ـ ئوقەت، تېرىلغۇ يەر، ساراي ۋە شەخسىي ئۆيلىرىنىڭ مىقدارى ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك. ئەفلاتۇن تەقسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مات ئىشنى ناھايىتى قىيىن، لېكىن زۆرۈر ئىش دەپ ئەسلىتىدۇ. رەھبەر ئۆز قانۇنلىرىنى ئاساسلاپ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ئەفلاتۇن ئۆز زامانىسىدا مەلۇم بولغان مىساللارنى كەلتۈرۈپ قانۇنچىلار شەھەر ئاھالىسىگە يەر بۆلۈپ بېرىۋاتقاندا، قانۇن لايىھىلىرىنىڭ جارى قىلىنماقچى بولغان بۆلۈملىرىنى خەلقتىن يوشۇرماسلىق لازىملىقىنى ئېيتىدۇ.

باللار ۋە ئۆسمۈرلەر ھەمدە جاھىل ئادەملەر مەسىلىسىدە ئەفلاتۇن يەنە بىر قېتىم توختىلىپ، ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن ئۇ قانۇنلارنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئۇلارغا جىددىي ئېھتىرام بىلەن قاراش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەفلاتۇن مۈلۈكنى پايدىسىز جەمغۇرۇشتىن پەرقلىق رەۋىشتە مۈلۈك ئىگىسى بولۇش يامان ئادەت ئەمەسلىكىنى، چۈنكى مۈلۈك ھالاللىق بىلەن توپلىنىدىغان بولسا، نامراتلىقتا ياشاشقا قارىغاندا دۆلەتمەنلىكنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر مال ـ مۈلۈك نەپسانىيەت ئۈچۈن توپلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئادەم كۆڭلەردىن بىر كۈنى ئۇيالتقا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەنپەئەتتىن ئۆزىنى تارتىش، قانداق قىلىپ بولسىمۇ، ناپاك يول بىلەن ئېرىشىلگەن مەنپەئەتتىن ياخشىراقتۇر. بۇ بابتا ئەفلاتۇن مال ـ مۈلۈك ئارتتۇرۇشنىڭ يوللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ ۋە يۇنانلىقلارغا مەلۇم بولغان ئۇسۇللارنىڭ قايسى بىرى ھالال، قايسى بىرى ھاراملىقى ھەققىدە مىساللار كەلتۈرىدۇ. بۇ پىكىرلەر ساياھەت ۋە تىجارەتكىمۇ ئورتاقتۇر. بۇ ھالال ئىشلارنىڭ يىغىندىسى تۆۋەندىكىچە: ئەۋلادقا زىيان كەلتۈرمەيدىغان مال ـ مۈلۈك ئاشۇرۇش ۋە روھ ھەمدە بەدەننىڭ ئەزىزلىقى تۈپەيلى ئالقىشقا سازاۋەر ئىش ھېسابلانغان قانۇنلار مۇقەددىمىسى بولغان تەربىيىدۇر. باشقىلارغا زەرەر كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر بولسا ياماندۇر. زەرەر ـ كۆنەندىلىكتىن ۋاز كېچىش زەرەر كۆنەندىلىككە ئىنتىلىشتىن ئەۋزەل.

دۇر. چۈنكى تەربىيە ۋە قانۇنلارنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنى يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇشتۇر. قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ پىقىرلارغا ۋە بايلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىشى شەرت، ئۇلارنىڭ روھلىرىنى تۈزىتىدىغان ۋە ياخشىلايدىغان قانۇنلارنى يارىتىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئۇ كۆپ توختىلىدۇ.

رەھبەر يەنە ئېغىرلىق ئۆلچىمى، دان ـ شېكەر قاتارلىق نەرسىلەر ئۆلچەملىرى ھەققىدىمۇ ھېچكىمگە زىيان كەلتۈرمەيدىغان سودا ـ سېتىق ھەققىدە قانۇنلار چىقىرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇن چىقارغۇچى ھەممە دۆلەتمەن ۋە پېقىر كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر. تاكى قانۇنلارنى بۇزغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرىنى ئاخىرغىچە تۈزەتمەي، رەزىللىكلەرنى دائىم سادىر قىلىپ تۇرغۇچى ئادەملەر تائىسى نەزەردىن چۈشۈپ قالمىسۇن.

## ئالتىنچى بۆلۈم

بۇ بابتا ئەفلاتۇن پازىللار شەھىرىدە ھاكىملار ۋە ھاكىمىيەت دۇرۇست، تەبىئىي تەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن بولۇشىنى، بۇنداق تەرتىپ بولمىغان شەھەر ياخشى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھاكىملار ئالدىدا تەبىئىي تەرتىپنى ئورنىتالمىغان قانۇن چىقارغۇچى كۆپ ئۆتمەي مەسخىرىگە قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى چۈشىنىكسىز بولۇپ، چىقارغان قانۇنى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ يوقىلىشقا يۈز تۇتۇشى مۇمكىن. ئەفلاتۇن ئەگەر شەھەر ئاھالىسى مەرىپەتسىز، تەجرىبىسىز ئادەملەر ۋە بالىلاردىن ئىبارەت بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار قانۇنچىلار ئورناتقان تەرتىپ ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشى قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ قانۇننىڭ تەرتىپ قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ، شەھەر ئىككى خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھۋال ئاستىدا: يا ئۇ قەدىمىي بولغىنى ئۈچۈن ياكى يېڭى بولغىنى ئۈچۈن ئاھالى بىلەن كۆجۈم بولماسلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ قەدىمىي بولسا، ئۇ چاغدا قانۇن چىقارغۇچى رەھبەرنىڭ ئىشى ئاسانلىشىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەردە ئاھالىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ھەمدە كېيىنكى قانۇنلارغا مۇقەددىمە بولىدىغان ئىلگىرىكى قانۇنلار كۈچىنى يوقاتمىغان بولىدۇ. ئەگەردە ئۇ يېڭى بولسا، ئۇ چاغدا قانۇنچىلارنىڭ ئىشى خېلى قىيىنلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئادەملەر ئارىسىدىن قانۇنلارنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي ھالدا تەييار بولغان ئادەملەرنى تاللىۋېلىشى كېرەك بولىدۇ. شۇ چاغدا قانۇنچىلار ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىيەلەيدۇ ۋە كۆڭۈللىرىدە قانۇنغا ھۆرمەت ئويغىتالايدۇ ۋە ياردەمگە جەلپ قىلالايدۇ.

ئەگەردە بۇ شەھەرنىڭ قانۇنلىرى بىلەن باشقا شەھەر پۇقرالىرى تونۇشۇپ، ئۇ شەھەر ئاھالىسىمۇ ۋەتەنداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگەشسە، ئۇ چاغدا بۇ شەھەرگە مەنسۇپ قانۇنلار باشقا شەھەرلەرگىمۇ تەئەللۇق بولىدۇ. قانۇنلارنى جارى قىلىش ئۈچۈن ھايات تەجرىبىسىگە ئىگە ۋە خۇش خۇلۇقلۇق ئادەملەرنى جەلپ ئېتىش كېرەك. ئەمما بۇ ئىشقا گول ۋە جاھىل ئادەملەرنى ئەسلا قوشماسلىق كېرەك. ئەگەردە قانۇنچىلار تاسادىپەن ئۇلارغا روبىرو بولۇپ قالسا، ئۇلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن نېمىنىدۇر ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ تەرتىپكە سېلىشى ۋە قانۇنلارنى تەن ئالغۇزۇپ، شۇ قانۇنلارغا بويسۇنۇپ ياشىشىغا ئىشەندۈرۈش كېرەك. بىز ئاۋۋال ئەسلىتىپ ئۆتكەن بۇ پىكىرنى ئەفلاتۇنمۇ كىرىت ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ھەققىدىكى مىساللاردا تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

ئەفلاتۇن يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان شەھەر قانداق ئەھۋالدا بولۇشى، ئۇنىڭدا ئادەملەر قانداق جايلىشىشى، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەھسۇلاتلار قانداق تەقسىملىنىشى ئاھالە-

نىڭ نېمىگە موھتاج بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ياشقا قاراپ قانداق ۋەزىپە ئۆتەش ھەققىدە سۆزلەيدۇ:

ئەفلاتۇن ئادەملەر ئارىسىدا تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئۇرۇش بولۇپ قېلىشىنى ھېسابقا ئېلىپ، ھەربىي قوماندانلارنى ۋە باشقا رەھبەرلەرنى تەيىنلەش كېرەك، دەپ تەكىتلەيدۇ. كېيىن ئۇ تەرغىبات دائىرىسىگە كىرىدىغان باشقا بىر پىكىرنى ئەسلىتىدۇ. ئېھتىمال، پۈتۈنلەي توغرا تەرتىپنى دەرھال ئورنىتىپ بولماس، دەيدۇ ئۇ. ئەگەر بەزى پائال بولمىغان ۋە ئىشنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغان ھاكىملار (ئىشتىن) چەتلىتىلگەندە ئۇنىڭدىن پائالراق ۋە ئۇستىراق باشقا بىرى تېپىلسا، ئۇ ھالدا ئىككىنچىسى پەقەت ئاق كۆڭۈللۈك، ھەقىقەتچىلىك بىلەن ئالىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەرتىپ ئورنىتىدۇ.

ئەفلاتۇن كېيىنكى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ۋەزىرلەر، سودىگەرلەر ۋە مەنسەپدارلارنىڭ بېجىرىۋاتقان ئىشلىرىغا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىگە - ئەھلى ياكى نائەھلى ئىكەنلىكىگە چوڭ ئېتىبار بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قانۇنچىلار ۋە شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەفلاتۇن رەھبەرلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۆرلۈك پەزىلەتلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت - ئاق كۆڭۈللۈك، ئىككىنچى مېھرى - شەپقەتلىك؛ ئۈچىنچىسى كېلەچەكى پارلاق بولۇش، تۆتىنچىسى ئابرۇي - ئېتىبار قازانغانلىقىدا. يولباشچىلارغا كەلسەك ئۇلارنىڭ بارچە پەزىلەتلىرى پايدىلىق بولۇش، بايلىق - نېمەتلەرگە چېتىشلىق؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپ، بايلىقلارنىڭ مىقدارى ئاساسىدا بولۇشى كېرەك، بۇ تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلىش لازىم. ئەفلاتۇن ئۆز پەزىلەتلىرىنى قاباھەتكە ئالماشتۇرغان تەكەببۇر ۋە ھىيلىگەر ئادەملەرگە قارشى ھاكىملارغا كۈرەش ئېلىپ بارسىلا مۇۋاپىق تەرتىپ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە قابىلىيەتلىرىنى تەكشۈرگۈچىلەر ھېسابقا ئېلىپ تەرتىپكە كەلتۈرمىسە، قانۇن بۇزۇلۇشى مۇمكىن.

ئەفلاتۇن شەھەردە تەرتىپ ئورنىتىش بويىچە قىزىق بىر غايىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ دوستلۇقنى پەيدا قىلغۇچى تەڭلىككە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەرتىپ ئورنىتىشتا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. قۇللار ۋە ئۆز يۇرتىدىن قوغلاندى قىلىنغان ئادەملەر بىلەن ئەركىن بولۇپ تۇغۇلغان ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەر تەڭ دەرىجىدە تالانتلىق بولىدۇ، دەپ چۈشىنىش خاتا. تەڭلىك — ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئاتا قىلىنغان. ئۆزى مۇناسىپ بولغان مەۋقەدۇر. بۇ تەڭلىكتىن مۇھەببەت ۋە دوستلۇق تۇغۇلىدۇ...

ئۇ، خىراجەت قىلىشتا سېخىيلىق ۋە پىششىقلىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەگەر ياشاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان مەبلەغ ئادەملەرنىڭ خىراجىتىگە توغرا كەلمىسە، تۈرلۈك نامۇۋاپىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ باشقۇرۇش ئەڭ قىيىن بولغان ئىشتۇر. كىمكى ئۆز ئىختىيارىدا (ئىگىدارچىلىقىدا) بولمىغان مۈلۈكنى پايدا ئېلىش ئۈچۈن مۇئامىلىگە قوشماي ئۆزى ئۈچۈن جەمغۇرسا، ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ. ھاكىملار بۇنداق ئادەملەرنى نازارەت قىلىشلىرى (مۇمكىنلىكىنى ئۆز جايىدا ئىشلەتمەي تېجەپ قېلىشلىرىنى) مەنئى قىلىشى ۋە بايلىقنى بۇزۇپ - چېچىشقا يول قويماسلىقى كېرەك. ئەفلاتۇن بۇ پىكىرنى تەپسىلىي ئىزاھلايدۇ ۋە ئۆز مەبلەغلىرىدىن ئارتۇقچە سەرپ قىلىدىغانلارنىڭ ئىللەتلىرى ھەققىدىكى مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى خۇددى شۇ ئادەملەرنىڭ سەرپىياتى ۋە مەبلەغلىرى شەھەردە ناھايىتى چوڭ كۆلپەت ۋە زىيان كەلتۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ساقچىلار ھەققىدە ئەسلىتىدۇ. ئۇلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى شەھەر مۇھاپىزەتچىلى-

-رى. ئۇلارغا كەچلىك ساقچىلار ۋە مۇنتىزىم قوشۇن ئەسكەرلىرى كىرىدۇ. يەنە بىرى بولسا، قانۇن ۋە سەلتەنەت مۇھاپىزەتچىلى-رىدۇر. بۇلار ھۆكۈمرانلار، ۋالىيلار، رەھبەرلەر ۋە مەنسەپدار-لاردۇر. ئەفلاتۇن بۇنداق دۆلەت تۈزۈلمىسىنى دېڭىزدا ئۈزۈپ بېرىۋاتقان كېمىگە ئوخشىتىدۇ. ئۇ يەنە چاپارمەنلىك ئالاقىلىرى-نىڭ، دۆلەت ئىشلىرىدا ھوشيارلىقنىڭ، بىخۇدلۇقنى تۈگىتىش-نىڭ ۋە جىسەكچى ساقلاشنىڭ پايدىسى ھەققىدە توختىلىدۇ.

ئەفلاتۇننىڭ پىكرىچە، مەنسەپدارلارنى توغرا تەيىنلەش چوڭ پايدا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئەل ئىچىدە يۈرۈپ، گەپ توشۇيدىغان جاسۇسلار ۋە ئايغاقچىلار توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىدۇ. كېيىن ئۇ ئەركەكلەرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختىلى-دۇ. بۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش پايدىدىن خالىي ئەمەس. چۈنكى بۇ مەسىلە قانۇن چىقارغۇچى ۋە ھاكىملارنىڭ ئىشلىرىغا يېقىن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەركەكلەرنى تاللاش مەسىلىسىگە ئورتاقتۇر.

ئەفلاتۇن يېتەرلىك مىقداردا بولۇشى كېرەك بولغان تەبىئىي ئىدارىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەيدۇ. يۈزلۈك يۈزلۈككە، ئونلۇق ئونلۇققا، بىرلىك بىرلىككە ئۆز ئورنى، ھالىتى ۋە ۋەزىيىتى جەھەتتىن توغرا كېلىشى زۆرۈر. ئۇ يەنە ئائىلە ئىشلى-رىدىكى ياردەمچى خىزمەتچىلەر ھەققىدە توختىلىپ، شەھەر ئاھا-لىسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسىلەردىن بىرى دەستىيارلارغا (ئۆي خىزمەتچىسى، ئائىلە ياردەمچىلىرىگە) ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەستىيارلىق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىل-غا ئەر ۋە ئايال قۇللار كىرىدۇ. ئىككىنچىسىگە تىنچلىق دەۋرىدە ئۇرۇش پەيتىدە شەھەر ئەھلى موھتاج بولىدىغان ھايۋاندۇر. شەھەرنى ئىدارە قىلىش ۋە قانۇن تۈزۈشتە قانۇن چىقارغۇچىلار ۋە ھاكىملار بۇنى ھېسابقا ئېلىشلىرى كېرەك.

ئەفلاتۇن سۇ مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىدۇ. چۈنكى شەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاھالىسى ئۇچۇن سۇ مەنبەلىرىنى تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

قانۇن چىقارغۇچىلار ۋە ھاكىملار سۇ مەسىلىسىگە، دەريالىرىنىڭ سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭقۇرلىقىغا چوڭ ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. بىر يەردە سۇ كۆپ بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەر سۇ بىلەن تەمىنلىنىپ، باشقىلار سۇغا موھتاج بولماسلىقلىرى ئۈچۈن بۇ مۇئەمماغا ئادالەت ياندىشىش لازىم. ئۇ ئېكىنزارلارنى سۇغىرىش ۋە كېرەك بولسا، موھتاجلار ئۈچۈن جامائەت قۇدۇقلىرىنى قېزىش بويىچە قوشۇمچە تەدبىرلەرنى ئەملگە ئاشۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ شەھەرلەردە ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلىدۇر. ئەفلاتون قانۇن چىقارغۇچىلار ۋە ھاكىملار سۇ ئىنشائاتلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراشلىرى زۆرۈرلۈكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەيدۇ. كېيىن ئەفلاتون باشقا بىر پىكىر ـ ئادەملەر دەستۇرى ئەمەل دەپ بىلىشلىرى كېرەك بولغان، شەھەر ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەر — زاكات، خىراج، جىزيە ئوخشاش سېلىقلارنى سېلىش تەرتىپلىرى ھەققىدىكى پىكىر توغرىسىدا توختىلىدۇ. سېلىق ھەرخىل بولىدۇ ۋە ئۇلار قانۇن چىقارغۇچىلار باش قاتۇرۇش كېرەك بولغان نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

قانۇن چىقارغۇچىنىڭ ھايات يوسۇنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھايات يوسۇنى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىغا زىت بولماسلىقى كېرەك.

ئەفلاتون جىنايەت ۋە جازا ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. جىنايەت ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى قانۇنغا بويسۇنماسلىق، يەنە بىرى قانۇن ماقۇل كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلىشتۇر. ئەگەردە جىنايەت يۇقىرا تەرىپىدىن قىلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا ھاكىم قانۇن تەرىپىدىن كۆزدە تۇتۇلغان جازانى قوللايدۇ. ئەڭ كاتتا جىنايەت — رەھبەر كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان جىنايەتتۇر. بۇنداق ھالەتتە باشقا ھاكىملار ئۇنى تەربىيىلەش ۋە تەسىر ئۆتكۈزۈش

چارىلىرى كۆرۈلۈشلىرى كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بې- رىلمىسە، بۇنداق جىنايەتلەر شەھەر ئىللەتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە شەھەرنىڭ ئىنقىرازىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەفلاتۇن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، ئەمما ئىلگىرىكىدەك ئومۇمىي پاراۋانلىقنى ئەمەس، بەلكى شەخسەن ئۆزىگە پاراۋانلىق تىلەيدىغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە زۆرۈر بول- غان مەبلەغلەر توغرىسىدا ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەفلاتۇن مۇزىكا سەنئىتىگە ئالاقىدار ھاكىملار ۋە مەنسەپدار- لار قانداق ئىشلارنى قىلىشى لازىملىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. چۈنكى بۇ سەنئەتكارلار پەقەت كېرەك بولۇپ قالغاندىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ۋاقىت زۆرۈردۇر. ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇ سەنئەتكارلار ئىككى خىل بولىدۇ: بەزىلىرى كۈرەش ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئۈندەيدۇ؟ باشقىلىرى تىنچ ھايات ۋە خۇشاللىققا دەۋەت قىلىدۇ. قانۇن چىقارغۇچى ۋە ھاكىملار بۇ سەنئەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، قانۇن ۋاستىسىدە ئادەملەرنى سەنئەتلەر (ھۈنەرلەر) بىلەن شۇ- غۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشلىرى كېرەك.

## يەتتىنچى بۆلۈم

ئەفلاتۇن بۇ بۆلۈمنى قانۇنچىلار ئۆز ئەسرىنىڭ ۋە كەلگۈ- سى ئەسىرنىڭ ئادەملىرى مۇراجىئەت قىلىدىغان تەلىمات جارى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش بىلەن باشلايدۇ. بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. تەلىماتلار باسقۇچمۇ باسقۇچ ۋە دۆلەت ئىشلىرىدىكى باشقا تەدبىرلەر بىلەن بىللە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىش بولۇشلىرى زۆرۈر. بۇ تەلىمات ئەۋۋەل شۇ دائىرىدە ئومۇملاشقان بولغان ئادەتلەرنى ساختىلاشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەم- لەرگە قوللىنىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ ساختىلاشتۇرۇشلار قانۇننى ياخشى بىلمەيدىغان ئادەملەر ۋە باللاردا بىر ئىللەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر تەلىمات ۋە قانۇنلارغا ئۆگىتىش ئىشلىرى باسقۇچمۇ باسقۇچ ۋە دائىملىق ئېلىپ بېرىلسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىش ئەلا نەتىجە بېرىدۇ.

ئەفلاتۇن بۇ تەلىماتلارنى تەھلىل قىلغۇچى ۋە كۆرۈپ چىققۇچىلارغا تېخى ئاشكارىلانمىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر كاشىلا بولماسلىقى كېرەك، دەپ ئەسلىتىدۇ. ئۇ مىسال تەرىقىسىدە قەدىمكى قانۇنچىلارنىڭ بۇ ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ چىققان ۋە بەزى ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنىڭ كۆپ مەناغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان شائىرلارنىڭ سۆزلىرىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇ قىسقا ياكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان نۇتۇقلاردىن ئىبارەت بىرنەچچە خىل نۇتۇقلار مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئۇلاردىن قايسى بىرى ئەۋزەلرەك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش لازىملىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ يەنە پەندى ـ نەسىھەتلەر ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ. ئەگەر شەھەر ئاھالىسى بۇ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالسا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى يۇمشايدۇ. ئۇلاردا نازاكەت ۋە قايىللىق پەيدا بولىدۇ. ئۆزلىرى ئىتائەتچان بولۇپ، سىلىق ئىشلەيدۇ. ئەفلاتۇن شەھەر ئاھالىسى يا ئۆتۈپ كېتىپ نام ـ نىشانى قالمىغان ئادەملەرنى ياكى ھايۋاناتنى ۋە ياكى غەيرىي ئاددىي بىرەر نەرسىنى چۈشىنىشنى دىلدىن خالاپ، ئەزىزلەيدىغانلىقى ھەققىدە مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئېنىقلايدۇ. بۇ پايدىلاردىن بىرى ئۆز تەبىئىتىگە قارىغاندا تەجرىبىسىز كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغان ئادەتلىرىدىن ماھىيىتىنى زورغا چۈشەنسىمۇ بىرەر نەرسە بىلىشكە ئىنتىلىشلىرىدىندۇر. ئىككىنچىدىن، بۇ ئادەملەر بىرەر يېڭىلىققا قىزىقىپ قارىمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار بۇ غارايىباتلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن قانۇننى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ پۇقرالىرىغا مەلۇم بولغان ۋە ئۇلار تۇپ مەنالىرىغا يەتمەكچى بولغان كىتابلار ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۆز شې-

ئىرلىرىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەسۋىرلىگەن شائىرلار تۆپەيلى بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولىدۇ، ھومېر ۋە باشقىلار شۇنداق شائىرلاردۇر.

ئەفلاتون قانۇن ئىگىلىرى ئۆز شەھىرىنىڭ ئاھالىسىدىن ئاشكارىلانمىغان ئۆرپ - ئادەتلەرنى ساقلاش، ئۆگىنىش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ھېچقايسىسى قانۇنچى ئۆزىدىن ئالدىنقى قانۇنچىلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىشلارنى رەت قىلماسلىقى كېرەك. لېكىن ئالدىنقى قانۇنچىلار قارارلىرىدىن بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولسا، ئۇ ھالدا شەھەر ئاھالىسى ئۇلاردىن (ئۆزگەرتىلىشى كېرەك بولغان ماددىلاردىن ۋاز كېچىشلىرى كېرەك. بۇ ئۆزگىرىشلەر قانۇنلاردا ئۆز ئەكسىنى تېپىشى لازىم. بۇ ئۇلارنىڭ قانۇنلاردىكى مەناسى بۇزۇلغان ماددىلارغىمۇ ئورتاق. كېيىن ئەفلاتون بۇ ماددىلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا توختىلىدۇ.

ئاخىرىدا قانۇنچىلار ئورنىغا كېلىدىغان باشقا بىر قانۇن ئىگىلىرى توغرىسىدىكى مەسىلە كۆرۈلىدۇ. قانۇنچى ئۆزىدىن كېيىن بولىدىغان باشقا قانۇنچىلار توغرىسىدا ئاھالىگە مەلۇمات قىلسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆڭلىگە، بولۇپمۇ تەجرىبىسىز ئادەملەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە غۇلغۇلا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار نېمە بولىدىكىن، دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ ۋە كېيىنكى قانۇنچى جارى قىلغان قانۇنلارغا ئىتائەت قىلىشقا خاھىش پەيدا بولۇشنى تەگرىدىن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەفلاتون ھايات قانۇنچىدا گويا ئۇنىڭدىن باشقا قانۇنچى كەلمەيدۇ، دېگەن پىكىر پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېھتىياتكارلىق بىلەن ئۇقتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بۇ شۇنداق ئويلىسا ۋە بۇنىڭدىن خەلق خەۋەردار بولۇپ قالسا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىسى كېلىدىغانلىقىنى كۆرگەن خەلق ئۈچۈن بۇ ۋەقە بارچە قانۇنلارنى ئۆزىنىڭ (ھازىرقى) ساھىبى قانۇنىنىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇ، كېيىن كەلگىنىنىڭ قانۇنلىرىنىمۇ رەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. قانۇنچىلار خەلق بىلەن بىللە قانۇنلارنى رەت قىلىش ۋە تەن ئېلىش ئارىسىدىكى ئوتتۇرا يولنى بەلگىلەپ ئېلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنچىلار ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەر، قانۇنلار ۋە ئىنسان ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەيدىغان، ياردەم بېرىدىغان ئادەم پەيدا بولغانلىقىدىن خەلقنى خەۋەردار قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭدىن خەيرلىك ئىشلاردا ياردەمچى شەخس ئۇنىڭ يۈزىگە ئوخشامدۇ، دەپ سورىسا، ئۇ ئىنكار قىلماسلىقى، ئەكسىچە خەلققە زىيان كەلتۈرمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ئەفلاتۇن شەھەر ئاھالىسى ۋە قانۇنچىلارنىڭ ھاياتىدىن مىساللار كەلتۈرىدۇ.

ئۇ قانۇنلارنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىرىنچى خىل قانۇنلارغا، ھەر قايسى قانۇنچىلار قانۇنلارنى جارى قىلدۇرۇشتا شەھەر ئەھۋالى ھەم ۋاقىت زىچلىقىدىن ئالدىراقسانلىققا خاس بولغان خىللىرى كىرىدۇ. يەنە بىر خىلى ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئەسلى ھالىنى ساقلاپ قالىدىغانلاردۇر، بۇلار تەبىئىي قانۇنلاردۇر. ئەفلاتۇن بۇ پىكرىنى قېرىنداش — ئۇرۇقلارغا بولغان مۇناسىۋەت، خەيرلىك ئىشنى ئىنكار قىلىش ۋە باشقا مىساللار بىلەن تولدۇرىدۇ.

## سەككىزىنچى بۆلۈم

ئەفلاتۇن بىرىنچى كىتابىدىمۇ ھېكايە قىلىنغان بايراملار، ئۇلارنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ھەققىدە ئەسلىتىدۇ. ئۇ بايراملاردىن ئاجايىپ پايدا بارلىقى ھەققىدىكى قىزىق پىكرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بايراملاردا قۇربانلىق قىلىنغاندىن كېيىن ياشلار تۈرلۈك جىسمانىي مەشىقلەر ئۇيۇشتۇرۇشلىرى كېرەك بولىدۇ. بايرامنىڭ شاد ـ خۇرام ئۆتۈشى ئۈچۈن مەدھىيە ۋە تەنقىدتىن ئىبارەت

بولغان قوشاق تۈرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇرسەنلىك ۋە شادلىق كەيپىياتىغا كىرىشكە تەرغىب قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. مەدھىيە ۋە تەنقىد ئاڭلاش ئەگەر ئۇ قانۇن تەلەپ قىلغىنىدەك ھەققانىي بولسا، ياشلارنىڭ قەلبىگە ئورنىشىپ، كۈرەش ئارقىلىق خەيرلىك ئىشلارغا سازاۋەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ رايىنى كۆچەيتىدۇ. كۆڭۈللىرىنى توق قىلىدۇ ۋە جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ. بايراملارغا قاتناشقۇچى ياشلار ئورۇندايدىغان جىسمانىي مەشىقلەر ياشلارنىڭ شەھەر ئۈچۈن پايدىسى كۆپ بولغان كۈرەش ماھارىتىنى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

شەھەر ھاكىملىرى ئۆز ئىشلىرىغا بىپەرۋا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ قۇربانلىق قىلىشلار ۋە شەھەرلەرنىڭ مەلۇم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بايراملارنى بېزىتىش سەنئىتى بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەملەرگە تەئەللۇقتۇر. ھاكىملار شەھەر ئاھالىسىدىن ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئادەملەرنى سەنئەتنىڭ بۇ تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت بەرمەسلىكلىرى، شەھەر ئاھالىسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا شەخسىي ئەركىنلىك بەرمەسلىكلىرى، بۇ سەنئەتنىڭ يامان تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، ئادەملەردە نەپرەت پەيدا بولۇشىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرىنى نامايىش ئەتمەسلىكلىرى زۆرۈر. بۇ يەردە ئۆزى ئەسلى تەبىئىتىدىن نەپرەتلىك ۋە قانۇنلارغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن بولغان نەپرەت تۇيغۇسى مۇستەسنادۇر.

كېيىن ئەفلاتۇن بايرام كۈنلىرى[1] بولىدىغان جىسمانىي مەشىقلەر ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتىدۇ ۋە شۇ دەۋرلەردە مەلۇم بولغان ئويۇنلارنىڭ ھەربىرى ئاتلىق، قورال بىلەن مەشىق قىلىش ھەمدە كۈرەشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ بايراملىق كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى بايرام كۈنى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ئورنىشىپ قېلىشىنى ئەسلىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتىدۇ. ياشلار مۇنداق ئويۇنلارغا قىزىقىپ، ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ شۇغۇللىنىپ تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى ۋە بۇ تەدبىرلەر تاكى ياشلار بايرام مۇسابىقىلىرىدىن ئالغان ھوزۇرلىرىنى، قانۇنغا خىلاپ نەرسىلەردىن ئالغان ھوزۇرلىرىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. قانۇنچىلار بۇ غايىنى، بولۇپمۇ ھوزۇرلىنىشقا تەئەللۇق غايىنى ياخشى ئەستە تۇتۇشلىرى كېرەك. ئۇنىڭ (ھوزۇر، كۆڭۈل خۇشلۇقلىرىنىڭ) پايدىسى قانچە كۆپ بولسا، زىيانلىق تەرىپىمۇ ناھايىتى كۆپ. ئەفلاتۇن بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ سۆزلەيدۇ. كېيىن ياشلارنىڭ ئاقىلانە، خەيرلىك ئىشلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئۇ خەيرلىك ئىشلارنىڭ يۈرەككە قانداق ئورنىشىشى ھەمدە قانۇنغا خىلاپ كۆڭۈل خۇشلۇقلىرىنىڭ ئىللەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. قانۇنچىلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى يۇقىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن قانۇنلارغا ئالاقىدار ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت.

ئەفلاتۇن بۇ ساھەدىكى قېيىنچىلىقلار، يەنى بۇ مۇراسىملارنى ھىمايە قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى ئەسلىتىدۇ. ئۆسمۈرلەر ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملەر پەقەت تاشقى گۈزەللىككە قىزىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇنداق خاھىشلىرىنى چەكلەشتە ھاكىملار قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. بۇنداق ئۆسمۈرلەر تاكى بىر بالاغا ئۇچرىمىغۇچە شۇنداق قىلىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ئەھۋال شەھەرنى قايغۇلۇق پالاكەتكە ئېلىپ كېلىدۇ. قانۇنچىلار بۇنداق مەسىلىلەرگە دائىما دىققەت قىلىشى، ئۇلارنى نەزەردە تۇتۇشى زۆرۈر. شۇ قاتاردا، قانۇنچىلار ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار، چەت جايلاردا ياشىغۇچىلارنىڭ گۇناھلىق ئىشلىرىغا نىسبەتەنمۇ دىققەت قىلىشى، ئۇلارنى توغرا يولغا سالغۇچى قانۇنلارنى ئىشلەپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭدەك قانۇنچىلار تاۋاپ قىلىنىدىغان يەرلەر، ئىبادەتخانىلارغا كاتتا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، تاكى ئۇلار ئېزىپ،

بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن. ئۇلارنىڭ يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى شەھەر ئاھالىسىنىڭ يۈرەكلىرىنى ھەمدە شەھەر ئىشلىرىغا مەس-ئۇل ئادەملەرنىڭ قەلبىنى چىرىكلەشتۈرۈپ، قەبىھلىشىشكە ئېـ-لىپ بارىدۇ.

ئادەملەر ھاكىملار كۆرسەتكەن توغرا يول بىلەن مېڭىشلىرى ۋە قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ھەمدە ماھىيىتى ئۇلاردا غەزەپ ـ نەپرەت ئويغاتماسلىقى ئۈچۈن قانۇنچىلار ھاكىملارنى ئادەملەرنى باشقۇرۇشقا كۆندۈرۈشلىرى لازىم. ئەفلاتۇن ئازاد تۇغۇلغانلار ۋە قۇللار، ئەسىر ـ ئەسىرلەر ھاياتىدىن مىساللار كەلتۈرىدۇ، ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە تېگىشلىك نۇقتىلاردا بۇ جاھىل ۋە رەزىل ئادەملەرنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇ بىرەر رەھبەر ياكى باشقۇرغۇچى، بارلىق ئاشكارىلانمىغان ئادەتلەر، قانۇنلار ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ تەلەپ ئېھتىياجلىرىنى بىلىش ئۆز مەملىكىتىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما ئۇنىڭغا ياخشى خەلق-نى، مەسىلەن: قانچە كۆپچىلىك بولمىغان خەلق تاپشۇرۇلسا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇلاردىكى مەۋجۇت تەلەپلەرنى، قانۇنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلمەيدۇ. ئەفلاتۇن دېڭىز دۆلەتلىرى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى دۆلەت-لەرنىڭ ھاكىملىرى ھەققىدە كۆپ مىسال كەلتۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن ئوغرىلىق مەسىلىلىرىنى ۋە مۈلۈك ئاشۇرۇش مە-سىلىلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. مۈلۈك ئاشۇرۇشتا چوڭ خەۋپ يوق. ئەمما ئۇنى ئېھتىيات قىلىپ ساقلاش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر باشقا بىر كىشىنىڭ مۈلكى ھېسابىغا مۈلۈك ئاشۇرغانلار جازالانمىسا، ئۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسىدىن ئىنساپ ۋە شۆھرەت يوقىلىدۇ. مۈلۈكنى ئېھتىيات قىلىپ ساقلاپ ئۆز ئېھتىياجىغا ئىشلەتسە، بۇ يامان ئىش ھېسابلانمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئېلىپ، ئۆز مۈلكىنى كۆپەيتكەنلەرنى، بىرەر قىممەتكە ئىگە نەرسىنى ئوغرىلىغان ئوغرىلارنى جازالىغاندـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەك جازالىمايدۇ (ئۇلارنىڭ جىنايىتى باراۋەر ئەمەسلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك). ئەفلاتۇن ئۆزۈم ۋە باشقا مېۋىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مىساللار كەلتۈرىدۇ.

ئەفلاتۇن تۈرلۈك سەنئەتلەر (ھۈنەرلەر) ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن شۇ شەھەرگە مەنسۇپ بولغان سەنئەتلەرگە مۇۋاپىق رەۋىشتە پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىمكى ئەرمەك ئۈچۈن ۋە ئويۇن ئۈچۈن ياكى زۆرۈرىيەتتىن ئەمەس، تەكەببۇرلۇقتىن ۋە ياكى دەل شۇ ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆچى يەتمىگەنلىكتىن، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپنى باشقا بىر كەسىپكە ئۆزگەرتسە، شەھەر رەھبىرى ئۇنى بۇ ئىشتىن مەنئى قىلىش كېرەك، زۆرۈرىيەت بولسا جازالاش لازىم. چۈنكى ھۈنەر ـ سەنئەتنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئۆزگەرتىش — دۆلەت تۈزۈمىگە يات ۋە تۈرلۈك ئىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەفلاتۇن بۇ غايە توغرىسىدا ۋە بۇنداق ھادىسىلەر تۈپەيلى بولىدىغان زىياننىڭ ئىشتىراپى ھەققىدە خېلى توختىلىدۇ.

كېيىن ئەفلاتۇن شەھەر ئاھالىسىگە زۆرۈر بولغان ئوزۇق ـ ئوقەتلەر توغرىسىدا بايان قىلىدۇ. شەھەرنىڭ ھاكىملىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى باشقۇرۇپ تۇرۇشى، قانۇنچىلار بولسا بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قارىماسلىقلىرى كېرەك. ئەكسىنچە، ئۇلار شەھەر ئاھالىسىنى، شۇ قاتاردا قۇللارنى، ھايۋانلارنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش بويىچە، كېيىن شەھەرلىكلەر بىر ـ بىرىگە بېرىدىغان مەدھىيىلەر، سوۋغىلار توغرىسىدا قەتئىي قانۇنلار جارى قىلىشى كېرەك. ئەفلاتۇن خۇداغا سېغىنىدىغان جايلارنى، شەھەر ئاھالىسى ئۇ مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يىغىلىدىغان ساراي، ئۆيلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنداق جايلاردىن بىرى بازارلاردۇر. قانۇنچىلار ۋە شەھەر ھاكىملىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابقا ئېلىشى

كېرەك.

ئەفلاتۇن ئالدى ـ ساتتى مەسىلىلىرىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. شۇ قاتاردا ئادەملەرگە زۆرۈر بولغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنە بىلەن شەرتنامە تۈزۈش، چېگرىلار، دىنلارغا مەنسۇپلۇق ۋە دىنلار ھەققىدە يازىدۇ. قانۇنچىلار بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە جان كۆيدۈرۈشى، ئويلىشى زۆرۈر. ئەفلاتۇن بۇ نەرسىلەرنى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

## توققۇزىنچى بۆلۈم

بۇنىڭدا ئەفلاتۇن قانۇنلارنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ۋە قانۇنچىلار بۇ ئىشنىڭ قايسى بىر تەرىپىگە پەرقسىز قارىماسلىق، ئۇلارغا رىئايە قىلىنىشقا غەمخورلۇق قىلىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختىلىدۇ.

كېيىن ئەفلاتۇن قانۇننى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىملىقىنى ئىسپات ئۆتىدۇ. ئۇشبۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ياخشى قانۇنلارغا يەنىلا ساداقەتلىك بىلەن بويسۇنۇشلىرى ئۇچۇن روھىي جەھەتتە ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. چۇنكى ئەركىن بولۇپ تۇغۇلغان ئادەم قانۇنلارغا ئىختىيارىي رەۋىشتە، قۇللار بۇيرۇغاندىلا بويسۇنىدۇ، ياخشى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان شەھەر ئاھالىسى ئەڭ بەختىيار ئادەم بولۇشلىرى ھەمدە قانۇنلارغا ئىختىيارىي بويسۇنۇشلارنى تەمىنلەش ئۇچۇن قانۇنلارنى تاكامۇللاشتۇرۇشى ۋە ئۇلاردىكى قانۇنلارنى مۇستەھكەملەشكە غەمخورلۇق قىلىشلىرى كېرەك. ئەفلاتۇن مۇقەددەس ئۆي ـ ئىمارەت، ئىنشائاتلارنى زىيارەت قىلىش ھەمدە دوستلۇق ئەڭ ئالىي پەزىلەتلەردىن بىرسى ئىكەنلىكى ھەققىدە مىساللار كەلتۈرىدۇ. ئىبادەت قىلىنىدىغان ئۆيلەرنى قەدىرلىمەيدىغان ئادەملەرگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش زۆرۈرلۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى ھەققىدە ئەسلىتىدۇ.

ئەفلاتون ئاتا - ئانىلار ھەمدە ھاكىملارنى مەنسىتمەيدىغانلارنى جىنايەتچىلەردەك جازالاش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايدۇ. ھاكىمىيەت ۋەكىللىرى بۇنداق ئىشلارنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ جىنايەتچىلەرنى ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە قاراپ تاياق بىلەن ئۇرۇپ، جەرىمانە قويۇپ، قەتىل قىلىپ جازالاش كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر جىنايەتچى جازاغا نارازى بولسا ۋە ئۇ ئىجرا قىلىنىشىغا قارشىلىق قىلسا، بۇ ئارقىلىق قانۇنلارغا تاشقى دۈشمەنلەرگە قارىغاندا كۆپرەك زىيان كەلتۈرىدۇ، دەپ ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

كېيىن مىراس مەسىلىسىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر شەھەردە كاتتا ئەۋلادقا مەنسۇپ پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بىرەر پاك شەخس بولسا، ئۇنىڭ ئىشى داۋام ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. بىرەر ئەمەل ساھىبى ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئادەم ئولتۇرۇشى كېرەك. ئەفلاتون جازا ۋە پۇل جەرىمانىسى مەسىلىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ، ئوغرىلىق ھەققىدە مىسال كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئوغرى ئوغرىلىغانلىرىنى ئىككى باراۋەر قىلىپ قايتۇرۇپ بەرسە ۋە توۋا قىلسا، ئۇ چاغدا بېرىلىدىغان جازا قاماققا ئېلىشتىن باشقا يەڭگىلرەك بىر جازاغا ئالماشتۇرۇلۇشى ياكى جازا بىكار قىلىنىشى لازىم. ئەفلاتون ئەگەر ئادەملەر ئالىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بىلسا، ئۇ چاغدا ئۇلار قانۇنلارغا ھېچ موھتاج ئەمەس ۋە ناھايىتى بەختىياردۇر، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ شەھەر ئاھالىسى قەدىمكى قانۇنلاردىن بەزىبىر ئۆگۈت - نەسىھەتلەرنى تېپىش ھەققىدە ئەسلىتىدۇ. بۇ ئۆگۈت - نەسىھەتلەر قانۇنچىلارغا كەمدىنكەم ئېھتىياج تۇغدۇرغان ھالدا، ئۇلارغا ئەخلاقنى تۈزدىتىش جەھەتتە ئانچە - مۇنچە پايدا كەلتۈرىدۇ. ئەفلاتون يەنە شېئىرىيەتتە ئەكس ئەتكەن، ئاشكارىلانمىغان ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئومۇمىي قانۇنلار ھەققىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەفلاتون، خالاپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ قىلىنغان ياۋۇزلۇق ھەم-

ىدە ئادەت بولۇپ قالغان ۋە چۈشەنمەي قىلىنغان ياۋۇزلۇق قانۇن نۇقتىئىنەزىرىدىن ئالغاندا ئوخشاشلا يامان، ئۇلار شەھەر ئىشلى-رىغىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ ۋە بۇزىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەفلاتۇن (ياۋۇزلۇق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن) بېرىلىدىغان جازا ھەققىدە توختىلىدۇ. كېيىن ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەي تۇرۇپ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۇ ئۆزلىرىدە مەلۇم بولغان (دۆلەتنى، شەھەرنى) باشقۇرۇش ۋەكىللىرى، ئادالەت ۋە ئالىيجانابلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا پەزىلەتلەر، ئۇلارنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ھەققىدە ئەسلىتىدۇ.

ئەفلاتۇن ناھايىتى پايدىلىق بولغان بىر پىكىرنى چۈشەندۈ-رۈشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ ئادالەتنىڭ گۈزەللىكىدۇر. ئادالەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ۋە بۇ جەھەتتىكى بارچە قىلىنىدىغان ئىشلار گۈزەلمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئەفلاتۇن ئۆچ ئېلىش ۋە جىنايەتچىنى جازالاشتا ئادالەتنىڭ ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈم جازاسى، ئۇرۇش، جەرىمانە قويۇش كەبى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزى ئادىل قىلىنسا، ئۇلار ئومۇمەن گۈزەل ئەمەس. ئەفلاتۇن بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ ئېيتىدۇكى، ئىبادەت قىلىنىدىغان ئۆيلەردىن بىرىگە ئوغرىلىققا چۈشكەن ئادەم يا ئۇرۇلىدۇ ياكى قەتل قىلى-نىدۇ.

ئەفلاتۇن تۆۋەندىكىلەرنى چۈشەندۈرۈشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىپ قويىدۇ: قانۇنلار تۇپەيلى تەربىيە تاپىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، پەقەت قانۇن يولىيورۇقلىرىنى بېجىرىپ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلمايدىغان ئالقىشقا لايىق ئادەم بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ بۇ جەھەتتە ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چوڭ قارىمۇ قارشىلىقلار بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. كېيىن ئۇ ئىدراك قىلىپ، بىلىپ تۇرۇپ ئەمەس، بىلمەستىن جىنايەت قىلغان شەخسنى جازالاش كېرەكمۇ ـ يوقمۇ، دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسىلە ھەققىدە سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بەربىر قاچاندۇر بۇگۇنمۇ ـ ئەتىمۇ ئۆز جازاسىنى تاپىدۇ. ئەگەر ئادەم پەم ـ پاراسەت قۇۋۋىتىگە ئىگە بولسا، ئىللەت كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتسا، ئەگەردە ئۇ ئۆز ئىنسانىي روھىيەتنى ئېتىبارسىز بىلسە، ئۇ ھالدا تەبىئەت ئىللەتلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن يالتايمايدۇ. ئۇ قاچانلا بولمىسۇن ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازا تارتماي قالمايدۇ. كېيىن ئەفلاتون جازا ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئۆز زامانىسىدا مەلۇم بولغان جىنايەتلەرگە ئاساسەن جازالارنى دەرىجىلەرگە بۆلۈپ چىقىدۇ.

«مۇئەللىمۇ سانىي» ئۆزگىچە يېتىپ كەلگەن كىتاب بويىچە، بۇ ماۋزۇنى يورۇتتى. كىتابنى دىققەت بىلەن ئۆگىنىپ، پىكىر قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز ھاكىم (ئەفلاتون) يەشمىگەن قانۇنلارنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىپ قويغان، دەپ خۇلاسە چىقاردۇق. كىتابتا بىلدۈرگەن پىكىرلەردىن گۈزەل ۋە نازۇك مەنالار، قىممەتباھا غايىلەر دۇردانىسىنى تاپتۇق. بۇ مەنا ۋە غايىلەر ئىككى مەرتەم پايدىلىق بولدى. چۈنكى ئەفلاتون ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسەت بىزنىڭمۇ مەقسىتىمىز بولۇپ چىقتى. بۇ كىتابتىن قولىيازمىلارنىڭ بىز تەييارلىمىغان بۆلۈملىرى چۈشۈپ قالدى. بۇ كىتابنىڭ بۆلۈم سانى ھەرخىل بەزىلەر ئون بۆلۈم بار دېسە، بەزىلەر ئون تۆت دەپ تەستىقلايدۇ. قولىمىزدا پەقەت بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بۆلۈملەرلا بار.

(ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ «فازىل ئادەملەر شەھىرى» ناملىق توپلىمىدىن 1993 ـ يىل تاشكەنت نەشرى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئېلىندى) .

# شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەخمۇت زەيدى)

## ئا. ئىرساۋنىڭ مۇقەددىمىسى

ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر فارابى كىتابلىرى تىزىمىدا ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنغان، لېكىن بۇلار مۇئەللىپىنىڭ باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدىگە ئوخشاش، تارىخنىڭ ئەگلىگىدىن ئۆتۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەخىرلىنەرلىك بىر ئىش شۇكى، كېيىنكى يىللاردا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىشقىۋازلىرى فارابىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئىلمىي مىراسلىرى تېپىلغانلىقى ھەققىدە مەتبۇئات ئارقىلىق جامائەتچىلىكنى خەۋەردار قىلىشتى. نەتىجىدە بىرقانچە قولىيازمىلار دەرھاللا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بۇ ساھەدىكى ئىخلاسمەن كىشىلەرنى بەھرىمەن قىلدى، مانا شۇ قولىيازما مىراسلارنىڭ بىر قىسمى فارابىنىڭ ئەرەبچە يېزىلغان «كىتاب ئەش شېئىر»، يەنى (شېئىر كىتابى) ئەسىرى.

فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇنى بىر رىسالە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئەسلىدە چوڭ ھەجىمدە يېزىلغان بولسىمۇ، كېيىنرەك مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قىسقارغان ۋە شۇ قولىيازمىدىكى نۇسخا ھالىتىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز «بېرىغا بارىكاللا» دېگەندەك، بۇنى شۇ پېتى ئېلان قىلىشنى نىيەت قىلدۇق. فارابىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«شېئىر كىتابى» ناملىق ئەسىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىسى ھازىر چېخوسلوۋاكىيىنىڭ براتىسلاۋا ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى ئالاھىدە كىتاب ھالىتىدە ساقلانمىغان، بەلكى ئالىمنىڭ مەنتىق (لوگىكا) غا ئائىت باشقا ئەسەرلىرى قاتارىدا تېماتىك جەھەتتىن بىر كىتاب مۇقاۋىسىغا كىرگۈزۈلگەن. فارابىنىڭ بۇ قولىيازمىغا كىرگەن مەنتىققە ئائىت ئەسەرلىرى 12 قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، مەنتىققە كىرىش؛ مەنتىق سەنئىتى؛ كاتېگورىيە؛ ئىبارە؛ قىياس؛ تەھلىل؛ سوفىستىكا؛ بۇرھان - ئىسپات؛ جەدەل - دىئالېتكا؛ خىتابە - رىتورىكا ۋە ئاخىرىدا - كىتاب ئەش شېئىر يەنى (شېئىر كىتابى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«شېئىر كىتابى» نىڭ قولىيازمىسى ھەققىدە براتىسلاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان شەرق قولىيازمىلار كاتالوگىدا قىسقىچە تەرىپىمۇ بېرىلگەن. شۇ كاتالوگدا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى مەنتىققە ئائىت قولىيازمىنىڭ 271 - ۋارىقىدىن باشلىنىپ، ئا — 274 - ۋارىقىدا تۈگەيدۇ. كاتالوگدا بۇ ئەسەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا كېلىدىغان سۆزلەرمۇ بېرىلگەن.

قولىيازمىنىڭ ئا — 274 - ۋارىقىدا مۇنداق سۆزلەر بېرىلگەن: «شۇنىڭ بىلەن خۇدا رەھمەت قىلغۇر ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ بارلىق كىتابلىرى[1] تۈگىدى. ئەمدى ئەقىلنى ئاتا قىلغۇچىغا غايەت دەرىجىدە مەدھىيىلەر، چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇن. بۇ كىتاب پەرۋەردىگارنىڭ ئەپۇسىغا ئەڭ موھتاج بولغان قۇل، ئەخمەت ئىبىن ئەلى ئەش - شامىنىڭ قولى ۋە ئەمىرنىڭ مەرھەمىتى بىلەن تۈگىدى. بۇ، تارىخ 1116 - يىلىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئېيى بولغان خەيرلىك سەفەر ئېيىنىڭ ئون سەككىزى شەنبە كۈنى تاڭ

① «بارلىق كىتاب» دېگەندە ئاشۇ مەجمۇئەدىكى ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيتىدە كونىستانتىنىيەدە بىجىرىلدى. ھىجرىيە 1116 ـ يىلىنىڭ 18 ـ سەپەرىنى ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان مىلادى يىل ھېسابىغا توغرىلىساق، 1704 ـ يىل 22 ـ ئىيۇن كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. قولىيازما كۆچۈرۈلگەن جاي كونىستانتىنىپول يەنى ھازىرقى ئىستامبۇل شەھىرى بولغان.

براتىسلاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى قولىيازمىدىن ئېلىنغان فوتوكوپىيىنىڭ بىر نۇسخىسى فارابىشۇناس پەيلاسوپ مۇزەپپەر خەيرۇللايوفنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ مۆھتەرەم ئالىمنىڭ سەمىمىي مەرھەمىتى بىلەن ئاشۇ فوتو نۇسخىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. نەتىجىدە «كىتاب ئەش شىئىر» نىڭ ئەرەبچە مەتىن ـ تېكىستىدىن قىلىنغان قولىغىزدىكى مۇشۇ تەرجىمىمىزنى دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزغا ھاۋالە قىلىشقا ئىگە بولدۇق.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، پەيلاسوپ فارابى ئۆتكۈر مەنتىقشۇناس ئالىم بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى مەنتىق ئىسلاھلىرىدا (ئاتالغۇلىرى بىلەن) يېزىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئوتتۇرائەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە شېئىرىيەت مەنتىق بابىغا كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە مۇلاھىزە يۇرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىبىن سىنانىڭ «شېئىر سەنئىتى» (پوئېتىكا) ئەسىرى ئۇنىڭ «كىتاب ئەش ـ شىفا» ئەسىرىنىڭ مەنتىق بۆلۈمى 9 ـ پەن قىسمىدا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەيلاسوپنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بەزى ئورۇنلاردا ئوقۇۋېلىش ئوڭاي بولماسلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم.

فارابىنىڭ باشقا بىر رىسالىسى بولۇپ، ئۇ «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» دېيىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى لوندوندىكى «ئىندىئان ئوفىس» (ھىند دىۋانى) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان. ئۇنى شەرقشۇناس ئارتور — ئار بېررى 1937 ـ يىلدا نەشر قىلدۇرغان.

www.uyghurkitap.com



1963 ـ يىلى ئەرەب ئالىمى ئابدۇراخمان بەدەۋى ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» ئەسىرىنىڭ قەدىمىي ۋە هازىرقى ئەرەبچە تەرجىمىسى بىلەن بىللە فارابىنىڭ «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى هەققىدە رىسالە» ناملىق ئەسىرىنىمۇ نەشر قىلدۇرغانىدى. بەدەۋى نەشر مەتنىنىڭ ئاۋۋالقى بېتىدە «رىسالە» دەپ ئېلىنغان بولسا، ئىچكى بېتىدە «ماقالە» دېيىلگەن. يەنە بەدەۋى ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» سى تەسىرىدە يېزىلغان ئەسەرلەر قاتارىدا فارابىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى بىلەن بىللە ئىبنى سىنا ۋە ئىبنى روشىدلەرنىڭمۇ بۇ توغرىدا يازغان ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان. فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى كىتابنىڭ 147 ـ ، 158 ـ بەتلىرىگە قويۇلغان. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق نەشرى ئىكەن. ئاربېررى ئۇنىڭغا ئون بىر ئورۇندا ئىزاھ بەرگەن. ئۇ ئۆز ئىزاھلىرىنىڭ بىرىدە بۇ ئەسەرنىڭ سەرلەۋھىدە يېزىلغان «شۇئارا» ، «شائىرلار» سۆزى ئورنىغا «ئەش شېئىر» سۆزىنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. بىز بۇ تەۋسىيىگە ئاساسەن فارابى ئەسىرىنىڭ نامىنى تەرجىمە قىلساق: «شېئىر سەنئىتى قانۇنلىرى هەققىدە رىسالە» دېگەن مەنا كېلىپ چىقاتتى، بىراق بەدەۋى بۇ ئەسەرنىڭ نامىنى قولىيازمىدا قانداق يېزىلغان بولسا، شۇنداق ئېلىشنى لازىم تاپقانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ شۇ يولدىن مېڭىپ قولىيازمىدا يېزىلغىنى بويىچە ئالدۇق. فارابى بۇ ئەسىرىدە يۇنان ئەدەبىياتىدىكى شېئىر تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ژانىرلىرىغىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن. بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنى يۇنان ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشتۇرماقچى بولغان. ئەمما بىز بۇ يەردە فارابى ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمىدۇق. پەقەت ئەنە شۇ بەدەۋى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەردىن مۇشۇ تەرجىمىمىزنى تەقدىم قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق، خالاس. بۇ توغرىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى هۆرمەتلىك كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرىگە هاۋالە قىلىمىز. تەرجىمىدە ئىسكوپكا ئىچىگە ئېلىنغان رەقەملەر مانا

شۇ ئەسەر قولىيازمىسى نەشر قىلىنغان كىتاب بەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

فارابىنىڭ «كىتاب ئەش ـ شىئىر» ئەسىرىدىكى ئىلمىي قاراشلىرىنى ئالىمنىڭ هايات يولى ۋە پائالىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ چۈشىنىش خېلىلا قىيىن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقىمۇ بىز بۇ كىتابچىغا فارابىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادى ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بېرىدىغان قىسىم كىرگۈزدۇق. كىتابنىڭ ئاخىرىدا بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب مۇئەللىپى ئىبىن ئەبى ئۇسەيبىيا 1203 ـ 1270 ـ يىللار) نىڭ كىتابىدا فارابى ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنى كىرگۈزدۇق. بۇ مەلۇماتلار ۋە شۇنىڭ بىلەن بېرىلگەن فارابى ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى، بۇ ھۆرمەتلىك زات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى خېلى كېڭەيتىۋېتىشكە خىزمەت قىلىدۇ.

ئەبۇ ناسىر فارابىدەك ئۇلۇغ زاتنىڭ پىكىر ـ تىلەكلىرىنى كامالىغا يەتكۈزۈش جەھەتتە ئاز بولسىمۇ، چېكىنگەن ۋە سەۋەنلىككە يول قويغان بولساق، ئۇ ھالدا ھۆرمەتلىك كىتابخانلار تەرجىماننى ئەپۇ قىلار دېگەن ئۈمىدىمىز بار. ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، يول قويۇلغان بۇ سەۋەنلىكلەرنى بىزگە قايىسى ئۇسۇلدا بولمىسۇن، ئۇقتۇرۇپ قويۇلسا ھەممىسىنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

**ئابدۇسادىق ئىرساۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) رەتلىگەن.**

* * *

بۇ يەردە (كەلتۈرۈلۇۋاتقان) مۇلاھىزىلەردىن[1] مەقسىتىمىز ھېكىم ئارىستوتېلنىڭ «فىن سىنائەت ئەش ـ شېئىر» («شېئىر سەنئىتى» — «پوئېتىكا») ئەسىرىدە ئېيتقان

① مەتنى (ئەسلى تېكىست) دە — ئەل ـ قەۋل ـ بولۇپ «سوز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ۋە بۇندىن كېيىنكى ئورۇنلاردا «ئاقاۋىل» سۆزىنى فارابى «پىكىر»، «مۇلاھىزە» مەنىلىرىدە ئىشلىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتىن ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىگە ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بىز، ئۇنىڭ بىلەن شېئىرى سەنئەت ئىشقىۋازلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇشتۇرماقچىمىز. شۇنداق بىر تەرىپىمۇ باركى، ھېكىم ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ «شېئىر سەنئىتى» («پوئېتىكا»سى) ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا موغۇلاتا — سوفىستىكا[1] ھەققىدە مۇلاھىزىلىرىنىمۇ مۇكەممەل بايان قىلىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە مۇپەسسەل قىلىپ، تەرتىپى بىلەن يازماقچىمۇ ئەمەسمىز. چۈنكى «سوفىستىكا سەنئىتى»[2] ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىدە ئارىستوتېل ئېيتىپ ئۆتكەن مۇلاھىزىلەرگە قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قوبۇل قىلىدىغان، تەرتىپكە چۈشىدىغان ھالدا ئۇلار ئاساسىدا يېڭىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان بىرەر ئۇسۇل ۋە قانۇن ـ قائىدىلەر تاپالمىغىنىغا ياتىدۇ (150 ـ بەت).

ھېكىم ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ شۇنداق پەزىلىتى، ئىنتايىن يۇقىرى زېھنىي قابىلىيىتى بىلەن تۈگىتىشكە جەزم قىلالمىغان بىر نەشنى بىز ئاخىرىغا چىقىرىشقا ئىنتىلگىنىمىزدىن كۆرە، بۇ سەنئەتكە پايدا بېرىدىغان ۋە ھازىرقى زاماندا ئۇچرايدىغان قانۇن ـ قائىدىلەر، مىسال ۋە مۇلاھىزىلەرنى كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلەنسەك ياخشىراق بولار.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز دەيمىزكى، ئاغزاكى سۆزلەر

---

① مەتىندە «ئەل ـ مۇغۇلاتا» كەلگەن. بۇ يەردە فارابى ئارىستوتېلنىڭ سوفىستىكىغا ئائىت ئەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپتۇ. ئارىستوتېلنىڭ «سوفىستىك رەددىيەلىرى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى بولغان [سوفىزم — سەپسەتە، يۈزەكى قارىغاندا توغرىغا ئوخشىسىمۇ، ئەسلىدە ناتوغرا بولغان ساختا خۇلاسە. سوفىست — سوفىزم تەرەپدارلىرى. سوفىستىكا — سوفىزمغا، ساختا خۇلاسىلەرگە ئاساسلىنىش، سوفىستلار تەلىماتى].

② مەتىندە: «سەنائەت ئەل ـ موغالتىيىن» يەنى «چالغۇتقۇچىلار — سوفىستىكىسى سەنئىتى. سۆيىتىدە كەلگەن، فارابى ئۆزىنىڭ «پەلسەپىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال بىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە (قاھىرە. 1907 ـ يىل، 60 ـ بەت). ئەسلىگىنىگە قارىغاندا، ئارىستوتېلنىڭ «سەنائەت ئەل ـ موغالتىيىن» (سوفىستىكا سەنئىتى) دېگەن ئەسىرى بولغان. شۇنىڭدەك بۇ خىل ئەسەرنىڭ بارلىقىغا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى سوفىستىكىغا ئائىت «كىتاب تابكىت ئىس ـ سوفاستا ئىيىن» (سوفىستلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە كىتاب) ھەم دەلىل بولالايدۇ.

يا بىرەر مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يا بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن؛ ئۇلار شۇ ئىككى ھالەتنىڭ بىرىدە بولۇشتىن خالىي بولمايدۇ. مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ساددا ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. مۇرەككەپ بولغان سۆزلەر بىرەر مۇلاھىزىنى يا ئاڭلىتىدۇ ياكى ئاڭلاتمايدۇ، مۇلاھىزىنى ئاڭلىتىدىغانلارنىڭ قەتئىي، جەزملىكلىكى ياكى جەزمسىزلىكى بولىدۇ. قەتئىيلىرى يا توغرا ياكى يالغان بولىدۇ. يالغانلىرىدىن بەزىلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زېھنىگە ئۇنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىسى بىلەن ئورنىشىپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، باشقىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئېڭىدا نەرسىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى (ئەكسى)① بىلەن ئورنىشىپ قالىدۇ. مانا شۇ نەرسە، تەقلىدلەر — شېئىرى مۇلاھىزىلەر ھېسابلىنىدۇ.

مانا شۇ ئەكسى ئوخشاشلىقلارنىڭ بەزىلىرى ئەڭ مۇكەممەل بولىدۇ. باشقىلىرى نۇقسانلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىنى يا نۇقسانلىقلىكىنى ئېنىقلاش شائىرلار ۋە تۈرلۈك ـ تۈمەن تىل ۋە لۇغەتلەردىكى شېئىرىيەتنى ئۆگىنىۋاتقان مەرىپەت ئەھلىنىڭ پىكىر دائىرىسىگە كىرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن ھېچكىم سوفىستىكا بىلەن ئەكس تەقلىد ئىككىسىنى بىر سۆز، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. بۇلار ئىككىلىسىمۇ بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە بىر ـ بىرىسىدىن پۈتۈنلەي پەرق قىلىدۇ.

سوفىستنىڭ مەقسىتى بىلەن تەقلىدچىنىڭ مەقسىتى تۈرلۈكچە بولۇپ، بىر ـ بىرىسىدىن پەرق قىلىدۇ. سوفىست ئاڭلىغۇچىنى غەلەتكە (يالغانغا) ئۈندەپ، ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان نۇقسانلىق نەرسىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا

① مەتندە: مۇھاكىمە — ئوخشاش، ئەكس ئېتىش. تىرمىن (ئىستىبلاھ) مەنىسىدە — تەقلىد قىلىش دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە ھەربىر بەدىئىي ئەسەر شېئىر (بۇ يەردە سۆزنىتلىق شېئىرلارنىمۇ كۆزدە تۇتۇش مۇمكىن) يا ھېكايە، يا دراماتىك ئەسەر ئادەتتە تونۇلما بولمىغانىدى. ھەممىسىلا ھايات ۋەقەلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتتا ئۆرنەك بولىدىغان ھەربىر ھادىسە، ۋەقەگە نەمۇنە سۈپىتىدە قارىلىپ، بۇنى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتكىنى — ھېكايە ياكى شېئىر شەكلىدە ئامايان بولغىنىغا تەقلىدى ئەدەبىيات سۈپىتىدە قارالغان. تەقلىدى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتە ۋەقەلىكنى راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقەت يۈزىگە چىقىرىلغان، بىزدە ژانىر سۈپىتىدە ئىشلىتىلمىدىغان «ھېكايە» سۆزىمۇ ئەسلىدە تەقلىد ـ ئوخشىتىش دېگەن مەنىگە بېرىپ تاقىلىدۇ [ سوفىست — قەدىمكى گىرېتسىيىدە پەلسەپە ۋە ناتىقلىق ئىلمىي ئوقۇتقۇچىسى].

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ مەۋجۇت نەرسىنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ، بەلكى مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرگە بولسا، مەۋجۇت بولغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ.

ئەمما تەقلىدچى بولسا، نەرسە تەسەۋۋۇرىنىڭ تەتۈرىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئوخشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھىسسىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ شۇنداقكى، ئۆز جايىدا جىم تۇرغان كىشى شۇنداق ھالەتكە چۈشسە، گويا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بولىدۇ. مەسىلەن: كېمىدىكى كىشى كېمىدىن قىرغاقتا چۈشۈپ قالغانلارغا قارىسا ياكى ياز چاغلىرىدا ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا، تېز يۈرۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلار ئارقىسىدىن قارالسا، شۇنداق بولىدۇ (151 ـ بەت). بۇنداق ھالەت كىشىلەرنىڭ ھېسلىرىنى ئېلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەمما، ئەينەككە ياكى يالتىراق، سىلىق جىسىمغا قارىغان كىشىنىڭ ھالىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ نەزەر تاشلاپ، ئەشۇ نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مۇلاھىزىلەرمۇ قىسىملاغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن. بىز ساڭا ئېيتساق بۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: مۇلاھىزە يا قەتئىي، ياكى قەتئىي ئەمەسلىكتىن خالىي بولمايدۇ. ناۋادا ئۇ ئەگەر قىياسى بولسا، ئۇ ھالدا بىلىش قۇۋۋىتى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن بولىدۇ، ياكى بولمىسا، بىلىش پائالىيىتى — ھەرىكىتىدىن بولىدۇ. مۇبادا ئەگەر ئۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن بولسا، ئۇ ھالدا يا ئىستىقرا (ئىندۇكتىۋ)[1] بولىدۇ، ياكى بولمىسا، مۇلاھىزە تەمسىلى (ئانالوگىيە)[2] بىلەن بولىدۇ. تەمسىل بولسا، كۆپىنچە شېئىر سەنئىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئايان بولۇشىچە، شېئىرىي مۇلاھىزە تەمسىل — ئانالوگىيىگە كىرىدۇ.

قىياسلارمۇ ئومۇمەن ئالغاندا، مۇلاھىزىلەرمۇ باشقا تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى مۇمكىن. ئېيتىشلىرىچە، مۇلاھىزىلەر يا پۈتۈنلەي

① [ئىستىقرا (ئىندۇكتىۋ) مېتود — بەلگىلىك ئايرىم پاكىت ۋە ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئاساسىدا ئومۇمىي قائىدە ۋە قانۇنلار چىقىرىشتا قوللىنىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلى].

② [ئانالوگىيە — قىياس قىلماق، تەققاسلىماق].

راست، ياكى بولمىسا پۈتۈنلەي يالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. يا بۇنىڭ تەتۈرى ياكى توغرا ۋە يالغان مەئىيار (ساپلىق ئۆلچىمى — ت) دە باب ـ باراۋەر بولۇشى مۇمكىن. پۈتكۈل راست مۇلاھىزە ھېچ سۆزسىز بورھانىي (ئىسپاتلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ پۈتۈنلەي راست تەرىپى كۆپرەك بولسا، ئۇ ھالدا مۇنازىرە — دىئالېكتىك بولىدۇ. ھالبۇكى راست ۋە يالغان ئىككىسى باراۋەر بولۇپ قالغاندەك بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ، خىتابى — رىتورىك[①] بولىدۇ. راست پۈتۈنلەي كېمىيىپ بېرىۋەرسە، ئۇ چاغدا سۇپاستىۋىي — سوفىستىك بولىدۇ. پۈتۈنلەي يالغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ھېچ شۈبھىسىز، شېئىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىسىملارغا بۆلۈنۈشتىن كۆرۈنۈشچە، شېئىرى مۇلاھىزە نە ئىسپاتلىق، نە دىئالېكتىك، نە خىتابى — رىتورىك ۋە نە سوفىستىك ئەمەس دېيىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سولۇژىس موس[②] — سىللوگىزىمغا[③]، ياكى ئۇنىڭغا «قارام بولغان نەۋلەر» نىڭ بىرىگە (مۇئەللىپ نەۋ سوزىنى تۈر، ژانىر ئورنىدا ئالغان — ت) بېرىپ تاقىلىدۇ، يەنى «قارام بولغان نەۋلەر» دېيىشىمدىن كۆزلىگەن مەقسىتىم ئىستىقرا ئىندۇكسىيە، مىسال — ئانالوگىيە، پاراسەت (ئىنتوئىتسىيە) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار مەنتىقى — قۇۋۋىتىدە ئاشۇ قىياس — سىللوگىزمنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نەرسىلەرنى تەرىپلەپ بەرگەندىلىرىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەمدى بىز شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنىڭ نەۋ (تۈر) لەرگە قانداق بۆلۈنۈشلىرىنى تەرىپلەپ بېرىشىمىز كېرەك.

---

① [خىتابى — رىتورىك: رىتورىكا ئىككى مەنىدە كېلىدۇ، بىرىنچىسى، ناتىقلىق سەنئىتى، ئىككىنچىسى، قۇرۇق دەبدەبىلىك نۇتۇق].

② سولۇژىس موس — ئەسلى يۇنانچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى — ھېسابلاش، قىياسى سىللوگىزم دەپ ئاتىلىدۇ. فارابى دەۋرىدە يۇنانچە مەنتىق ئىستىلاھ (ئاتالغۇ) لىرى ۋە پەلسەپە تېرمىنلىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن فارابى ئۆز ئەسەرلىرىدە يۇنانچە ئاتالغۇلارنى ئاز ئىشلەتكەن.

③ [سىللوگىزم — لوگىكىدا ئىككى پىكىرنى بىر ـ بىرىگە تەققاسلاپ ئۇلارنىڭ نەتىجىسى بولغان ئۈچىنچى پىكىرنى چىقىرىش].

شېئىرىي مۇلاھىزىلەرگە كەلگەندە بىز ساڭا ئېيتساق، يا ۋەزىنلەرگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، ياكى بولمىسا مەنىلەرگە قاراپ بۆلۈنىدۇ.

ئەمما، ۋەزىنلەرگە قاراپ بۆلۈنۈشلەرگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىنكىسىگە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، مۇسقار — مۇزىكانت ۋە ئارۇزچىلارغا تېگىشلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇلاھىزىلەر (يەنى شېئىرىي سۆزلەر — ف) قايسى تىلدا بولغىنى ۋە مۇزىكانتنىڭ قايسى تائىپىدىن چىققىنىغا باغلىق.

ئەمما، شېئىرنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئىلمىي جەھەتتىن نەۋلەرگە تەقسىم قىلىشقا كەلسەك (152 ـ بەت)، بۇ ھەربىر خەلق ۋە تائىپىدىكى رەمزىلەر[1] نى بىلگۈچى ۋە شېئىرلارنى شەرھلىگۈچىسىگە، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى نازارەت قىلىنىدۇ. بۇ خۇددى ھازىرقى زامانىمىزدا پارس ۋە ئەرەب شېئىرىيىتى ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ ساھەدە كىتابلار تەسنىپ قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار شېئىرلارنى تۈرلۈك خىللارغا، شۇنداقلا، ھەجۋىيە (ساتىرا)، مەدھىيە، مۇفاخەرە، لۇغەز — تېپىشماقلىق شېئىر، كۈلكىلىك (كومېك)، غەزەلىيەت، ۋەسفىي[2] شېئىر ھەمدە كىتابلاردا تېپىلىشى قىيىن بولمىغان باشقا خىللارغا بۆلۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇلارنى يېزىپ قويغانلىقى بۇ ھەقتە بىزنى مۇپەسسەل ئەسلەش ۋە گەپنى سوزۇپ ئولتۇرۇشتىن قۇتقۇزىدۇ.

كېلىڭلار، ئەمدى باشقا مەسىلىلەرگە ئۆتەيلۇق. ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۆتمۇش ۋە ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى شېئىرلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ۋەزىنلىرىنى ئايرىلاشتۇرۇپ تاشلىغان. ئۇلار شېئىرىيەتتە مەۋجۇت بولغان تۈرلەرنىڭ ھەربىرىگە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ مەخسۇس ۋەزىن بەلگىلەپ چىقىشمىغان. بۇ ھالەتتە پەقەت يۇنانلارلا خالىي، خالاس. ئۇلار شېئىر تۈرلىرىنىڭ ھەربىرىگە مەخسۇس ۋەزىن تۈرلىرىنى بەلگىلەپ چىققان. ھالبۇكى مەدھىيىلەر ۋەزنى، ھەجۋىيلەر ۋەزنىدىن تامامەن باشقىچە؛ ھەجۋىيلەر ۋەزنى بولسا كۈلكە-

① [رەمزە — ئىما، ئىشارەت ياكى كېلىشىۋېلىپ ئىشلىتىلىدىغان يوشۇرۇن بەلگە.]
② [ۋەسىف — تەرىپلەش، ماختاش.]

لىك — كومېدىيىلەر ۋەزنىدىن پۈتۈنلەي پەرق قىلىدۇ، باشقا ۋەزنىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق.

ئەمما باشقا خەلق ۋە تائىپىلەردە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەدھىيىلەر، ھەجۋىيىلەر كۈيلىنىدىغان كۆپ ۋەزنىلەردىمۇ كۈيلىنىدۇ. بۇنىڭدا يا پۈتۈنلەي مەدھىيە ۋەزنىدە ھەجۋىيە ئېيتىلىدۇ ياكى پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ كۆپرەك ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلار چېگرىنى خۇددى يۇنانلار قويغاندەك تولىمۇ قەتئىي قويۇشمىغان.

بىز بۇ يەردە خۇددى ھېكىم ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ شېئىر سەنئىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدە ساناپ ئۆتكىنىدەك، يۇنانلىقلار شېئىرلىرى تۈرلىرىنى ساناپ ئۆتىمىز؛ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ خىلىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەمدى بىز ساڭا ئېيتساق، يۇنان شېئىرىيىتى مەن تۆۋەندە ساناپ ئۆتىدىغان نەۋ[1] لەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار شۇلاردىن ئىبارەت[2]: تراگېدىيە (تىراغۇزىيە)، دىفىرامبى (دىسىرامبى)، كومېدىيە (قومۇزىيە)، يومبى (ئيومبۇ)، دراما (دراماتو)، ئەينى، دىئاگراما[3] (دىئاگراما)، ساتىرا (سوتورا) (153 ـ بەت)، پوئېما[4]، ئېپوس[5]، رىتورىكا (رىتورىي)، ئەفىزۇنوسوئۇس[6] ۋە

① مەتىندە: «نەۋ» (تۈر)، كۆپلىكى «ئەنۋا» (تۈرلەر) كەلگەن. لېكىن فارابى «نەۋ» (تۈر) ئاتالغۇسىنى كۆپرەك ھازىرقى ئىستېمالىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان «ژانىر» سۆزى ئورنىغا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىياتتا قىلغان كىلاسسىفىكاتسىيە (تۈركۈملەرگە بۆلۈش) سىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. لېكىن ژانىرنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەنىسى بىلەن ھازىرقىسىنىڭ پەرقى تامامەن باشقىچە بولۇپ، «ۋەزنى» مۇ ژانىر مەنىسىدە كەلگەن.

② بۇ تېرمىنلەر يۇنان تىلىدا ئىشلىتىلگەچكە، مەتىندە تىرناق ئىچىدىكىدەك ئېلىنغان.

③ دىئاگراما — بەدەۋى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرھلەشتە، ماركىلىئوسقا ھاۋالە قىلىپ، «ئادالەتلىك ئىشلار» دېگەن مەنىگە توغرا كېلىدىغان يۇنان تېرمىنىنى كەلتۈرىدۇ.

④ پوئېما — مەتىندە «فىيۇموتۇ، پوئىمۇتا — «كىچىك شېئىرلار». ھازىرقى تەلەپپۇزىمىزدا «پوئىما».

⑤ ئېپوس — ئەرەب تىلىدىكى «افىقى» سۆزىنىڭ ئالدىنقى ھەرپى «ا» (ئېلىپ) يەنى «ئا» نى «ئى» دەپ ئوقۇساق، «ئىفىقى» بولىدۇ. ئەگەر «ئە» ئوقۇساق، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان بىزگە يېقىن «ئەفىقى» يەنى «ئېپىك» دېگەن سۆز كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا «ئېپوس» شەكلىگە كەلگەن.

⑥ ئەفىزۇنوسوئۇس — ئارتور ئاربېررى بۇ سۆزنى ئامپىگمىنزىسىدىن چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ «زوكاۋتەيىن» (ئىككى بارلىق ئىكسى) دېگەن مەنىگە ياتىدۇ. بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى بەدەۋى ماقۇللىمايدۇ ۋە «بۇ ئورۇنلۇق ئەمەس» دەيدۇ.

بەدەۋىنىڭ پىكرىچە، بۇ نەۋ شېئىر، تەبىئەتشۇناسلاردىن چىققان. ئۇلار بۇنى تەبىئىي ئىلىملەرنى تەرىپلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. شۇ سەۋەبتىن بەدەۋى بۇ تېرمىننى ئەفىزۇنوسوئۇس — بارلىق ۋە تەبىئەتكە تەئەللۇق، شۇنىڭدىلا خاس نەۋ بولۇشى كېرەك، — دەيدۇ.

ئاكوستىكا① .

ئەمما تراگېدىيىگە كەلسەك، ئۇ شېئىرنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى ئۆزى ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇغان كىشى ھۇزۇرلىنىدۇ. تراگېدىيىلەردە باشقىلارغا مىسال (ئۆرنەك) بولالايدىغان ياخشىلىقلار ۋە ماختىلىدىغان پېئىل ـ خاراكتېرلار تىلغا ئېلىنىدۇ؛ بۇ ۋەزىندە شەھەرنى باشقۇرغۇچى ھۆكۈمدارلار مەدھىيىلىنىدۇ. مۇزىكىچىلار، پادىشاھلار ئالدىدا شۇ تراگېدىيە ۋەزىندە كۈيلىشىدۇ. مۇبادا بىرەر پادىشاھ ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، تراگېدىيە قىسىم ـ بۆلەكلىرىگە باشقا قوشۇمچە نەغمىلەر قوشۇپ، ئەشۇ ئۆلگەن پادىشاھقا ئاتاپ نەۋھە** — مەرسىيىلەر ئوقۇشقان.

ئەمما، دىفىرامبىغا كەلسەك، ئۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزنى تراگېدىيە ۋەزنىدىن ئىككى باراۋەر چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ماختىلىدىغان بارلىق خۇلق ـ مىجەزلەر، ئىنسانىي پەزىلەتلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. دىفىرامبىدا مەلۇم بىر پادىشاھ ياكى كىشىنى مەدھىيىلەش مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ياخشىلىقلار زىكىر قىلىنىدۇ.

ئەمما، كومېدىيىگە كەلسەك، بۇ شېئىرىيەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ مەلۇم ۋەزنى بولىدۇ. ئۇنىڭدا يامان خۇلق ـ مىجەزلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئەخلاقلىرىدا قارىلىنىدىغان ۋە خوش كۆرۈلمىگەن تەبىئەتلەر ھەجۋىي قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ بۆلەكلىرىگە ئاھاڭ ـ نەغمىلەر قوشۇلۇپ، ئۇلاردىمۇ قارىلىنىدىغان خۇلق ـ مىجەزلەر ئەسلىنىدۇ. بۇ ئەسلەنگەن خۇلق ـ مىجەزلەردە ئىنسان، ھايۋان ۋە ئىككىسىگە ئالاقىدار بولغان خۇنۈك شەكىل ـ تىمساللار*** ئىشتىراك قىلىدۇ (154 ـ بەت).

---

① ئاكوستىكا — مەتىندە «ئاقوستىقى».
** [نەۋھە — ئۈن تارتىپ يىغلىماق، نالە قىلماق.]
*** [تىمسال — ئوخشاشلىق.]

ئەمما، يامبى ھەم شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەلۇم ۋەزنى بولىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ مەشھۇر مۇلاھىزىلەر ئەسلىنىدۇ. ئەمما كۆيلىنىدىغان نەرسىلەر خۇش پېئىل بولۇشى ياكى بەت پېئىل بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەربىر. لېكىن شۇ بىر تەرىپى باركى، بۇ مىسالى بىر زەر بۇل مەسەل ـ ماقالىلەردەك مەشھۇر بولۇشى شەرت. شېئىرىيەتنىڭ بۇ نەۋى تارتىشىش، ئۇرۇش ـ جاڭجال، غەزەپ ۋە غىجىنغان پەيتلەردە ئوقۇلىدىغان شېئىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەمما، دىرامىغا كەلسەك، ئۇمۇ خۇددى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش، شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ: پەقەت بۇندا مەلۇم كىشىلەر ۋە مەلۇم شەخسلەر توغرىسىدا مەشھۇر بولغان مەسەل ۋە نەقىللەر① تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەمما، «ئەينى» گە كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ نەۋلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىنى خۇرسەن قىلىدىغان مۇلاھىزىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق تەرىپىمۇ باركى، بۇلار ياكى ماھارەتنىڭ زورلۇقىدىن ياكى غايەت گۈزەل يېزىلغانلىقىدىن ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ.

ئەمما، دىئاگرامىمىغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، بۇنى قانۇنشۇناسلار ئىنسان خۇلقىنى تۈزىتىش ھەمدە تەربىيىلەش مۇشكۇل بولغان تەقدىردە ئۇنىڭغا شېئىر يېزىپ، كىمكى قانۇن ـ قائىدىگە رىئايە قىلماس ئىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، دەپ قورقىتىش ۋە روھىنى دەھشەتكە سېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

ئەمما، ئېپىكا ۋە رىتورىكىغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ

---

① مەتىندە ئەل ـ ئەمسال ۋال ئاقوۋىل — ماقۇل ۋە مۇلاھىزىلەر تەرىزىدە كەلگەن. بۇ يەردە دىرامىغا ئاساس بولىدىغان نەرسە ماقۇل ئەمەس، بەلكى مەسەلگە ئايلانغان ۋەقە بولۇشى كېرەك. «ئاقاۋىلنى» بىز يۇقىرىدا مۇلاھىزە دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلغانىدۇق. لېكىن بۇ يەردە ئۇ مەنىگە ماس كەلمەيدۇ. دىرامىغا سۇژىتى ئاساس بولىدىغان نەرسە يا ئەپسانە، يا چۆچەك بولۇشى كېرەك. «ئاقاۋىل» نىڭ ئەسلى مەنىسى قەۋۋللار — گەپلەر بۇنىڭغا ماس چۈشىدۇ. شۇ جەھەتتىن بۇ يەردە «مەسەل ۋە نەقىل» دەپ ئالدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر نەۋى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرى ئۆتكەن سىياسىي ۋە قانۇنىي تەرتىپ ـ قائىدىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ بۇ نەۋىد پادىشاھلارنىڭ خۇلق — ئېتىبارى، ئۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر، ئۇ-نىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلىق بولغان ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنى-دۇ.

ئەمما شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ساتىرامۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى بولىدۇ. بۇ نەۋدىكى شېئىرلارنى مۇزىكىچى ئالىملار ياراتقان. ئۇلار ئۆز كۈيلىرى بىلەن تۆت ئاياغلىق ھايۋان، گۇمۇمەن ئالغاندا جىمىكى ھايۋان زاتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭغا بۇ ھايۋانلار ئۆزلە-رىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەتلىرىدىن بىرئاز چەتكە چىققان بولۇپ (مەلۇم قىلىقلارنى قىلىش بىلەن) ئادەملەرنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

ئەمما، فىيۇموتۇ (پوئىما) غا كەلسەك، بۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، بۇنىڭدا (باشقا نەۋلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا) ياخشى ـ يامان، تۈز ۋە ئەگرى ھەرخىل سۈپەتلەر كۈيلىنىدۇ، تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ھەربىر شېئىر نەۋلىرىدە گۈزەل ۋە ياخشى، قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلاردىن ئىبارەت بولغان ۋەقەلەر ئىپادىلىنىدۇ (155 ـ بەت).

ئەمما ئېفژونوسقا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتتىكى نەۋلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنى تەبىئەتشۇناسلار ياراتقان. ئۇلار بۇنىڭدا تەبىئىي ئىلىملەرنى ماختىغان (سۈپەتلىگەن). شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئۇزاق تارىخلىق سانالغان نەۋ مانا شۇ شېئىرنەۋى ھېسابلى-نىدۇ.

ئەمما، ئاكوستىكاغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىر تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نەۋ ئارقىلىق مۇزىكا سەنئىتى ئۆگىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى شېئىر پەقەت شۇنىڭغىلا خاس، خالاس. باشقا باب ـ ئورۇنلاردا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلمايدۇ. يۇنان شېئىرىيىتىنى ياخشى بىلگەن كىشىلەردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇپەسسەل

خەۋەرلەرگە ئاساسەن، ھېكىم ئارىستوتېلغا نىسبەت قىلىنغان شېئىر سەنئىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردىن ھەمدە توماس تىيۇس (تېمىستىي) بىلەن ئىككىدىن تاشقىرى يۇنان كىتابلىرىنى شەرھلىگۈچى قەدىمكى ئالىملار ئەسەرلىرىدىن يۇنان شېئىرىيىتى تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى ھەققىدە تاپقان گەپلىرىمىز مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بىز ئۇلارنىڭ بەزى مۇلاھىزىلىرىدىن تاپقانلىرىمىزغا قارىغاندا، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ مەنالارنى ئۇلاپ قويغان. بىز ئۇلارنى قانداق ئۇچراتقان بولساق، شۇنداق ھالدا ئەسلەپ ئۆتىمىز.

ئەمدى بىز ساڭا ئېيتساق، شائىرلار ھەقىقەتەنمۇ تۇغما قابىلىيەتلىك ۋە شېئىر يېزىشقا تەييار تەبىئەتلىك كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشبىھ* ۋە تەمسىلگە لاياقىتى ياخشى ئىشلەيدىغان بولىدۇ. بۇ خىل شائىرلار يا شېئىر نەۋئىنىڭ كۆپ تۈردە ياكى بولمىسا بىر تۈردە ئىجاد قىلىشقا لاياقەتلىك بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل شائىرلار شېئىر سەنئىتىدىن كېرەك بولغىنىچە خەۋەردار بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلار تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ ياخشىلىقى بىلەنلا قانائەت قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى مۆلچەرلىگەن ھازىرلىقلىرىغا كۆرە ئىش تۇتۇشىدۇ. مۇنداق شائىرلار راستىنلا مۇسەلجىس (مۇلاھىزىچى) شائىرلاردىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا شېئىر سەنئىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كامالىتى يېتىشمەيدۇ ۋە بۇ سەنئەتتە مۇقىملىق بولمايدۇ. كىمكى ئۇنداق كىشىنىڭ شېئىرىنى كۆرۈپ، ئۇ قابىلىيەتلىك ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلىغان بولسا، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ پېئىل - ئىتىبارىدا شائىرلارغا خاس بولغان تۈرق - كۆرۈنۈش مەۋجۇتلۇقىدىنلا شۇنداق مۇلاھىزىگە كېلىنگەن (156 - بەت) ياكى بولمىسا بۇ خىل ئادەملەر راستىنلا شائىرلار سەنئىتىنى ئىگىلىگەن

* [تەشبىھ — ئوخشىتىش]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇشىدۇ. ھەتتا شېئىر ئىجادىغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەردىن بىرەرسىمۇ — ئۇ، قايسى شېئىر تۈرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسۇن، بەرىبىر، بۇ قانۇن ـ قائىدىلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار شېئىرىيەت سەنئىتىدە قوللىنىدىغان تەشبىھ ۋە تەمسىللەرنى تولىمۇ ماھارەت بىلەن ئىشلىتىدۇ، مۇنداق شائىرلار ھەقىقەتەنمۇ قابىلىيەتلىك شائىرلار دېيىشكە مۇناسىپتۇر.

ياكى بولغۇسى شائىرلار ئاشۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئاۋۋالقى ئىككى تەبىقە شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ پېشىللىرىغا* تەقلىد قىلغۇچىلار بولىدۇ. بۇلار ئاشۇ ئاۋۋالقى ئىككىلا تەبىقە شائىرلار يولى — ئىجادىنى يادلايدۇ. بۇ تۈردىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىدە تۇغما شېئىرىي تەبىئەت بولمىغان ھالدا، شېئىردىي ـ سەنئەت، قانۇن ـ قائىدىلىرىدىن خەۋەردار بولماي تۈرلۈپ تەشبىھ (ئوخشىتىش) ۋە تەمسىل قاتارلىقلار كەينىدىن بارىدۇ. يولدىن ئادىشىدىغان ۋە تېيىلىپ كېتىدىغان شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى خۇددى مانا شۇنداق تەبىقە شائىرلار ئىچىدىن چىقىدۇ.

ئەمدى بىز ساڭا ئېيتساق، ئاشۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۈچ تائىپە شائىرلارنىڭ ھەربىرى ئىجادچانلىقتا يا تەبىئىيلىك ياكى مەجبۇرىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق دېيىشتىن كۆزلىگەن مەقسىتىم شۇكى، بىر شائىر كۆپىنچە مەدھىيىگە ۋە ياكى بىر ياخشى سۆز ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ۋەزىيەت بەزىدە ئۇنىڭدىن ھەجۋىي ۋە باشقا تۈردە شېئىر ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىپمۇ قويىدۇ. ئېيتايلۇق، بىر شائىر شېئىرىيەت نەۋلىرىنىڭ مەلۇم بىر نەۋىدە ئىجاد قىلىش سەنئىتىنى تاللىۋالغان ۋە ئۆزىنى شۇ خىلدىلا شېئىر يېزىشقا ئادەتلەندۈرگەن بولسا، بەزى ھاللاردا تاللىۋالمىغان تۈرلەردىمۇ شېئىر ئىجاد قىلىشقا توغرى كېلىدۇ،

* [مەتىندە «ئەف ئەلھا» (پېشىللىرى) دېيىلگەن. فارابى بۇنىڭ بىلەن شائىرلىق پائالىيىتى (شېئىرىي ئىجادىيەت) نى ئېيتماقچى بولسا كېرەك.]

بۇ بولسا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزى ئىجاد قىلىشقا ئادەتلەنگەن شېئىر تۈرىگە نىسبەتەن باشقا بىر نەۋدە مەجبۇريي يېزىلغان شېئىر بولىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەت يا ئىچكى يا تاشقى سەۋەبلەر بىلەن بولىدۇ، ئەمما شائىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇغما شائىر بولغىنى سانىلىدۇ.

ئاخىرىدا شائىرلارنىڭ شېئىر ئىجاد قىلىش جەھەتتىكى ئەھۋالى كامالەتكە يېتىشكىنى ۋە يېتىشمىگىنى جەھەتتىن تۈرلۈكچە بولىدۇ. بۇ بولسا يا غايە جەھەتتىن، ياكى بولمىسا ماۋزۇ جەھەتتىن شۇنداق بولىدۇ.

ئەمما، غايە جەھەتتىن ئالغان تەقدىرىمىزدە، ئۇلار شېئىرغا بەزىدە ياردەم بەرسىمۇ، بەزىدە ياردەم بېرەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭغا بەزىدە روھىي (نەپسانى) كەيپىياتلار سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدا يا روھىي كەيپىياتلار ئۇستۇن كېلىدۇ، ياكى بولمىسا بەزىدە ئۆزى بۇنىڭغا بولغان موھتاجلىقتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ پەسىيىپ كېتىدۇ.

ئەمما، بۇ بابتىكى تەكشۈرۈشلىرىمىزدىن مەقسەت، بۇ مەسىلىنىڭ يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە ئىنچىكىلەپ ئېنىقلاشتىن ئىبارەت ئەمەس. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاق ۋە روھىي كەيپىياتلار تەرىپى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىنسان روھىغا ئالاھىدە تەسىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلاردا بولۇشىغىچە بايان قىلىنغان (157 - بەت).

ئەمما، ماۋزۇ جەھەتتىن ئالغان تەقدىردە كۆپىنچە بىرى ئىككىنچىسىگە ئوخشايدىغان ئىككى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقى بولىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ يېقىنلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلاردا شائىرنىڭ يېتىلگەن ۋە يېتىلگەن ئەمەسلىكى ھەققىدىكى مۇلاھىزە ئەنە شۇ ئوخشىتىشنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن ياكى يىراقلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

بەزىدە شۇنداقلىرىمۇ بولىدۇكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىرمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئاجايىپ شېئىر يارىتىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ ساھەدە بولغانلارمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان نەرسە (شېئىر) يارىتالماسلىقىمۇ مۇمكىن. لېكىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنىڭغا سەۋەب بەخت ۋە تاسادىپىنىڭ توغرا كېلىشىدىن بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق كىشى (قانچىلىك ئاجايىپ شېئىر يازغان بولمىسۇن) بۇ يازغان شېئىرى بىلەن ئۇ، مۇلاھىزىچى شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولالمايدۇ. ئوخشىتىش دەرىجىلىرى ئۆزىنىڭ ئوخشىتىشلىرىغا كۆرە تۈرلۈكچە بولۇشى مۇمكىن. شۇ جەھەتتىن قارىغىنىمىزدا ئوخشىتىشنىڭ يېقىن ۋە مۇناسىپ بولۇشى ماۋزۇغىمۇ باغلىق؛ ياكى بولمىسا شائىرنىڭ بۇ سەنئەتتىكى ماھارىتىگىمۇ باغلىق، ھەتتا شۇنداق ئۇستا شائىرلار بىر - بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى نەرسىنى، مۇلاھىزىلەرنى كۆچەيتىش بىلەن بىر - بىرىگە مۇۋاپىقتەك قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ، شائىرلارغا يوشۇرۇن ئەھۋال ئەمەس، شۇ جۈملىدىن شائىرلار «ئا» بىلەن «ب» نى ۋە «ب» بىلەن «ژ» نى بىر - بىرىگە ئوخشىتىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە «ئا» بىلەن «ب» ئوتتۇرىسىدا يېقىن ۋە مۇناسىپ ھالدا مەلۇم بولغان ئوخشاشلىق بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، «ب» بىلەن «ژ» ئوتتۇرىسىدىمۇ يېقىن، مۇناسىپ ھالدا مەلۇم بولغان ئوخشاشلىق بار. ئۇلار سۆز مەنىسىنى ئاشۇ تەرەپكە بۇراپ، ھەتتا سامىئى (ئاڭلىغۇچى) ۋە مۇنشىد (ئوقۇپ بەرگۈچى) لەرنىڭ پىكىر - زىكرىنى، گەرچە ئۇلار ئارىسى يىراق بولسىمۇ، «ئا» بىلەن «ب» ۋە «ب» بىلەن «ژ» ئوتتۇرىسىدا بولغان ئوخشاشلىقتىن ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇشىدۇ[1].

① بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن ھەرپلەر ئارقىلىق فارابى شېئىر مىسرالىرى ۋە ئۇلارنىڭ قاپىيداشلىقىنى ئىپتىماقچى بولسا كېرەك.

سەنئەتتە شائىرلىقنىڭ تاللىنىشى ئادەمدە ناھايىتى زور بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى ھازىرقى زاماندىكى[1] بەزىبىر شائىرلار قىلمىشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇنداقكى، ئەگەر بىر سۆزنى شېئىردىكى بېيىتكە قاپىيداش قىلىپ قويۇپ، ئالدىنقى بېيىتىدە لازىم بولغان نەرسىلەرنى ياكى تەسۋىرلەش نىيىتىدە بولغان نەرسىلەرنى يېزىۋالسا، ئۇ ھالەتتە ئادەمدە ناھايىتىمۇ ئاجايىپ ھۇزۇر بەخش ھالەت پەيدا بولىدۇ.

بىز يەنە شۇنداق دەيمىز: بۇ سەنئەت ئەھلى بىلەن (ئۆيگە) نەقىش بەرگۈچى رەسسام سەنئەتتى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر مۇناسىۋەت بار. بۇلار ئىككىسىنىڭ سەنئەتىدىكى مەۋجۇدىئاسى تۈرلۈك - تۈمەن بولسىمۇ، ئەمما شەكلىدە، يارىتىلىش ۋە مەقسەتلىرىدە بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ ياكى ئېيتايلۇق، ئاشۇ ئىككىلا يارىتىلغان نەرسىدە ئۇلارنىڭ شەكىللىرىدە ۋە مەقسەتلىرىدە بىر - بىرىگە مۇۋازىنەت ئوخشاشلىق بار. بۇ شۇنداقكى (158 - بەت) شېئىر سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسىلەر سۆز - مۇلاھىزىلەر بولسا، رەسساملار سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسە — بوياقلار ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئەمما ئىككىلىسىمۇ، ئادەملەر تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە بىر مەقسەتكە تەقلىد قىلىشقا يۆنەلگەن بولىدۇ.

شائىرلار سەنئىتى ئىلمىنى ئۆگەنگۈچىلەر پايدىلىنىدىغان ئومۇمىي قانۇن - قائىدىلەر مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ قانۇنلارنىڭ كۆپىنى (ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن) تەكشۈرۈپ چىقىپ، مۇلاھىزىلەر بىلدۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن مۇنداق سەنئەت ساھەسىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتەك ئىش ئىنسانىي سەنئەتنىڭ بىر تۈرىدە بىر تەرەپلىمە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشقا كىرگۈزۈپ قويۇشى ھەمدە باشقا خىللار ۋە قاراشلاردىن

[1] فارابى زامانى، يەنى 10 - ئەسىر نەزەردە تۇتۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈز ئۆرۈشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

شۇ سەۋەبتىن، بۇ ساھەدە ئېيتىپ ئۆتكەن مۇلاھىزىلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر نەرسىنى ھەل قىلىپمۇ بېرەلمەيدۇ.

**(شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئەل ـ فارابى يازغان رىسالە تۈگىدى)**

# شېئىر كىتابى*

## ئەبۇ ناسىر فارابى

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەخمۇت زەيدى)

بىز شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولغان كۆپلىگەن خەلقلەرگە قارىغاندا، ئەرەبلەر ئۆز شېئىرلىرىدا بېيىتلارنىڭ ئاخىرىغا كۆپرەك ئېتىبار قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەرەب بېيىتلىرى مەلۇم بىر ئۆلچەمدىكى چەكلىك سۆزلەر بىلەنلا مۇكەممەل ۋە گۈزەل بولىدۇ. بۇ ھال ئۇلاردا كەم قوللىنىدىغان ياكى بولمىسا، كۆپچىلىك ئارىسىدا مەشھۇر بولغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەن يۈز بېرىدۇ. مەزكۇر بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشىنىلىدىغان مەنىلەر مۇشۇ سۆز بېرىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە ئوخشايدىغان — تەقلىدىي بولۇشى كېرەك. شۇنىسىمۇ باركى، ئۇ يەردە ئىشلىتىدىغان ئىبارىلەر رىتىملىق، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى كېرەك. ھەتتا ئۇنىڭدىكى ھەربىر رىتىم، تۇراق، سەۋەب، ۋەقەلەر② سانىمۇ چېگرىلىنىشى زۆرۈر.

شېئىرنىڭ ھەربىر ۋەزنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرى

* بۇ يەردە ئېيتىلغان كىتاب سۆزى ھازىرقى چۈشەنچىمىزدىكى رىسالە، ماقالە (توم مەنىسى بىلەن پۈتۈك) دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ براتىسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىسى فارابىنىڭ مەنتىق (لوگىكا) گە ئائىت باشقا ئەسەرلىرى مەجمۇئەسىنىڭ «ب» — 271 ـ ۋارىقىدىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاراق رەقەملىرى مەتنىدە (ئەسلىي نۇسخا دېگەن مەنىدە) تىرناق ئىچىدە كېلىدۇ ۋە رەقەم باشلانغان جايدىن تارتىپ تۆۋەنكى قىسمى شۇ ۋاراققا مەنسۇپ. بۇ ئەسەر مەتىن قولىيازمىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بەت ئەمەس، بەلكى ۋاراق بولىدۇ. ئادەتتە، ۋاراقنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقىسى بولۇپ، ئىلمىي ئەدەبىياتتا بۇ «ئا» بىلەن «ب» ۋاراققا ئايرىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ۋاراقنى بىلدۈرىدىغان رەقەملەر يېنىدا «ئا» ۋە «ب» ھەرپلىرى يېزىلغان.

② ئارۇزدا ھەرىكەتلىك ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەر سەۋەب (كۆپلۈكى ئەسباب)، ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەر ۋاتەد (كۆپلۈكى ئاۋتەد) دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ يەردە «تۇراق» ئورنىدا كەلگەن ئەرەبچە «سالاھىيەت» سۆزى فارابى ئارۇزدىكى «فاسىلە» نى ئېيتماقچى بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرتىپىنىڭ مۇئەييەن چېگرىسى بولىدۇ. شېئىر بېيىتلىرىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىن ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭداش بولۇشى كېرەك. نەتىجىدە مانا شۇ يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىنسىلا، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلەكلىرى ئوقۇلۇش پەيتىدە بىر ـ بىرىگە باراۋەر ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ ھەم سىلىق چىقىدۇ. ھەربىر ۋەزىندە ئىشلىتىلىدىغان بېيىت سۆزلەرنىڭمۇ مەلۇم بىر تەرتىپى، چېگرىسى بار. مۇنداق بېيىت سۆزلىرىنىڭ ئاخىرلىرىمۇ چەكلەنگەن[①] . يا تاۋۇشلار خۇددى ئۆزىدىكىدەك ياكى ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا باراۋەر كېلىدىغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك[②] .

بېيىتلاردىكى سۆزلەرمۇ، گەپ نېمە ھەققىدە كېتىۋاتقان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشىتىش تەرزىدە ئىپادىلىنىشى لازىم[③] . شۇنىڭ بىلەن بىللە بېيىتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاھاڭداش بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

بەزى خەلقلەردە ئالدىن نەغمە ـ كۈي يارىتىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ھەم ئاھاڭ قىلىپ، شېئىر باغلىنىدۇ. بۇ چاغدا شېئىرنىڭ بۆلەكلىرى كۈيگە باغلانغىنى ئۇقتىئىنەزىرىدىن خۇددى بەزى

① بۇنىڭدا فارابى شېئىر مىسرالىرىدا تۇراقنىڭ ئارتىپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك.

② بۇ يەردە فارابى شېئىرلارنىڭ ئاخىرى بىرىنچى مىسرادا قانداق كەلگەن بولسا، ئىككىنچىسىمۇ شۇنداق كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتماقچى. بۇنىڭ بىلەن فارابى قاپىيەداش سۆزلەرنى نەزەردە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھاللاردا مىسرا ئاخىرىدىكى ھەرپلەر، تاۋۇشلار دائىما بىر خىل كېلىدۇ. بۇنىڭدا بولۇپمۇ، ئاخىرقى بوغۇملار شۇنداق بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقى بوغۇملار ئاھاڭدار ھەرپ ياكى سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

③ بۇ يەردە مەتىندە مۇھاكىي — تەقلىد قىلىش، ئەگىشىش دېگەن مەنىمۇ ئوقۇلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىدە تەبىئەتتىكى ھەربىر نەرسىنىڭ ئاڭدىكى ئەكس تەسىرى ئىپادىسىگە تەقلىد دەپ قارالغان. ھەربىر پەيلاسوپ ياكى شائىر تەبىئەتتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ ئەكسىنى، سۈرەت، شەكلىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، شۇ سەۋەبتىن، ئۇ تەبىئەتتىكى ۋەقەلەرگە نىسبەتەن تەقلىدچى ھېسابلانغان. لېكىن بۇ يەردە مۇئەللىپ ئەدەبىياتتىكى تەشبىھ ـ ئوخشىتىشنى ئېيتماقچى بولىدۇ. چۈنكى، ھاياتتىكى ھەربىر ۋەقەگە ئەدەبىياتتا ئوخشاتما قىلىنسىلا ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلىدۇ. يەنى گۈزەل بولىدۇ. بۇنى بىز ھازىرقى تىلىمىزدا «ئوبراز» دەپ چۈشىنىمىز. شۇنداق دېيىلسە، فارابى تەلقىنى ئىپادىلەنگەندەك بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىياتنى بەدىئىي ئوبرازسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەربىر ۋەقە ئوبراز ئارقىلىقلا ئوقۇغۇچىغا بىرىپ يېتىدۇ. شۇ ئوبرازلىق چۈشەنچىلەر ئارقىلىق باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنى ياخشى چۈشىنىشىمىز، ئۇنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلىشىمىز ۋە ئىپادىلەپ بېرىشىمىز مۇمكىن. ئىنسان شۇ ئوبرازلار ئارقىلىق مەلۇم بىر چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق چۈشىنىش ئاسان تۇيۇلىدۇ.

بىر ھەرپ - تاۋۇشلارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئەگەر شېئىرنىڭ① مەلۇم قىسمىغا ئاھاڭ باغلانماي قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ۋەزىن بۇزۇلىدۇ. بۇ خۇددى شېئىردا ھەرپلەرنىڭ بىرەرسى چۈشۈپ قالغان تەقدىردە ۋەزىنىنىڭ بۇزۇلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بەزى خەلقلەردە، ئەرەبلەر شېئىرلارنى كۈيگە سالغىنىغا ئوخشاش، ئۆز شېئىرلىرىغا كۈي باغلىمايدۇ (ئا - 272). لېكىن شېئىر پەقەت بوغۇملاردىنلا تۈزۈلىدۇ، خالاس. بۇ، خۇددى ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ھالەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ئەگەر شېئىرغا كۈي باغلانسا، ئاھاڭ، ۋەزىن - رىتىم، شېئىر ۋەزنىگە قارىمۇ قارشى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈيگە سېلىنغان سۆز يەنى شېئىرنىڭ ۋەزنى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمدە - كىم سۆزگە نەغمە - كۈي باغلايدىكەن، شېئىرنىڭ بەزىبىر سۆزلىرىدە يۈز بېرىدىغان ئوخشاش ۋەزىن بۇزۇلۇشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك②.

كىشىلەر ۋە كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، بۇ بۆلەكلەر مۇئەييەن باب - باراۋەر مەۋزۇن - ۋەزنلىك دېيىش مۇمكىن. بۇنىڭدا شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىد قىلىپ توقۇلغانمۇ قانداق، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەشۇ شېئىر يېزىلىۋاتقان تىلدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ پاساھە-

① مەتنىندە «ئەل - قەۋل» — «سۆز» بۇ يەردە مۇزىكا تېكىستى، يەنى شېئىر دېيىلمەكچى.

② بۇ يەردە فارابى ھىجانىڭ بۇزۇلۇشىغا ئىشارە قىلماقچى. بەزى بېيىتنىڭ ئاۋۋالقى مىسراسى بىلەن كېيىنكى مىسراسى بىر خىل ۋەزىنىدە بولماي، بىر - بىرىدىن بىر بوغۇم كەم ياكى ئارتۇق، كېيىنكى مىسراسى بىر خىل ۋەزىنىدە بولماي، بىر - بىرىدىن بىر بوغۇم كەم ياكى ئارتۇق بولسا، شېئىر ئوقۇلغاندا، ئىككىلا مىسرانىڭ ۋەزنى بىر - بىرىگە ماس چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن فارابىنىڭ «ھەرپ» دېگەن سۆزىنى «تاۋۇش» يا «بوغۇم» دەپ ئالساق، مەقسەتكە مۇۋاپىق بولىدۇ.

③ مۇئەللىپ بۇ يەردە بوغۇملارنىڭ ئارتۇق - كەم بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشنى ئېيتىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە[5]

تى[3] مۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ سۆزلەر مەشھۇر ۋە يەڭگىل بولسىلا، بەس. شۇنىڭغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىشىدۇ[1]. شېئىردا كەلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپى (يۇقىرىدا شەرتلىك رەۋىشتە ئېيتىلغان تەرەپلەرنى ھېسابقا ئالغان ھالدا) شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرى بىلەن باراۋەر تۇگەللىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ[2]. بۇ يا بىر خىل ھەرپ ـ تاۋۇشلاردىن ئىبارەت سۆزلەر بولۇشى، ياكى بولمىسا، ئىككىلىسىمۇ باب ـ باراۋەر بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەر[3] بولۇشى كېرەك.

ئەمما يۇنان شائىرى ھومېرنىڭ[4] ئىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆز شېئىرلىرى ئاخىرىنىڭ باراۋەر كېلىشىگە رىئايە قىلمىغان.

ئەگەردە، سۆزلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تەشكىل تاپقان بولسايۇ، لېكىن ئۇلار بىرەر ئاھاڭ بىلەن ۋەزنىگە چۈشۈرۈلگەن بولمىسا، ئۇنداق تىزما سۆزلەر شېئىر ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بۇنداقلار شېئىرىي سۆز ـ مۇلاھىزە دەپ يورۇتۇلىدۇ، خالاس. شۇنىڭ بىللە ئەگەر بۇ ئېيتىلغان «شېئىرىي

---

① مەتىندە «فەسىھە» كەلگەن. بۇ يەردە مۇئەللىپ شېئىرلاردا ئىشلىتىلىدىغان پاساھەت ۋە بالاغەتنى كۆزدە تۇتماقچى. شېئىردا گۈزەل، ئويناقى ۋە ئوبرازلىق ئىبارىلەر ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكى كۈچىيىدۇ.

② بۇ يەردە فارابى شېئىردا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممە كىشىلەرگە چۈشىنەرلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتماقچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، شېئىردا قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەربىرىنى كۆپچىلىك بىلىدىغان، شۇنداقلا، چۈشىنەرلىك بولۇشى شەرت، دېمەكچى. بۇنىڭ بىلەن شېئىرلاردىكى ئوبرازلىق ئىبارىلەر، ئۇنىڭدىكى ئوخشىتىشلار، تەنە، چۆچەك، ھېكايە ياكى ئەپسانىگە قىلىنىدىغان ئىشارىلەر، ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇيدىغانلارغا چۈشىنەرلىك بولۇشى كېرەك. شۇ نەرسىلەر بىلەن شېئىر پاساھەتلىك، گۈزەل بولىدۇ، دېمەكچى.

③ بۇ يەردە مۇئەللىپ شېئىر قاپىيىسى، تۇراقلىرىنىڭ مەلۇم بىر ۋەزىندە كېلىشىنى كۆزدە تۇتماقچى. بۇنىڭدىن كېيىنكى جۈملىسى شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

④ مەتىندە ھورۇف — ھەرپلەر كەلگەن. بۇ يەردە مۇئەللىپ بوغۇمنى كۆزدە تۇتماقچى. ئەرەب ئېلىپبەسىدە ئاساسەن سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى يېزىلمىغان تەقدىردە يېرىم سوزۇق (بۇنى ئەدەبىياتتا قىسقا سوزۇق ئاتىشىدۇ) كېلىدۇ. كارلىشىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇلار يېزىقتا ھەرپ ئاستى يا ئۈستىدە كېلىدۇ. ئوقۇلۇشتا ئاشۇ ئۆزگىرىشتىن ئالدىن ياكى كېيىن ئوقۇلىدۇ. بۇ ھەرپلەر ئۆز نۆۋىتىدە بوغۇم رولىنى ئوينايدۇ. بېيىتلەردە بىرەر بوغۇم كەم بولسا، بېيىت ۋەزنى بۇزۇلىدۇ.

⑤ مەتىندە ئومىرئوس، خومىرئوس يەنى ھومېر (گومېر) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 10 ـ 12 ئەسىرلەردە ياشىغان بۈيۈك يۇنان شائىرى، مەشھۇر «ئودىسسە» ۋە «ئىللىيادا» داستانلىرىنىڭ مۇئەللىپى.

سۆزلەر» مەلۇم ۋەزىنگە چۈشۈرۈلۈپ، شېئىرىي بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەندىلا، ئاندىن ئېيتىلغان سۆزلەر شېئىر بولالايدۇ.

قەدىمكى شائىرلار نەزىرىدە، شېئىر تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ جەۋھەر ئاساسىي مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولغان:

شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل تېپىشى كېرەك①.

شېئىر مەلۇم بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر (ئالدى ـ كەينى) باب ـ باراۋەر ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغان بولۇشى لازىم. شېئىر تەبىئىي ـ تۈزۈلۈشىدە باشقا قانۇن ـقائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ئۇنچىلىك زۆرۈر دەپ سانالمىغان. ۋاھالەنكى، بۇ قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ئۆزى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋار بولۇشىغا سەۋەب بولغان. شېئىر تۈزۈلۈشىدە تۇتۇلمىغان مانا شۇ ئىككى يول پەقەت تەقلىد ـ تەنبىھ بولۇشىلا ئەمەس (ب. 272)، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق تەقلىد قىلىنىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇنداق قانۇن ـ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر.

خىتابە رىتورىكىتىمۇ تەقلىدىي نەرسىلەر ئىشلىتىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل نەرسىلەر كۆپچىلىككە تولىمۇ يېقىندىن ئايان ۋە مەشھۇردۇر. ناتىقلارنىڭ كۆپى تەبىئەتلىرىدە ئەسلى شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيەتلىرى بار تۇرۇقلۇقمۇ، خىتابە ـ رىتورىكا تەلەپ قىلىنغاندىن ئارتۇقراق دەرىجىدە تەقلىدنى ئىشقا سالماقچى بولغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خاتالىققا يول قويۇشقان. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىگە ھېچكىم ئىشىنىپ قارىمە-

① بۇنى «شېئىر بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىلغان (ياكى تەشبىھ قىلىنغان) ئوبرازلىق سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك» — دەپ چۈشىنىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غان، بەلكى ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلىرى كۆپچىلىك نەزىرىدە تولىمۇ مۇبالىغىلىق خىتابە (ئىبلىس قاچى گەپ) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان، ۋاھالەنكى، ئەسلىنى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنىڭ ئەينەن ئۆزىلا بولۇپ، ناتىقلار بۇنىڭدا پەقەت خىتابە يولىدىن ماڭماستىن، بەلكى مەيلىنى شېئىرىي يولغا قويغانىدى، خالاس.

كۆپچىلىك شائىرلارمۇ ئۆز پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى باشقىلاردا قانائەت ھاسىل بولىدىغان دەرىجىدە ئىپادىلەشكە قابىلىيەتلىك بولىدۇ①. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قېنىقارلىق مۇلاھىزىلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادىلەشكەن. نەتىجىدە، بۇلار كۆپچىلىك نەزىرىدە شېئىر بىلەن پۈتۈلگىنى ئۈچۈن، ئۇنى شېئىرىي ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقان. ۋاھالەنكى، ئۇ ئەسلىدە بىر خىتابى مۇلاھىزە بولۇپ، ئاشۇ شائىرلارنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ، مەيلىنى خىتابى — رىتورىك يولىغا بەرگەنلىرى ئىدى.

ناتىقلار كۆپىنچە، ئۆز نۇتۇقلىرىدا مانا شۇ ئىككى ھالەتنى جەملىگەن بولىدۇ②. كۆپچىلىك شائىرلاردىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق. مەسىلەن: مەۋجۇت شېئىر ۋە شېئىرىي مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسى نىمە ھەققىدە سۆز كېتىۋاتقان بولسا، ئاشۇلارغا بىرىپ تاقىلىدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىش بولسا، ھەم پېئىل بىلەن ھەم مۇلاھىزىلەر بىلەن بىلدۈرۈش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. پېئىل بىلەن مەيدانغا كېلىدىغان تەقلىد ـ ئوخشاتما ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىنسان ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە

---

① مۇئەللىپ بۇ يەردە شائىر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ناتىق سۈپىتىدە پىكىر قىلىشىنى ئېيتماقچى.
② مەتنىدە خۇتابا ـ خىتاب قىلغۇچى ـ ناتىقلار. كۆپچىلىك ناتىقلار دەسلەپتە ناتىق بولۇشلىرى بىلەن بىللە شائىرمۇ بولالايدۇ، دېمەكچى.

ئوخشىغان شەكىلنى ياسايدۇ. شۇنداقلا، ئىنسان بىرونىڭ شەكىل ياكى قىلغىنى ئىشلەپ، ئۇنى مۇئەييەن بىر كىشىگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولىدۇ ياكى بولمىسا، ئىنسان بىرەر باشقا ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھەرىكەتنى قىلىدۇ.

سۆز بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان تەقلىد - ئوخشاتما شۇنداق. ئۇ، ئاشۇ سۆز بىرنۋاتقان ھەرىكەتلەردىن بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قىلىنغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن يا ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزلەر ئاشۇ نەرسىلەر ئوخشىتىپ قىلىنغان ھەرىكەتلەرگە ئىشارە قىلىدۇ ۋە ئاشۇ نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن سۆز سۈپىتىدە خىيالمۇ قىلىنىدۇ (ئا — 273). بۇ ھەرىكەت ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە يا بولمىسا، باشقا نەرسىلەردە بولىدۇ، دەپ خىيال قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۆز - مۇلاھىزە بىلەن بولىدىغان تەقلىد - ئوخشىتىشمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى تەقلىد — ئاشۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا، بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى باشقا نەرسە ئارقىلىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېلىنىدۇ. بۇ ھال ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەندە خۇددى شۇنداق بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنداقلا ئېيتايلۇق، تەرىپ، ئىككىنچىسىدە بولسا، بىر نەرسىنىڭ بارلىقى باشقا نەرسىنىڭ بارلىقى بىلەن مەيدانغا كېلىشى توغرىلىق مەلۇمات بېرىدۇ. مىسال ئېيتايلۇق، بۇرھان — ئىسپات.

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىسپاتتا ئىلىم، تارتىشتا ئىككىلىنىش، رىتورىكىدا ئىشەندۈرۈش قانچىلىك زۆرۈر بولسا، شېئىرىيەتتىمۇ خىيال ۋە تەسەۋۋۇر شۇنچىلىك زۆرۈر بولىدۇ. بەزىدە ئىنساننىڭ پەيكى كۆپرەك خىيال سۈرۈشكە باغ-

www.uyghurkitap.com



لىق بولىدۇ. بۇ شۇنداقكى، ئىنسان شۇ بىر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىدە بار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس ۋە ئىسپات تەستىقلىغاندىلا، ئەنە شۇ نەرسىدە بارلىقىغا ئىشىنىپ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ ئىشتا ئۇنىڭ بارلىقى يالغان بولۇپ، پەقەت خىيال قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەرىكەت — پېئىلنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئادەملەر ئېيتىشىدۇكى، ئەگەر كىشى بىرەر نەرسىگە نەزەر سالسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ خۇش كۆرمەيدىغان نەرسىسىگە نىسبەتەن خۇش كۆرمەسلىك ھېسسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ئۇ نەرسىدىن ئۆزىنى ئاۋايلاپ ئاسراپ چەتلىشىپ يۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەسلىنى ئالغاندا، بۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ئەشۇ خىيال قىلىنغاندەك يامان نەرسە بولماسلىقىمۇ مۇمكىن.

مۇلاھىزىلەر ئىچىدە تەقلىد ئىشلىتىلگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان كىشىدىمۇ خۇددى شۇنداق ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ بىر نەرسىدە بىرەر باشقا نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ نەرسىنى ئەشۇ كىشى ئىلگىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ شەكلى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر، ئۇ كىشىگە شۇنداق بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى سۆز بىلەن سۈپەتلەپ بېرىلسىچۇ، ئۇ ھالدا، ئەشۇ سۆز ـ مۇلاھىزىلەردە ئۆزى بۇرۇنقى چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرگەن باشقا نەرسىلەرنىڭ ئوخشىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەشۇ سۆز ـ مۇلاھىزىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەربىر نەرسە ئىچىدە ياخشىلىق ـ يامانلىق، ئادالەتسىزلىك ياكى تۆۋەنلىك ۋە يا بولمىسا، ھالاللىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنساننىڭ پېئىل ـ ئەتۋارى كۆپرەك ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىلىم يا

ئەندىشىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمما شۇنداق تەرىپىمۇ باركى، كۆپىنچە، ئۇنىڭ بىلىم يا ئەندىشىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمما شۇنداق تەرىپىمۇ باركى، كۆپىنچە، ئۇنىڭ بىلىم ۋە ئەندىشىسى خىيالدىكى نەرسىلەرگە تەتۈر كېلىپمۇ قالىدۇ، بۇنداق پەيتلەردە ئۇنىڭ پېئىل ئېتىبارى ئۆز بىلىم ۋە ئەندىشىسىگە كۆرە ئەمەس، بەلكى خىيالىغا كۆرە ئىش تۇتىدۇ.

خوش، گەپ شۇنداق ئىكەن، خىيالغا كەلگەن سۆزلەردىن (ب 273) كۆزىتىلگەن مەقسەت ھەم ئاڭلىغۇچىنى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسىنى قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسە، يا ئىزلەنگەن نەرسىلەردىن بىرىگە ئىنتىلىش، يا بولمىسا، ئۇنىڭدىن قېچىشتىن، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ بېرىلىش ۋە يا بولمىسا، ئۇنى يامان كۆرۈش يا ئۇنىڭدىن يامانلىق يا ياخشىلىق كۆتۈشكە ئوخشاش ئىشلاردىن ئىبارەت ھېس (تۇيغۇ) پەيدا بولىدۇ. ئەشۇ نەرسىلەردىن ئۇنىڭ خىيالىغا كېلىدىغان نەرسە مەيلى توغرا بولسۇن، مەيلى ناتوغرا بولسۇن، بۇنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقى يوق. شۇنىڭدا، ئىش ھەقىقەتەن خىيالىغا كەلگەن يوسۇندا بولغانمىدى، ياكى خىيالىغا كەلگەندەك بولمىغانمىدى، بۇنىڭمۇ پەرقى يوق، مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىگە قارالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر كىشى ئۆزى بېجىرىۋاتقان ئىشنى بىر نەرسىگە تەقلىدەن قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ بەزىدە ئەشۇ تەقلىد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەينەن ئۆزىنى بېجىرىۋاتقاندەك بولىدۇ. بەزىدە بولسا، ئىنسان ئۆزى تەقلىد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئۆزىنى بېجىرگەن بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئەشمەتنىڭ[①]. ئەپتى ـ قىياپىتىنى

① مەتىندە زەيد كەلگەن. گەرەبلەردە زەيد بىلەن ئەمر ئىسىملىرى خۇدى بىزدە ئەشمەت، تەشمەت دېگەندەك كېلىشۈپرىدۇ. بۇ يەردە بىز كىتابخانىلارغا چۈشىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئالدۇق
[ئۆزبېك جانلىق تىلىدىكى «ئەشمەت ـ تەشمەت» دېگەن ھەجۋىي ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىكى «پالانچى ـ پوكونچى» ياكى «ئەخمەت بىلەن مەخمەت» دېگەنلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۆزبەكچىدىكى «ئەشمەت» نىڭ ئۆزىنى ئالدۇق (ت)]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەكس ئەتتۈرگەن ھەيكەل شەكلىنى ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەشمەتنىڭ تۇسىنى ئەكس ئېتىدىغان ئەينەكنىمۇ ياسىغان. خۇددى شۇنىڭدەك، بىز ئېھتىمال ئەشمەتنى تونۇماسلىقىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئىشلىگەن شەكلىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىلىۋالىمىز. بىز بۇنىڭدا ئەشمەتنىڭ ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشرىسىگە تەقلىد قىلىنغانلىقىنى (ئوخشىتىلغىنىنى) كۆرۈپ بىلىۋالدۇق. كۆپىنچە، بىز ئۇنىڭ شەكلىنى كۆرۈپ ئولتۇرمايمىز، بەلكى ئوخشايدىغان شەكلىنى ئەينەكتىكىدەك ئەكس ئېتىپ تۇرغىنىنى كۆرىمىز. شۇ چاغدا بىز ئۇنى ئوخشىتىلىۋاتقىنىغا ئوخشاپ قالغىنىدىن بىلىۋالىمىز. بۇ ھالدا، بىز ئەشمەت شەكلى ھەققىتىنى بىلىش جەھەتتە ئىككى باسقۇچ ئۇزاقلاشقان بولىمىز. خۇددى مانا شۇنىڭ ئۆزى مۇلاھىزىلەرنى تەقلىدكە ئىلەشتۈرىدىغان تەرەپلەردىن سانىلىدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەر ئەنە شۇ نەرسىلەرگە ئوخشىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە بۇ تۈزۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزى، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن ۋە ئۇ نەرسىلەرگە ئوخشىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

نەتىجىدە، تەقلىد ـ ئوخشىتىش جەھەتتە، نەرسىلەر ئەسلىدىن بىرنەچچە باسقۇچ ئۇزاقلىشىدۇ. ئەشۇ مۇلاھىزىلەر خۇسۇسىدا ھاسىل قىلىنغان نەرسىلەر تەسەۋۋۇرى مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقا بولسا، مانا شۇنىڭدەك قاتار باسقۇچلار ئېلىشىپ كېلىدۇ. ھەربىر نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاستە ئوخشىغان بولغانلىقتىن، ئۇ نەرسە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا، بىر ياكى ئىككى نەرسە ۋاستىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلىگە يېقىن بولغان نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىشتىن كۆرە، ئوخشىتىشنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەۋزەل

بولىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، مۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگۈچىلەر، تەقلىد جەھەتتە ئىشلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئەڭ لاياقەتلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشى سەنئەت ئەھلىگە بەكمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ ۋە تەقلىدنى ئۆز يولىغا ماسلاپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ.

كىتاب تامام[1] .

① شۇ يەردە ئا ـ 274 ۋاراق باشلىنىدۇ، كېيىن ئۇنى كۆچۈرگۈچى كاتىپ ئۆزىدىن سۆز قوشۇپ، كىتابىنىڭ تۈگىگەنلىكىگە ئىشارە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە كاتىپ بىرىنچىچە ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولغان فارابى ئەسەرلىرى قولىيازمىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، «شېئىر كىتابى» رىسالىسى بۇ جىلدكە كىرگەن فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەن. قولىيازمىنىڭ ئاخىرىدا كاتىپ: «ئەبۇناسىر كىتابلىرىنىڭ بارلىق كۆچۈرۈلۈشى شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئاخىرىغا يەتتى» دەپ يېزىپ قويغان.

# فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

ئۇيغۇر ئالىمى، ئارىستوتېل تەلىماتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر نامايەندىسى، بىر پۈتۈن ناتۇرالىستىك پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېمىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق لوگىك، ماتېماتىك، مۇزىكاشۇناس — ئەبۇناسىر فارابى مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبن خەللىكاننىڭ «ۋەقىياتۇل ئەئيان ۋە ئەنبەئەبنەئۇز زامان» ناملىق ئەسىرىدە، سەيد مۇھەممەت باقىرنىڭ «رەۋزە تۇل جىنان» ناملىق ئەسىرىدە، ئەخمەت ئەيسانىڭ «ئەل مەئسورمىن كالا مۇل ئەتىببە» ناملىق ئەسىرىدە ۋە مۇھەممەت فەرىدنىڭ «دائىرە تۇل مۇئارىف» ناملىق ئەسەرلىرىدە بىردەك قەيت قىلىنىشىچە «مۇلكى چىن[1] كاشغەرگە قاراشلىق بالاساغۇن يېنىدىكى فارابدا» 870 ـ يىلى تۇغۇلغانىدى. فارابى 30 يېشىدىن ھالقىغاندا، 10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەينى زاماندىكى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ئوچىقى ھېسابلانغان باغداتقا كەتكەن مەۋلانا لۇتپى ئۆزىنىڭ «ھاشىيەتى مەتالىئول ئەنۋەر» (نۇر مەنبەلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرىدە، تاشكۆپرى زادە ئۆزىنىڭ «مىفتاھۇسسە ئادەت» (بەخت ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرىدە، ھاجى خەلىپە ئۆزىنىڭ «كەشفۇززۇنۇن» ناملىق ئەسىرىدە، جۇرجى زەيدان «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بىر قېتىم قايتقانلىقىنى ۋە سامانى شاھى

① خاقانىيە دۆلىتى نەزەردە تۇتۇلغان.

مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئەتتە ئىلمۇسسانى» (ئا-رىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى تەلىمات») ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىنى يېزىپ قالدۇرغىنىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. تۈركىيە تېبا-بەتچىلىك تارىخچىسى سۇھەيىل ئەنۋەر ئۈزىنىڭ «تېبابەتچىلىك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئىسپىھاندىكى «سۇۋانۇل ھىكمە» كۇ-تۇپخانىسىدا ساقلانغان فارابى قولىيازمىسىنى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىشتا يازغان ئەسىرى، دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن يەنىلا ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ يېتىشكەن ئېنسكلوپېدىك ئالىم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئىنسانپەرۋەر سۈپە-تىدە 160 پارچىگە يېقىن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. فارابى ئېستېتىكا ۋە شېئىرىيەت توغرىسىدا قىممەتلىك ئەسەرلەر ياز-غان. ئۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا، ئاھاڭدار شېئىرىي ۋەزنى-گە، كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئالەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ تولىمۇ ئىخچام ۋە تولىمۇ گۈزەل شېئىرىي تەسۋىرى سۈپىتىدە مەنىۋى ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. فارابى 80 ياشقا كىرگەن يىلى — 950 ـ يىلى دەمەشقتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى شەھەر سېپىلىنىڭ بابۇس سەغىر دەرۋازىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغانىدى.

تۆۋەندە فارابىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى توققۇز پارچە شېئىرىي ئەرەبچە ۋە قىسمەن رۇسچە نۇسخىلىرىدىن تەرجىمە قىلىپ تو-نۇشتۇرۇلدى.

**1**

ئەي قېرىنداش، خالىي تۇر ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا.
ھەق ـ ئادالەتنىڭ قېشىدا سەن ماكان تۇت دائىما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ جاھان ساڭا تۇرار مەڭگۈ مەقام ـ جايمۇ ئەمەس،
زەربە قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېكىممۇ يانا.
قالغۇسى مۆجىز بولۇپ ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ،
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تىرەن مەزمۇن پاراسەتلىك ئاڭا.
بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا①.

2

ھەم چېكىنگەن ھەمدە تەتۈر بۇ زامان دەۋرانىغا،
سەن قىلىپ سۆھبەت يېتەلمەيسەن كۆڭۈل ئارمانىغا.
بارچە ئەل باشلىقلىرىنىڭ باشلىرى قانقان تۈگەل،
ھەممە باشقا دەرد يېتىپ ئايلاندىمۇ سەۋدايىغا.
ھاجىتىم بىلسەم ئۆزۈمنىڭ جانىغا راھەت كېرەك،
نۇر چۈشۈپ تۇرماق ئۈچۈن مەندەك پېقىر ئالىقانىغا.
بىر ئىدا كەلدى ماڭا ئىلكىمدىكى نۇر بەرقىدىن،
زوق ـ ھۇزۇرى ئوخشىغان مىسلى ساما جەۋلانىغا.
يۇرتلىرى چۆللۈككە غەرق بولغان قەدىم ئەللەر ئارا،
مېۋە تەرگەندەك قەدەم قويدۇم جاۋاھىر كانىغا②.

3

ئىككى شېشە جام بىلەن بولدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئارا،
ھەممىلا مەشغۇللۇغۇمنى تولدۇرۇپ قويغان ئاڭا.
بىر قەدەھتە قاپقارا تۇرسا سىيايىم لىپمۇ لىق،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا.
بىرسىگە تولدۇرغىنىم گەر بولسا ھېكمەت گەۋھىرى،
بىرسىدىن غەم ـ قايغۇنى يۇدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا③.

4

يەتتە يۇلتۇز④ كائىناتنا مەنبەئى نۇر رەببىنا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.

ھەربىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
مادىدا ـ جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلى ھەم جەمدۇر ئاڭا.
ئەي زۇھەل ھەم ئاتارۇت ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزلەپ ھامان سۆھبەت
ساڭا⑤

## 5

شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات،
ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۆپەيلى ياخشىلىق ئۇندىن نىجات.
يەر بىلەن بەھرى ـ دېڭىزلار تۇرىدۇ ھەمراھ بولۇپ،
رەببىنا، ئاسمان ـ ساما مەركەزلىرىمۇ قاتمۇقات.
قايدا سەن بولدى ماڭا نۇخسان ـ گۇناھ ئۇلپەت بۇگۇن،
پەيز ـ رەھمەت بەخش ئېتىپ قىلغىن گۇناھىمدىن ئازات.
رەببى ـ شەيئىم پاكلىغىن بولسا مەگەر مۇمكىن مېنى،
ئاناسىر ـ ئۇنسۇرلىرىدىن قالمىسۇن جىسمىمدە دات⑥.

## 6

بىر تۆۋەنلەشنىڭ بولۇر ئەۋجى ھامان،
يوقىتىش بولغاي سوقۇشتا دائىمان.
ئۆز خانامنىڭ راھىتى ھاجەت ماڭا،
مەن غۇرۇر ئۆز ئىززىتىمدىن دائىمان.
ئىچكىنىم ئىلكىمدىكى شەربەت مېنىڭ،
راھىتىمنىڭ شولىدا بەرقى ئايان.
نۇر جۇلا شىشەمدە ئەكس ئەتكەن نىدا،
خوپ ھۇزۇرلۇق ساز ـ ساماغا ئوخشىغان⑦.

## 7

چەكسىز زەخمەت ـ مۇلاقات سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە ـ قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.
ئۇلتۇرالماسمەن ئىزىمدا قوزغىتىپ تۇرغاچ مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زوق، ئۇمىد ئىككى سەۋەب دەل سىز تەرەپكە دائىمان.
قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەبزەلرەك دىيار ـ ئەل گەر تەئەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان⑧.

8

قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزارمەن كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى.
بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك،
تەبىئەت جىنسى بىز، ئۆز جىسمىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى⑨.

9

پىشمايىن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى،
يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ھەر كىم ئاڭا مەنە ئېيتسىمۇ،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى⑩.

**ئىزاھاتلار:**

① ئىبنى خەللىكان (ۋاپاتى 1283 ـ يىل) «ۋەفىياتۇل ئەئيان ۋە ئەنبەئەبنە ئۇز زامان» ناملىق ئەسەر، 4 ـ جىلد، 242 ـ بەت. (ئەرەبچە نۇسخا) ۋە س. ئاشۇئىسكى، «ئىبنى خەللىكان (ئەل فارابى توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات)» ناملىق توپلام (رۇسچە نۇسخا) لىرىدىن ئېلىنغان.

②⑤⑥⑦ ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيبە (ۋاپاتى 1270 ـ يىل) «ئيۇنۇل ئەنبەفى تەبەقەتۇل ئەتىببە» ناملىق ئەسەر، 630 ـ، 228 ـ، 229 ـ بەتلەر (ئەرەبچە نۇسخا) لىرىدىن ئېلىنغان.

③ ئەل دەلىجى (ۋاپاتى 1810 ـ يىل) «ئەل فەلەكە تۇل مۇفلىكۇن» ناملىق ئەسەر، 141 ـ بەت (ئەرەبچە نۇسخا) ۋە ئې. بىرتىلېس «تاللانما ئەسەرلەر»، 1 ـ توم، 113 ـ بەت. (رۇسچە

نۇسخا) لىرىدىن ئېلىنغان.

④ گېگېل «ئېستېتىكا» ناملىق ئەسەر، 2 ـ توم، «قەدىمـ-
كى پېرسىيە ئېتىقادلىرى» ناملىق ماۋزۇغا قارالسۇن، (خەنزۇ-
چە نەشرى، 35 ـ، 40 ـ بەتلەر).

⑧ سەئىد مۇھەممەد باقىر (ۋاپاتى 1919 ـ يىلى) «رەۋزە-
تۇل جىنان» ناملىق كىتاب، 683 ـ بەت، (ئەرەبچە نۇسخا)
دىن ئېلىنغان.

⑨ ئەل سەفىدى (ۋاپاتى 1366 ـ يىل) «ئەل ۋەفى بىل
ۋەفىيات» ناملىق ئەسەر، (ئەرەبچە نۇسخا) دىن ئېلىنغان.

⑩ ئاكادېمىك خەيرۇللايوپ «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»
ناملىق كىتاب، (رۇسچە نۇسخا) ۋە «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار ئىج-
تىمائىي پىكىرلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتاب،
(ئۆزبېكچە نۇسخا) ئاساسىدا ئىشلەنگەن.

1985 ـ يىل 7 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەبۇ ناسىر فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى

ئەشرەپ ئابدۇللا

شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( XI ئەسىر ) ۋە ئەلىشىر نەۋائىي ( XV ئەسىر ) دەۋرلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس سالغۇچى ئەبۇ ناسىر فارابى (870 — 950) ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ئورنىنى ھەم رولىنى بىلىش تارىخىدا، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى پىلا-تون (م ئى 427 ـ م ئى 347) ، ئارستوتېل (م ئى 384 ـ م ئى 322) لاردىن كېيىن بىر پۈتۈن پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتقان يىرىك مۇتەپەك-كۇر ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قامۇ-سىي ئەسەرلىرى بىلەن دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان ئىنسكلوپېدىك ئالىم، ئارستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن سالاھىيىتى بىلەن فاتىنىزم پەلسەپىسى (تەبىئەت بىلەن تەڭرىنى بىردەكلىككە ئىگە دەپ قا-راش) نى يارىتىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە يول ئېچىپ بەرگەن پەيلاسوپ، ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن غايىۋى جەمئىيەت پرىنسىپلىرى ۋە پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى تەلىماتى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى مۇتەپەككۇرلارغا، ئەدىب-لەرگە، سەنئەتكارلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىدې-ئولوگىيىسىگە مۇكەممەل نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەرگەن بۈيۈك ئىدې-ئولوگ.

فارابى 80 يىللىق ھاياتىدا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە، بولۇپمۇ ئالەمنىڭ سىرى، ئاقىلانە دۆلەتنىڭ تۈزۈمى، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەك-

لىرى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئىلىم - مەرىپەت، ئىنسان بەخت - سائادىتى، دۇنيانىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۇپەسسەل قاراشلىرىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەپ بەرگەن ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. مەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى، بولۇپمۇ فارابى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قىزىقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنى فارابى ئەسەرلىرىدىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسىنى بەردىم.

1. «شەرھى كىتاب ئەل - مەجەستى لى بەتلىمىيۇس» (پىتولىمىنىڭ «گېئومېترىيە» - «ئاسترونومىيە» ھەققىدىكى كىتابىغا يېزىلغان شەرھى)

2. «شەرھى كىتاب ئەل - بۇرھان لى ئەرستۇتالىس» (ئارىستوتېلنىڭ «ئىسبات» - «ئىككىنچى ئانالىتىكا» ناملىق كىتابىغا شەرھى)

3. «شەرھى كىتاب ئەل - خىتابەلى ئەرىستۇتالىس» (ئارستوتېلنىڭ «رىتورىكا» ناملىق كىتابىغا يېزىلغان شەرھى)

4. «شەرھى ئەل - مەقالە ئەس - سانىيە ۋە ئەس - سامىنە مىن كىتاب ئەل - جەدەل، لى ئەرستۇ تالىس» (ئارستوتېلنىڭ «ئەل - جەدەل» — «دېئالېكتىكا» كىتابىدىكى ئىككىنچى ۋە سەككىزىنچى ماقالىلىرىغا شەرھى)

5. «شەرھى كىتاب ئەل - مۇغالەتە لى ئەرستۇتالىس» (ئارستوتېلنىڭ «سوفىستىكا» — «پەلسەپىدىكى خاتالىششى» ناملىق كىتابىغا يېزىلغان شەرھى)

6. «شەرھى كىتاب ئەل - قىياس لى ئەرستۇتالىس ۋە ھۇۋە شەرھى ئەل - كەبىر» (ئارستوتېلنىڭ «قىياس» — «بىرىنچى ئانالىتىكا» كىتابىغا يېزىلغان شەرھى، بۇ كاتتا كىتاب)

7. «شەرھى كىتاب لى ئەرستۇتالىس ئەلا جىھەت ئەت - تەئىلىق» [ئارستوتېلنىڭ رىتورىكىغا ئائىت «بەرمىنياس» («گېرمېنېۋتىكا» — «ئەل - ئىبارە») — «تەلقىن قىلىش» كىتابىغا چۈشەندۇرۇش يوسۇنىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېزىلغان شەرھى]

8. «شەرھى كىتاب ئەل ـ مۇقەۋۋىلات لى ئەرىستوتالىس» [ئارستوتېلنىڭ «مۇقەۋۋىلات» (ماددا، جىسىم، شەكىل، سۇرەت، سۆزلىش كۈچى، ئەقىل) ناملىق كىتابىغا شەرھى]

9. «شەرھى كىتابۇسسەمەئى تەبىئىي لى ئەرىستوتالىس» (ئارستوتېلنىڭ «تەبىئىي ئاڭلاش» ناملىق كىتابىغا شەرھى)

10. «شەرھى كىتابۇسسەمائى ۋەل ئالەم لى ئەرىستوتالىس» (ئارستوتېلنىڭ «ئاسمان ۋە ئالەم» ناملىق كىتابىغا شەرھى)

11. «شەرھى كىتابۇلئاسارولولۋىيەت لى ئەرىستوتالىس» (ئارستوتېلنىڭ «يۇقىرىئالەم جىسىملىرى» كىتابىغا يېزىلغان شەرھى)

12. «شەرھى مەقالەتۇل ئىسكەندەر ئەفرودىسى فىننەپس»

[ئىسكەندەر ئەل ئەفرۇدىسىنىڭ نەفس — جان (روھ) ھەققىدىكى ماقالىسىگە شەرھى]

13. «شەرھى سەدرى كىتاب ئەل ـ ئەخلاق لى ئەرىستوتالىس» [ئارستوتېلنىڭ «ئېتىكا» (ئەخلاق) كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىگە شەرھى]

14. «شەرھى كىتاب ‹ئىساغۇچى› لى فەرفۇرىيۇس» [پەرپىرىيۇسنىڭ «ئىساغۇچى» (ئېچىلىپ تۇرغان گۈل) ناملىق كىتابىغا شەرھى]

15. «كىتاب ئەل ـ مۇختەسەر ئەل كەبىر فى ئەل ـ مەنتىق» (مەنتىققە ئائىت قىسقارتىلغان كاتتا كىتاب)

16. «كىتاب ئەل ـ مۇختەسەر ئەس ـ سەغىرفى ئەل ـ مەنتىق ئەلا تەرىقە ئەل ـ مۇتەكەللىمىين» (مەنتىققە ئائىت مۇتەكەللىم — كالامچىلار يولىدا يېزىلغان قىسقارغان كىچىك كىتاب)

17. «كىتاب ئەل ـ مۇختەسەر ئەل ـ ئەۋسەت گى ئەل ـ قىياس» (قىياس ھەققىدە ئۆزگىچە قىسقارغان كىتاب)

18. «كىتاب ئەل ـ ئەۋتىئافى ئەل ـ مەنتىق» (مەنتىققە مۇقەددىمە تەرىقىدە يېزىلغان كىتاب)

19. «كىتاب ئەل ـ قىياس ئەس ـ سەغ   ر» (قىياس ھەققىدە كىچىك كىتاب) ئەبۇ ناسىر ئەل ـ فارابىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان شۇ كىتابى تېپىلغان ھەم كۆرۈلگەن

20. «ئىھسا ئەل ـ قەزايا ۋە ئەل ـ قىياسات ئەللەتى تۇستا ئىمەل ئەلا ئەل ـ ئۇلۇم فى جەمئىي ئەس ـ سەنائى ئەل ـ قىياسىيەتى» (بارچە مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قىياسى سەنئەتنىڭ بارچىسىدە ئىشلىتىلىدىغان قىياسلار ھەققىدە)

21. «كىتاب شۇرتۇل قىياس» (قىياس شەرتلىرى ھەققىدە)

22. «كىتاب ئەل ـ بۇرھان» (ئىسپات كىتابى) بۇ كىتاب ئارستوتېلنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىگە يېزىلغان شەرھى، يەنى ئۆزى مۇستەقىل رەۋىشتە شۇ ماۋزۇدا يازغان كىتابى.

23. «كىتاب ئەل ـ جەدەل» [«دىئالېكتىكا» (مۇنازىرە) توغرىسىدا]

24. «كىتاب ئەل ـ مۇۋازى ئەل ـ مۇتتەزىيە مىن ئەل ـ مەقالە ئەس ـ سامىنە فى ئەل ـ جەدەل» مەنتىقىدىكى دىئالېكتىكىغا (مۇنازىرە) گە ئائىت سەككىزىنچى ماقالىدىن تاللانغان ماۋزۇلىرى ھەققىدە]

25. «كىتاب ئەل ـ مۇغەللەتە» [مەنتىقىدىكى خاتا (مۇجمەل) ماۋزۇلار (جايلار) ھەققىدە كىتاب]

26. «كىتاب ئىقتىسابۇل مۇقەددىمات (مەۋجۇدىيەتنىڭ باشلىنىشىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا)

27. «كەلام فى ئەل ـ مۇقەددىمات ئەل ـ مۇختەلىتەمىن مىن ۋۇجۇدى ۋە زەرۇرىي» (ئارىلاشما مەۋجۇدىيەت ۋە زۆرۈرى مەۋجۇدىيەتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە سۆز)

28. «كەلام فى ئەل ـ خەلا لى ئەل ـ خىتابە» (ئارستوتېلنىڭ «رىتورىكا» كىتابىنىڭ باش قىسمىدىكى بوشلۇق ھەققىدە سۆز)

29. «كىتاب ئەن ـ نەۋامىس» (قانۇنلار كىتابى)

30. «كىتاب ئىھسائى ئەل ـ ئۇلۇم ۋە تەرتىبىھا» [ئىلىملەر كلاس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىفىكاتسىيىسى (تۈرلەرگە ئايرىلىشى) ھەققىدە تەرتىپى ھەققىدە كىتاب]

31. «كىتاب ئەل ـ فەلسەفەتيىن ئەفلاتون ۋە ئەرستۇتالىس» (پىلاتون ۋە ئارستوتېل پەلسەپىسى ھەققىدە كىتاب، بۇنىڭ ئاخىرى چۇ-شۇپ قالغان)

32. «كىتاب لى مەدىنەت ئەل ـ فازىلە ۋە ئەل مەدىنەت ئەل ـ مۇبەددەلە ۋە ئەل ـ مەدىنەت ئەززاللە»

[ئەخلاقىي مەدەنىيەت، جاھىل (نادان) مەدەنىيەت، فاسىق (گۇمـ-ران) مەدەنىيەت، ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئاداشقان مەدەنىيەتلەر ھەققىدە كىتاب] بۇ كىتابنى يېزىشنى ئەبۇ ناسىر فارابى باغدادتا باشلاپ، مىلادى 941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شامغا ئېلىپ كەتكەن. ئاخىرىنى مىلادى 942-يىلى دەمەشىقتە تۈگەتكەن ھەم ئۇنى تەھرىرلەپ، بابلارغا ئاجرىتىپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن بەزىلەر ئۇنى يەنە كىتابنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن بۆلەكلەرگە ئايرىشنى سورىغان. ئەل ـ فارابى مىلادى 948 ـ يىلى مىسىردا كىتابنى بۆلەكلەرگە، يەنى ئالتە بۆلەككە ئاجراتقان.

33. «كىتاب مەبۇدى ئاراي ئەل ـ مەدىنەت ئەل ـ فازىلە» (پەزىلەت-لىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرىنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە كىتاب)

34. «كىتاب ئەل ـ ئەلفاز ۋە ئەل ـ ھۇرۇف» (لەفىز ـ سۆزلەر ۋە ھەرفلەر ھەققىدە كىتاب)

35. «كىتاب ئەل ـ مۇسىق ئەل ـ كەبىر» (كاتتا مۇزىكا ھەققىدە كىتاب) بۇنى ۋەزىر ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبن ئەل قاسىم ئەل كەرشى-يىگە بېغىشلاپ يازغان.

36. «كىتاب فى ئىھسائى ئەل ـ ئىقياتى» [رىتىملار كلاسسىفىكات-سىيىسى (تۈرلەرگە ئايرىش) ھەققىدە كىتاب]

37. «كەلام لەھۇفى ئەن ـ تەقلە مۇزافەن ئىلە ئەل ـ ئىقياتى» (ئەبۇ ناسىرنىڭ رىتىمغا قوشۇمچە قىلىنغان چېرتىش ھەققىدىكى سۆزى) بۇ 36 رەقەملىك ئەسەرگە قوشۇمچە تەرىقىسىدە يېزىلغان.

38. «كەلام فى ئەل ـ مۇسقىيا» (مۇزىكا ھەققىدە سۆزلەر)
39. «مۇختەسەر فۇسۇلى فەلسەفىيە مۇنتەزامىن كۇتۇبى ئەل ـ فەلاسىفە» (پەيلاسوپلار كىتابىدىن تېرىپ ئېلىنغان قىسقىچە پەلسەپىۋي فەسىللەر)
40. «كىتاب ئەل ـ مەبۇدىي ئەل ـ ئىنسانىيە» (ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، باشلىنىشى ھەققىدە كىتاب)
41. كىتاب ئەر ـ رەددى ئەلا جالىنۇس ئەلا غەيرىي مەناھۇ» (ئارىستوتېلنىڭ بەزى سۆزلىرىنى باشقا مەنىدە شەرھىلىگەنلىكى ئۈچۈن گەلېنگە رەددىيە سۈپىتىدە يېزىلغان كىتاب)
42. «كىتاب ئەر ـ رەددى ئەلا ئىبىن ئەر ـ رەۋەندىي فى ئەدەب ئەل ـ جەدەل» (ئەدەبىيات مۇنازىرىسى ھەققىدە بىننى رەۋەندىيگە رەددىيە)
43. «كىتاب ئەر ـ رەددى ئەلا ـ رازىيە فى ئەل ـ ئىلىم ئەل ـ ئىلاھى» (ئىلاھىيەت ئىلمىدە رازىيغا رەددىيە)
44. «كىتاب ئەر ـ رەددى ئەلا ـ رازىيە فى ئەل ـ ئىلىم ئەل ـ ئىلاھى» (ئىلاھىيەت ئىلمىدە رازىيغا رەددىيە)
45. «كىتاب ئەل ـ ۋاھىد ۋە ئەلى ـ ۋەھىدە» (تەڭرىنىڭ بىرلىكى ۋە بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىش ھەققىدە كىتاب)
46. «كەلام لاھۇ فى ئەل ـ ھەيىىز ۋە ئەل ـ مىقتار» (ئەبۇ ناسىرنىڭ ھەجىم ۋە مىقدار ھەققىدىكى سۆزى)
47. «كىتاب فى ئەل ـ ئەقىل سەغىر» (ئەقىل توغرىسىدا كىچىك كىتاب)
48. «كىتاب فى ئەل ـ ئەقىل كەبىر» (ئەقىل توغرىسىدا بۈيۈك كىتاب)
49. «كەلام لاھۇفى مەئىنا ئىسىم ئەل ـ فەلسەفە» (پەلسەپە نامىنىڭ مەئىنى ھەققىدە ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ سۆزى)
50. «كىتاب ئەل مەۋجۇدات ـ مۇتەغەييىرە ئەل ـ مەۋجۇت بى ئەل كەلام ئەت تەبىئى» (تەبىئەتشۇناسلار سۆزلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گىرىشچان مەۋجۇدات ھەققىدە سۆز)

51. «كىتاب ئەش ـ شارائىت ئەل ـ بۇرھان»

[پەلسەپە ئىلمىدىكى قىياس شەرتلىرى (ئىسپاتلاش) شەرتلىرى ھەق-قىدە كىتاب]

52. «كەلام لاھۇ فى شەرھى ـ مۇستەغلەق مىن مەسادىرە ئەل ـ ماقالە ئەل ـ ئۇۋلا ۋە ئەل ـ خامىسە مىن ئۇقلىدۇس»

(ئەبۇ ناسىرنىڭ ئېۋكىلىدنىنىڭ بىرىنچى ۋە بەشىنچى ماقالىسىدىن ئېلىنغان قىسمىنىڭ نا ئېنىق جايلىرىغا يېزىلغان شەرھى توغرىسىدىكى سۆزى)

53. «كەلام فى ئىتتىپاق ئارا ئەبۇقرات ۋە ئەفلاتون» (گىپپوكرات ۋە ئەفلاتون قاراشلىرىنىڭ بىردەكلىكى ھەققىدە)

54. «رىسالە فى ئەت ـ تەنبىھ ئەلا ئەسباب ئەس ـ سەئادە» (سەئادەتكە ئېرىشىش سەۋەبلىرى كۆرسىتىلگەن كىتاب)

55. «كەلام فى جۇزئى ۋە مالا يەتەجەززەن» (بۆلۈنگۈچى شەيئىلەر ۋە بۆلۈنمەيدىغان شەيئىلەر ھەققىدە)

56. «كەلام فى ئىسىم ئەل ـ فەلسەفە ۋە سەبەب زۇھۇرىھا ۋە ئەسما ئەل ـ مۇبەررىزىن فىھا ۋە ئەلا مەن قەرەمىنىھۇم» (پەلسەپە نامى، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭدىن شۆھرەت قازانغان كىشىلەرنىڭ نامىلىرى ھەمدە ئۇلاردا ئوقۇغان شاگىرتلار ھەققىدە)

57. «كەلام فى ئەل ـ جىن» (جىنلار ھەققىدە كىتاب)

58. «كەلام فى ئەل ـ جەۋھەر» (ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇد شەيئىلەر ھەققىدە)

59. «كىتاب ئەل ـ فەھس ئەل ـ مەدەنىي» [شەھەرلەرنى (مەدە-نىي) تەكشۈرۈش ھەققىدە كىتاب]

60. «كىتاب ئەس ـ سىياسەت ئەل ـ مەدەنىيە ۋە يۇرە فۇ بى مەبۇدىي ئەل ـ مەۋجۇدات» (شەھەرلەر ئۈستىدىن سىياسەت يۈرگۈزۈش كىتابى ئۇ مەۋجۇداتىنىڭ باشلىنىشى دەپ تونۇلغان —مەدەنىي سىياسەتلەر)

61. «كەلام فى ئەل ـ مىللەت ئەل ـ فىقىھى ئەل ـ مەدەنىي» (مىللەت ـ خەلق ۋە شەھەرلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ھەققىدە سۆز)

62. «كەلام جۇمىئە ئەقاۋىل ئەن ـ نەبى سەلللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەشرۇن فىھى ئىلاسىنا ئەت ئەل ـ مەنتىق» (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىردىن پەلسەپە ئىلمىگە بېشارەت بېرىلگەن سۆزلىردىن فارابىنىڭ توپلىغانلىرى)

63. كىتاب فى ئەل ـ خىتابە كەبىر ئىشرۇن مەجەللەدەن» (رىتوردىكا ھەققىدە يىگىرمە توم جىلدلىق كاتتا كىتاب)

64. «رىسالە فى قۇۋۋەد ئەل ـ جەيش» [لەشكەر بېشى ھەققىدە رىسالە (ھەربىي قوشۇننىڭ قوماندانلىرى توغرىسىدا)]

65. «كەلام فى ئەل ـ مەئايىش ۋە ئەل ـ ھۇرۇب» (ھايات ۋە جەڭلەر ھەققىدە سۆز)

66. «كىتاب فى ئەت ـ تەئسىرات ئــەل ـ ئـۇلۇيــە» (ئالىي ـ يۇقىرى ئالەم جىسىملىرىنىڭ تەسىرى ھەققىدە كىتاب)

67. «مەقالە فى ئەل ـ جىھە ئەللەتىي ياسىھھـۇ ئــەلەيھۇ ئەل ـ قەۋىل بى ئەھكام ئەن ـ نۇجۇم»

(يۇلتۇزلار ھۆكمى — ئاسترونومىيە قانۇنلىرى جەھەتتىكى توغرا سۆزلەر ھەققىدە ماقالە)

68. «كىتاب بى ئەل ـ فۇسۇل ئەل ـ مۇنتــەززەتــى لــى ئەل ـ ئىجتىمائات» (ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن تاللانغان بابلار)

69. «كىتابى فى ئەل ـ ھىيەلى ۋە ئەن ـ نەۋەمىس» (ھىلىلەر، ھايا ـ نومۇسلار ۋە قانۇنلار ھەققىدە كىتاب)

70. «كەلام لەھۇفى ئەر ـ رۇيا» (چۈش ھەققىدە ئەبۇ ناسىرنىڭ سۆزى)

71. «شەرھى كىتاب ئەل ـ بۇرھان لى ئەرىستۇتالىس ئەلا تارىق ئەت ـ تەئلىق ئەملاھۇ ئەلا ئىبراھىم ئىبن ئەدىي تىلمىز لەھۇبى ھەلەب» (ئارستوتېلنىڭ «ئىسپات» — «ئىككىنچى ئانالىتىكا» كىتابىغا يېزىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەرھى كىتابى) بۇ ئەسەرنى ئەل ـ فارابى ھەلەبدىكى شاگىرتى ئىبراھىم ئىبن ئەدىي ئىلتىماسى بىلەن يېزىپ چىققان.

72. «كىتاب فى سىنائەت ئەل كىتابە» (يېزىق سەنئىتى ھەققىدە)

73. «كەلام لەھۇفى ئەل ـ ئىلىم ئەل ـ ئىلاھى» (ئەبۇ ناسىرنىڭ ئىلاھىيەت ھەققىدىكى سۆزلىرى)

74. «شەرھى ئەل ـ مەۋازى ئەل ـ مۇستەئىلە قەمن كىتاب قاتىغۇ. رىياس لى ئەرىستۇتالىس ۋە يۇرەفۇبى تەئىلىدىقات ئەل ـ ھەۋاشىي» (ئارىستوتېلنىڭ «كاتىگورىيە» ناملىق كىتابىدىكى ئېنىقسىز بولغان ماۋ. زۇلارغا شەرھى) بۇ، «ھاشىيىلەرگە پۈتۈلگەن تەئىلىقات» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر

75. «كەلام فى ئەزائى ئەل ـ ھەيۋان» (ھايۋانلارنىڭ ئەزا تۈزۈلۈشى ھەققىدە)

76. «كىتاب مۇختەسەر جەمئىي ئەل ـ كىتاب ئەل مەنتىقىيە» (مەنتىقىغە ئائىت بارچە پەلسەپە كىتابلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان)

77. «كىتاب ئەل مەدھەل ئىلە ئەل ـ مەنتىق» (پەلسەپەگە ئائىت مۇقەددىمە سۆزى ھەققىدە)

78. «كىتاب ئەت ـ تەۋەسسۇت بەينە ئەرىستۇتالىس ۋە جالىنۇس» (ئارىستوتېل ۋە گەلىن ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان كى. تاب)

79. «كىتاب غەرەز ئەل مەقۇلات» (بىر «جەۋھەر» ۋە «توققۇز كەڭلىك» كاتىگورىيىسىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە)

80. «كەلام لەھۇ فى ئەش ـ شېئىر ۋە ئەل ـ قاۋافىي» (ئەبۇ ناسىرنىڭ شېئىر ۋە قاپىيىلەر توغرىسىدىكى سۆزى)

81. «شەرھى كىتاب ئەل ـ ئىبارەتى لى ئەرىستۇتالىس ئەلا جىھەت ئەت ـ تەئلىق»

(ئارىستوتېلنىڭ «ئىبارە» كىتابىغا يېزىلغان شەرھى)

82. «تەئالىق ئەلا كىتاب ئەل ـ قىياس»

(ئارستوتېلنىڭ «ئەل قىياس» — «بىرىنچى ئانالىتىكا» كىتابىغا يېزىلغان شەرھىلىرى)

83. «كىتاب فى ئەل ـ قوۋۋە ئەل ـ مۇتەناھىيە ۋە غەير ئەل ـ مۇتەناھىيە» (چەكلىك ۋە چەكسىز قۇۋۋەتلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتاب)

84. «تەئىلىق لەھۇفى ئەن ـ نۇجۇم» [ئەبۇ ناسىرنىڭ يۇلتۇزشۇناسلىققا (ئاسترونومىيىگە) ئائىت كىتابى]

85. «كىتابى فى ئەل ـ ئەشيائىلەتى يۇختا جۇئەن تەئەللەمە قەبل ئەل ـ فەلسەفە» (پەلسەپەنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ھەققىدە)

86. «فۇسۇل لەھۇ مىمما جۇمىئەھۇ مىن كەلام ئەل ـ قۇدەمائى» (قەدىمكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن توپلانغان بىلىملەر)

87. كىتابى فى ئەغرازى ئەرىستوتالىس فى كۇللى ۋاھىد مىن قوتۇبىھى» (ئارستوتېلنىڭ تەپەككۇرىغا دائىر ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلار)

88. «كىتاب ئەل ـ ماقايىس» [مىقياسلار (ئۆلچەم) ھەققىدە]

89. «مۇختەسەر كىتاب ئەل ـ ھۇدا» (توغرا يول كۆرسىتىدىغان كىتاب) بۇ «كىتاب ئەل ـ ھۇدا» نىڭ قىسقارتىلمىسى

90. «كىتاب فى ئەل ـ لۇغەت (لۇغەت تىلى ھەققىدە كىتاب)

91. «كىتاب فى ئەل ـ ئىجتىمائات ئەل ـ مەدەنىيە» [شەھەر (مەدەنىي) جەمئىيەت توغرىسىدا]

92. «كەلام فى ئەئنا ھەرەكەت ئەل ـ فەلاق دائىما» (ئاسمان جىسىملىرىنىڭ دائىملىقى ھەققىدە)

93. «كەلام فىما يەسلەھۇ ئەن يەزۇمەل مۇئەددەجە» (ئىلىم، ئەدەب ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ خورلىنىشى ھەققىدە)

94. «كەلام فى ئەل ـ مەئالىق ۋە ئەل ـ جۇن ۋە غەير زالىكە» (مۇئەللەقتە كۆرۈنگەن نەرسىلەر، يەنى ئاسمان ۋە ئۇنىڭ ھاۋا رەڭلىكى ۋە باشقىلار ھەققىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



95. «كەلام لەۋازىم ئەل ـ فەلسەفە» (پەلسەپە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر)

96. «مەقالەفى ۋۇجوبى سەنائەت كىميا ۋە ئەر ـ رەدد ئەلا ئەل ـ مۇبتەلىها» (خىمىيە سانائىتىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە بۇ سانائەتنى يوققا چىقارغۇچىلارغا رەددىيە)

97. «مەقالە فى ئەغراز ئەرستۇتالىس فى ئەل ـ كۇللى مەقالە مىن كىتابىھى ئەل ـ مەۋسۇم بى ئەل ـ ھۇرۇف ۋە ھۇۋا تەھقىق غەرەرىھى فى كىتاب» — «مابەئىدە ئەت ـ تەبىئە» (ئارىستوتېلنىڭ «ھەرپلەر» دەپ ئاتالغان كىتابىدىكى ھەربىر ماقالىدىن كۆزلىگەن مەقسىتى ھەققىدە ماقالە، بۇ «مېتافىزىكا» مەقسەتلىرى ھەققىدە يېزىلغان تەقرىزلىرىدۇر)

98. «كىتاب فى ئەد ـ دە ئاۋي ئەل ـ مەنسۇبە ئىلا ئەرستۇتالىس مۇجەررەدەن ئەن بەيىنا تىھا ھۇججەتىھ» [(پەلسەپە ھەققىدە ئارىستوتېلغا ئىسپات بېرىلگەن دەئىۋالەر ھەققىدە كىتاب)، بۇ دەۋالار ئىزاھسىز بېرىلگەن، دەلىل كۆرسىتىلمىگەن]

99. «تەئالىق فى ئەل ـ ھىكمە» (ھىكمەتكە ئائىت ئىزاھاتلار)

100. «كەلام ئەملا ئەلا سايلىن سەلەھۇ ئەن مەنا زات ۋە مەنا جەۋھەر ۋە مەنا تەبىئە» (تەبىئەت ۋە شەيئىنىڭ ئەسلى ۋۇجۇدى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە)

101. «كىتاب جەۋامى ئەس ـ سىياسەت مۇختەسەر» (سىياسەت ھەققىدىكى توپلاملارنىڭ قىسقىچە كىتابى)

102. «كىتاب بەرمىنىيېر لى ئەرستۇتالىس» (ئارىستوتېلنىڭ «تەلقىن قىلىش»، «گېرمېنېۋتىكا» ئەسىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب)

103. «كىتاب ئويۇن ئەل ـ مەسائىل ئەلا رەبى ئەرستۇتالىس ۋە ھىيامىئا ۋە سىتتۇن مەسئەلاتان»

(ئارىستوتېلنىڭ پىكرىچە يۈز ئاتمىش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەسىلىلەر بۇلاقلىرى» كىتابى)

104. «كىتاب ئەل ـ مەدھەل ئىلە ئەل ـ ھەندەسىسە ئەل ـ

ۋەھمىيە مۇختەسەرۇن» (خىيالىي گېئومېتىرىيىگە كىرىش ھەققىدە قىسقىچە كىتاب)

105. «جەۋابات لى مەسائىل سۇيلە ئەنھا ۋە ھىيە سەلاكە ۋە ئىشرۇن مەسئەلە» (ئەبۇ ناسىر دىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن سورىغان سوئاللارغا جاۋابلار بۇ يىگىرمە ئۈچ مەسىلە)

106. «كىتاب ئەسناق ئەل ـ ئەشيا ئەل بەستە ئەللەتىي تەنقەسىم ئىلەيھا ئەل ـ قەزايافى جـەمئىـي ئـەس ـ سەنـائى ئەل ـ قىياسىيە» (بارلىق قىياس سەنئىتىدە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان كەڭ شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە)

107. «جەۋامى كىتاب ئەن ـ نەۋامىس ئەفلاتون» (ئەپلاتوننىڭ قانۇنلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى)

108. «كەلام مىن ئىملايىھى ۋە قەد سۇئىلە ئەماقالە ئەرستۇتالىس فى ئەل ـ هاررى» (ئىسسىق نەرسە ھەققىدە ئارىستوتېلنىڭ سۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا، فارابىنىڭ يازغان سۆزلىرى)

109. «تەلىقات ئەنالىتىقا ئەل ـ ئوۋلالى ئەرىستۇتالىس»

110. «كىتاب شەرائىت ئەل ـ يەقىن» (جەزىملەشتۈرۈش شەرتلىرى ھەققىدە كىتاب)

111. «رىسالە فى ماھىيەت ئەن ـ نەفىس» (نـەفىس ـ روھ ـ جاننىڭ ماھىيىتى ھەققىدە رىسالە)

112. «كىتاب سىمائى ئەت ـ تەبىئىي» (شەيئىلەر ھەققىدە تەبىئەت ماھىيىتىدىن ئاڭلاش مۇمكىن بولغان، يېزىپ ئىپادىلەشكە بولمايدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە)

113. «كىتابون فى ئىقسە ئىلـۇلـومـى ۋەتتـەرىپ» (ئىلىم ـ پەنلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇش ھەققىدە)

114. «كىتاب ئەغرازى فەلسەفەتى ئەپلاتون ۋە ئەرىستۇتالىس» (ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېل پەلسەپىلىرىنىڭ مەقسەتلىرى ھەققىدە كىتاب)

115. «ئەل ـ سەياسەتۇل مەدەنىيەت» (مەدەنىي سىياسەت ھەققىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



116. «ئەل ـ سىرەتۇ ئەل ـ فازىلەتى» (ئۇلۇغ ئەخلاق ھەققىدە)
117. «كىتابۇ ئەتتە ۋەتتەفى ئەل ـ مەنتىق» (پەلسەپەدە چۈشكۈنلۈك)
118. «ئىملائۇن فى مەئانى ئىساغوچى» («ئىساغوچى» نىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش)
119. «تەلىقات ئانالوتىقە ئەل ـ ئۇلا لى ئەرىستوتالىس» (ئارىستوتېلنىڭ لوگىكىسىغا ھاشىيە)
120. «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدا» (2)

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ئەبۇ ناسىر فارابى: «فازىل ئادەملەر شەھىرى» — ئابدۇللا قادىرى نامىدىكى خەلق مىراسى نەشرىياتى تاشكەنت 1993 ـ يىلى نەشرى.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىللىق 2 ـ سان.

## ئەمىن كىتابچىلىق نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

| | |
|---|---|
| 1. ئەدەب ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيىلەر | 12(يۈەن) |
| 2. خوتۇنلارغا 101 تەكلىپ | 12 (يۈەن) |
| 3. مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر | 25 (يۈەن) |
| 4. بىز ئۇنۇتقان ھېكايىلەر ـ (1 ـ 3) | 30 (يۈەن) |
| 5. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى | 34 (يۈەن) |
| 6. مۇسۇلمانلار دۇنياسى | 19.8 (يۈەن) |
| 7. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (1) | 22 (يۈەن) |
| 8. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (2) | 22 (يۈەن) |
| 9. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (3) | 22 (يۈەن) |
| 10. ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(1) | 22 (يۈەن) |
| 11. ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(2) | 22 (يۈەن) |
| 12. ئەتراپىمىزدىكى شىپالار | 12 (يۈەن) |
| 13. سەھىھ ھەدىسلەر | 13.5 (يۈەن) |
| 14. ئىسلامىيەتنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى | 18 (يۈەن) |
| 15. تالانتلىق بالا مۇنداق تەربىيىلىنىدۇ | 20 (يۈەن) |
| 16. بۈركۈت سايىسى | 15 (يۈەن) |
| 17. ئۆمۈرلۈك دەسمايە | 15 (يۈەن) |
| 18. سۆيگۈ ۋە قىساس | 13 (يۈەن) |
| 19. ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە | 18 (يۈەن) |
| 20. ئورۇقلاش جېڭى | 19.8 (يۈەن) |

www.uyghurkitap.com

21. ۋېناسچە ئىستىراتېگىيە 13 (يۈەن)
22. باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ 13 (يۈەن)
23. ئاياللار ئاجىزلىقى 16 (يۈەن)
24. ئەرلەر داۋائىي غىزالىرى 12 (يۈەن)
25. ئاياللار ۋە قان تىپى 7 (يۈەن)
26. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى 15 (يۈەن)
27. ئەرلەر دەستۇرى 17.6 (يۈەن)
28. سىز نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ قالدىڭىز 10 (يۈەن)
29. مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى 20 (يۈەن)
30. توزانلىق يوللار (پوۋېست) 10 (يۈەن)
31. كارل ۋېتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى 16.8 (يۈەن)
32. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆز ئەتراپى قورۇقىنى يوقىتىش 10 (يۈەن)
33. 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ (1 ــ 2) 32 (يۈەن)
34. ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك پەرھىزلەر (1، 2، 3، 4) 40 (يۈەن)
35. ئەرلەرگە 101 تەكلىپ 16 (يۈەن)
36. قىز ــ ئاياللار مەخپىيىتى 14 (يۈەن)
37. مىڭ دەردلەر دەۋاسى 15 (يۈەن)
38. لابى شاۋشىن (ياپونىيە باللار كارتون كىتابى) (32ـــ1) 196 (يۈەن)
39. ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش 16 (يۈەن)
40. ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى 12 (يۈەن)
41. ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان يېمەك ــ ئىچمەكلەر 12 (يۈەن)
42. «قارابادىن تاللانما رېتسېپلىرى» 14 (يۈەن)
43. قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە 19 (يۈەن)
44. ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش دەستۇرى 72 (يۈەن)